


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى
تەرىپىدىن سكاننېرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org





جۇڭگو ـ چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش

# ھۆكۈمدارلار دەستۇرى

نىكولو ماكىياۋېللى [ئىتالىيە]

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى



جۇڭگو ـ چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش



◎نىكولو ماكياۋىللى [ئىتالىيە]

# ھۆكۈمدارلار دەستۇرى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇقادىر جالالىددىن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

君王论：维吾尔文 / 马基雅韦利 [意大利] 著；阿布都卡德尔·加拉力丁译；— 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社:新疆电子音像出版社，2011.7
ISBN 978-7-80744-972-0

Ⅰ.君… Ⅱ.①马… ②阿… Ⅲ.故事-中国-当代-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.① G898.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第 035732 号

| | |
|---|---|
| 书　　名 | 君王论 |
| 作　　者 | 马基雅韦利 [意大利] |
| 翻　　译 | 阿布都卡德尔·加拉力丁 |
| 责任编辑 | 加沙热提·吾甫尔 |
| 责任校对 | 迪丽努尔·阿布都热合曼 |
| 封面设计 | 艾克拜·萨里 |
| 出　　版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 7 号 |
| 邮　　编 | 830011 |
| 发　　行 | 新疆新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 开　　本 | 880mm × 1230mm　1/32 |
| 印　　张 | 8.5 |
| 版　　次 | 2011 年 7 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2013 年 8 月第 1 次印刷 |
| 书　　号 | ISBN 978-7-80744-972-0 |
| 定　　价 | 30.00 元 |



## مۇندەرىجە

«ئوقۇ، كۆر، چۈشەن!» ........................................ 1
مۇئەللىپنىڭ شاھزادە لورېنزو مېدىچىگە يازغان مەكتۇپى ... 12
مىراسخورلۇق ياكى قورال كۈچى بىلەن زېمىنگە ئېرىشىش ... 15
مىزاندىن چەتنىمەسلىك: ھۆكۈمرانلىقنى ساقلاپ قېلىش سەنئىتى ............................................................ 17
ئىستېلا قىلىنغان رايوننى قانداق باشقۇرۇش كېرەك؟ ....... 20
ئېلىش بىلەن تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ قايسىسى تەس، قايسىسى ئاسان؟ .................................................................. 38
ئەركىنلىك ۋە تەرتىپ: ئىستېلاچىنىڭ دۈشمىنى ............. 43
ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تاجاۋۇزچىلىق قىلىش .................... 47
تەلەيلىكلەر ھوقۇقىنى قانداق مۇستەھكەملەيدۇ .............. 55
ۋەھشىيلىك بىلەن ھوقۇققا ئېرىشىش ........................... 70
قۇتلۇق چېۋەرلىك: ھۆكۈمدار ئۆزى بىلەن پۇقرالار ۋە ئۆزى بىلەن ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك؟ ................................................ 79
ھۆكۈمدار ئۆزىنىڭ ئاساسىنى قانداق قۇرۇشى كېرەك؟ ...... 86
دىنىي جەمئىيەت پادىشاھلىقى ..................................... 90
ئارمىيە ياللاش خەتەرلىكتۇر ...................................... 95
باشقىلارنىڭ ئارمىيەسىنى ئارىيەتكە ئېلىش — ئۆزىنىڭ پۇتىغا پالتا چاپقانلىق .................................................. 105




هەربىي مەسئۇلىيەت ھۆكۈمدارلارنىڭ ئەڭ زور ئىشى ....... 112

ھۆكۈمدار زۆرۈر بولغان يامانلىقلارنىمۇ قىلالىشى كېرەك ... 117

بېخىللىق دېگەن يامان ئاتاق سېنىڭ پەزىلىتىڭ بولسۇن ... 121

رەھىمدىللىك رەھىمسىزلىكتىنمۇ يامان ........ 126

ھۆكۈمدار شىردەك قەيسەر، تۈلكىدەك ھىيلىگەر بولۇشى لازىم ........ 133

مەنسىتمەسلىك ۋە غەزەپ - نەپرەتتىن قەتئىي خالىي بولۇش لازىم ........ 139

دۈشمىنىڭ بىلەن دوست بول ........ 157

ھۆرمەتكە ئېرىشىشنىڭ ئېپى ۋە دىپلوماتىيە تەدبىرلىرى ... 165

ۋەزىرلەر ھەققىدە ........ 172

پېتىدىن چۈشمەي تۇرۇپ نەسىھەت قوبۇل قىلىش ........ 175

دۆلىتىدىن ئايرىلىپ قالغان توخۇ يۈرەكلەر ........ 179

تەقدىر ئايالغا ئوخشايدۇ ........ 182

ئىتالىيەنى ياۋۇزلاردىن قۇتقۇزۇۋالايلى ........ 188

قوشۇمچە: ھازىرقى زامان ھۆكۈمدارلار دەستۇرى ........ 195

ماكياۋىللى پولىتىكىسى ھەققىدە خاتىرە ........ 197

ماكياۋىللى ۋە ماركس ........ 210

سىياسىنىڭ ئامىللىرى ........ 216

سىياسىي پارتىيە توغرىسىدا ........ 221

ئالدىن كۆرۈش ۋە ئىستىقبال ........ 234

ۋەزىيەت تەھلىلى، كۈچ نىسبىتى ........ 240

كىرىزىس دەۋرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدىكى قاراشلار ........ 255

بىيۇروكراتلار تەبىقىسى توغرىسىدا ........ 260

جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە سىياسىي ........ 263

رەھبەرلىك ھوقۇقى ۋە ھوقۇقنى تارقاقلاشتۇرۇش ........ 266

قانۇن نۇقتىئىنەزىرى ........ 268







## «ئوقۇ، كۆر، چۈشەن!»①

## كىرىش سۆز ئورنىدا

**1. ئىستراتېگىيەچى ماكياۋېللى**

كىشىلەر ماكياۋېللىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسىلا گويا ئالۋاستىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغاندەك، رەزىللىك ئەلچىسىنى كۆرگەندەك بولۇپ شۈركۈنۈپ كېتىدۇ. 15 — 16 - ئەسىر ئارىلىقىدا ئىتالىيەنىڭ فىلورېنسىيە دېگەن جايىدا ياشىغان بۇ بۈيۈك شەخس (1469 — 1527) رەزىل ئوبراز بىلەن باغلىنىپ كەتكەنىدى: رەزىل ھەم ياۋۇز، ئىككى يۈزلىمىچى، گېپىدە تۇرمايدىغان، مەقسىتىگە يېتىشتە ۋاستە تاللىمايدىغان... دېگەندەك بىر قاتار سەلبىي خۇسۇسىيەتلەر ماكياۋېللى دېگەن نام بىلەن قوشۇلۇپ، بىر سىمۋولغا ئايلانغانىدى. ئۇ بولسىمۇ، ماكياۋېللىزم.

ماكياۋېللى كۆرۈمسىز ئادەم ئىدى: پاكىنەك، يۈزىنىڭ كۆپتى كىچىك، زاڭاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، بۇرنى ئۈچلۇق

---

① «ئوقۇ، كۆر، چۈشەن!» — بۇ سۆز گوللاندىيەلىك پەيلاسوپ سپىنوزا (1632 — 1677)نىڭ سۆزى بولۇپ، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلار «رىكشى سۆز»نىڭ ئاخىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن. بىز ماۋزۇ سۈپىتىدە ئالدۇق — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.



بولۇپ، نېپىز كالپۇكلىرىدا ئېھتىياتچان، سىرلىق كۈلكە بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن بىلىملىك ئىكەنلىكى مەلۇم بولاتتى - يۇ، بىراق، ئۇ كىشىلەرگە روھىي قىياپىتىنى ئاشكا- رىلاشنى خالاپ كەتمەيتتى.

ماكياۋىللى 1469 - يىلى ئىتالىيەنىڭ فلورېنسىيە دېگەن يېرىدە سۇنغان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بالىلىق دەۋرىنى كوچا - كويلاردا ئۆتكۈزۈۋەتكەن. ئۇ 29 يېشىدا سىيا- سىي ھاياتقا قەدەم قويۇپ، فلورېنسىيەنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىككىنچى ۋەزىرىگە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن، ئۇ بۇ ئىشنى ئۇدا 14 يىل قىلغان.

ئۇ 14 يىل جەريانىدا ئەلەمدارلار ئارىسىدا ياشىدى، ھەر كۈ- نى ھۆججەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن ئاۋارە بولغاندىن باش- قا مەنمەنچى سىياسىيونلارغا مەسلىھەتمۇ كۆرسەتتى. ئۇ دانىش- مەن تىپلىق شەخس بولۇپ، ئۇ بەرگەن مەسلىھەتلەر ئۇنۇم بەر- گەچكە، سىياسىيونلار ئۇنىڭغا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى بېرىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا، ئەلچى بولۇپ يات ئەللەرگە بې- رىشقا قوياتتى. نەتىجىدە، ماكياۋىللى ھەر خىل كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتى، نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى، سىياسىي چۈشەنچىسى چوڭقۇرلاشتى.

شۇنىڭ بىلەن ماكياۋىللى غەرب دۇنياسىدىكى تۇنجى ئىستراتېگىيەچى بولۇپ قالدى. ئادەتتىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى سىياسىي ئويۇنىنىڭ ئۆزىگە قاراتقان بول- سا، ئۇ زۇلمەت ئىچىدىكى سۇس يورۇقلۇقنى كۆرۈپ، نەزىرىنى پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلاش ھەرىكەتلىرىگە چۈشۈردى. سىياسىي ھەرىكەت سائەتكە ئوخشاپ كېتەتتى، ماكياۋىللى ئۇنىڭ ماھىيى- تىنى بىلىش ئۈچۈن بۇ سائەتنى چۇۋۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇ-





رەككەپ قۇرۇلمىلارنى ۋە توختىماي ئايلىنىش پىرىنسىپىنى بايـ
قىماقچى بولاتتى.

بىر كىشى ئۇنى قاتتىق جەلپ قىلغانىدى، ئۇ ۋالېنتىنو كىنەزى چېسارى بورجىئا ئىدى. بۇ كىشى تۆرلۈك ھۈنەرنى ئىشقا سېلىپ، زېمىنلارنى ئاسانلا قولغا ئالاتتى. رەقىبىنى قەستلەيتتى، ۋەزىر ۋە ئەمەلدارلارنى سوتتىن پايدىلىنىپ ئۆلتۈـ
رەتتى، ئۆزىنىڭ قورال كۈچىنى تۈرغۇزۇپ، خەلقىنىڭ ئىشەنچىـ
سىنى قولغا كەلتۈرەتتى ـ دە، كۈچلۈك، بىرلىككە كەلگەن دۆـ
لەتنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشاتتى. ماكياۋىللى ئۇنى ھەدەپ مەدھىيەلىدى، ئۇنى يېڭى ھۆكۈمدارلارنىڭ نەمۇنىسى دەپ مۇئەيـ
يەنلەشتۈردى. ئۇنىڭچە، بورجىئا ھوقۇق ئويۇنىنى ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك يالىڭاچ نامايان قىلىپ كۆرسىتەلىگەنىدى.

ماكياۋىللى ھوقۇق سەنئىتىنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى، پەردە ئارقىسىدا پائالىيەت قىلىپ دۆلەت باشقۇرۇشنى بىلدى. ھوقۇقنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ رەڭۋازلىقىنى ھېچكىم ئۇنىڭدەك چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەنىدى. رەھىمسىز سىياسىي رېئاللىقنىڭ ۋۇجۇدىدىكى دىن ۋە غايىدىن تىكىلگەن چىرايلىق لىباسلارنى ئېلىۋېتىپ، يالىڭاچ پېتى كۆرسىتىش تەشنالىقى ماكياۋىللىنىڭ قەلبىدە لاۋۇلداپ ياناتتى.

ئۇ ئاخىر پۇرسەتكە ئىگە بولدى. بۇ پۇرسەت 1512 ـ يىلى ئۇ خىزمىتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن كەلدى. مېدىچى ھاكىمىـ
يىتى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇ سىقىپ چىقىرىلدى ـ دە، بىر مەزگىللىك ئۈۋاللىقتىن كېيىن فىلورېنسىيە ئەتراپىدىكى بىر يېزىغا كەتتى. بىز كىتابخانلارغا سۇنۇۋاتقان بۇ كاتتا ئەسەر ئىككىنچى يىلى دۇنياغا كەلدى. ئاشۇ كۆڭۈلسىز مەزگىللەردە بۇ كىتاب مۇئەللىپ ئۈچۈن ئېيتقاندا زور تەسەللى بولدى. 1527 ـ



يىلى ماكياۋېللى مانا مۇشۇ يەردە ۋاپات بولدى. ئۇ «ئۇرۇش سەنئىتى»، «ماقالىلەر»، «فلورېنسىيە تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ۋە بىر قىسىم دىراما، شېئىر، ھېكايىلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى.

**2. «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» دۇنيانى قانداق زىلزىلىگە كەلتۈردى؟**

«ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» ھېلىمۇ بۈگۈنكى غەرب ئىدىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مەشھۇر ئون ئەسەرنىڭ بىرىدۇر. بەلكىم، ماكياۋېللى بۇنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان بولغىيدى. ئۇ ئەسلىدە بۇ ئەسەرنى ئەينى دەۋردىكى فلورېنسىيە ھۆكۈمرانى كىچىك لورېنزو مېدىچىگە تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭ خىزمەتكە تەكلىپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلىغانىدى. لېكىن، مېدىچى ئۇنىڭغا سەل قارىدى. ئەكسىچە، بۇ كىتابنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىلىرى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالدى.

«ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»نىڭ نامىنى چىقارغان نەرسە زادى نېمە؟ ئۇزۇپ ئېيتقاندا، بۇ نەرسە دەل كىتابنىڭ ھەربىر قۇرىدىن ئايان بولۇپ تۇرغان سىياسەت رېئالىزم روھىدىن ئىبارەت.

ئۇنىڭدىن بۇرۇن، غەربتە سىياسىي رېئاللىققا ھېچكىم ئۇنىڭدەك توغرا قارىمىغانىدى، بەلكى پانىي دۇنيادىكى سىياسىي ئىشلار ئادەمنىڭ نەزىرى بىلەن قارالماي، ئىلاھىيەت، مېتافىزىكا ۋە غايىچىلىك بىلەن كۆمۈۋېتىلگەنىدى. ماكياۋېللى سىياسەتنىڭ چۈمبىلىنى دادىللىق بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى.

ماكياۋېللى كىشىلەردىن قىلچە يوشۇرماستىن: سىياسەت دېگەن ئىپلاس، ياۋۇز، زۇلمەتلىك نەرسە، ھۆكۈمدارلارنىڭ ئالىي نىشانى ھوقۇققا ئېرىشىش ۋە ئۇنى قوغداش، بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئۇلار ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ. تاللىغان ۋاستە ئەخلاققا زىت كېلەمدۇ - كەلمەمدۇ، بۇنىڭ بىلەن كارى يوق،

دېدى.

ئۇ ھۆكۈمدارلارغا يامانلىقنى قاملاشتۇرۇپ قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدى. «چۈنكى، ئادەم ھەرقانداق ئىشتا پاك ـ دىيانەتلىك بولىمەن دەپ تۇرۇۋالسا، ئۇ رەزىل كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ياشاش جەريانىدا ھالاك بولماي قالمايدۇ.» دېدى.

ئۇ يامان ۋاسىتىلەرنى جانلىق قوللىنىپ، پۇقرالارغا بەخت كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدى. چۈنكى، ئۇنداق قىلغاندا، ئۇنىڭ زىيىنى ئاز سانلىقلارغىلا بولاتتى. شۇنداق قىلالىغانلار «قالايمىقانچىلىق، قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق قاتارلىق قىلمىشلارنى كۆرۈپ كارى بولمايدىغان ئاتالمىش رەھىمدىللەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ رەھىمدىل ھېسابلىناتتى.»

بىز ھەمىشە تىلغا ئالىدىغان «شىردەك قەيسەر، تۈلكىدەك ھىيلىگەر» دېگەن ئىبارە قولىمىزدىكى كىتابتىن كەلگەن. ماكياۋىللىنىڭ قارىشىچە، ئادەم ئاشۇ ئىككى خىل خىسلەتنى تەڭ يېتىلدۈرگەندىلا ۋە ئۇنى كېلىشتۈرۈپ ئىشقا سالغاندىلا ئۆزىنىڭ تىلىكىگە يېتەلەيتتى.

ئۇ مۇنداق دېگەن:

«پىشقان ھۆكۈمدار ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشى، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيانلىق بولغان شارائىتتا ھەرگىزمۇ ۋەدىسىدە تۇرماسلىقى كېرەك؛ ۋەدىدە تۇرۇشنىڭ شەرت ـ شارائىتى يوقالغان چاغدا ئۇ ۋەدىدە تۇرۇشتىن گەپ ئاچماسلىقى كېرەك.»

ئۇ ئېيتىدۇكى: «ئاق كۆڭۈللۈك، سېخىيلىق، ۋاپادارلىق قاتارلىق خىسلەتلەر بىر ھۆكۈمدار ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ كېتىشى ناتايىن، ئەمما ھۆكۈمدار باشقىلارغا ئەنە شۇ خىسلەتلەرنىڭ ئىگىسىدەك كۆرۈنۈشى كېرەك، شۇنىڭدەك «ھۆكۈمدار ئۆزىنىڭ ياۋۇز تەبىئىتىنى قانداق نىقابلاشنى بىلىشى كېرەك ۋە ئۇلۇغ



ساختىپەز، ئۇلۇغ مەككارغا ئايلىنىشى كېرەك.»

ماكياۋىللى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ رەزىل تەرەپلىرىگە تېخىمۇ ئېچكىرىلىدى:

«كىشىلەرنىڭ مۈلكىگە تەگمە. چۈنكى، كىشىلەر دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ - يۇ، مال - مۈلكىنى تارتىۋالغان ئادەمنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ.»

يۇقىرىقىدەك يالىڭاچ، ئۇدۇل گەپلەر مەزكۇر كىتابتا كۆپ ئۇچرايدۇ. ماكياۋىللى كىشىنى شۇركەندۈرىدىغان ئوپېراتسىيە پىچىقى بىلەن سىياسەت دېگەن نەرسىنىڭ ئىچ - باغرىنى يېرىپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ ۋە ئەيمەندۈرىدۇ. كىتابتىكى ھوقۇق ئويۇنىغا دائىر پىرىنسىپلارنى چۈشەنگەن كىشىلەر ماكياۋىللىنىڭ سوغۇققان ئەقىل - پاراستىنى ماختايدۇ، كىتابنى پەرىشتىلەرنىڭ ئاۋازى دەپ چۈشىنىدۇ، سىياسەتنىڭ پەسكەشلىكى ۋە ياۋۇزلۇقىغا دائىر بايانلارنىلا چۈشەنگەن يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر: «ماكياۋىللى ئەخلاقنى دەپسەندە قىلدى، ئۇنىڭ كىتابى ئىبلىسنىڭ خىتابى» دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئومۇمەن، بۇ كىتاب ماكياۋىللىنى يۇكسەك ماختاش ۋە زەھەرخەندە ئەيىبلەشلەرگە مۇيەسسەر قىلدى.

**3. «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»نىڭ تەسىرى زادى قانچىلىك؟**

«ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» دۇنياغا كەلگەن 500 يىلدىن بېرى چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى. «بىبىجىك كەچلىك گېزىتى»نىڭ يېقىنقى خەۋىرىگە قارىغاندا، «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» بىلەن «كومپارتىيە خىتابنامىسى» ئەنگلىيەدە ئەڭ بازار تاپقان سىياسىي كىتابلاردىن ئىكەن.

بۇ كىتاب ئىلاھىي سىياسەتكە تۈپتىن زىت بولغاچقا، نەشر قىلىنغاندىن كېيىن دىنىي جەمئىيەتنىڭ قاتتىق تەنقىدىگە



# ھۆكۈمدارلار دەستۇرى

ئۆچۈردى. 1557 ـ يىلى پاپا پائۇل Ⅳ بۇ كىتابنى چەكلىنىدىغان كىتابلار تىزىملىكىگە كىرگۈزدى. بىراق، رىم دىنىي جەمئىيىتىدىن كېلىپ چىققان نۇرغۇن ھۆكۈمدارلار ماكياۋېللى تەلىماتىنىڭ يوشۇرۇن ئەگەشكۈچىلىرىگە ئايلىنىپ كەتتى.

ماكياۋېللىنىڭ ئوبرازى ئەنگلىيە دودو سۇلالىسى دەۋرىدىكى تىياتىرچىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئىگىلىدى. شېكىسپېرنىڭ «ئوتېللو» ناملىق ئەسىرىدىكى قارا نىيەت، ھىيلىگەر ئىگو ئوبرازى دەل ماكياۋېللىدىن كەلگەن. ئەينى دەۋردىكى تىياتىرچىلار ئۇققىلى بولمايدىغان، قارا نىيەت ۋە ھىيلىگەر، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، ئىككى يۈزلىمچى خاراكتېرلىك مۇشۇنداق ئوبرازلارغا مەستانە بولۇشاتتى...

ماكياۋېللى 17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردە ئولىگارخ ھۆكۈمەتنىڭ تەنقىد ئوبيېكتىگە ئايلاندى. ماكياۋېللى سىياسەتنىڭ چۈمبەردىسىنى قايىرىپ تاشلاپ، ھۆكۈمدارلارنىڭ نوپۇزى كەينىدىكى رەڭۋازلىقنى كەم ـ كوتىسىز يېيىپ ئاشكارا قىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆچمەنلىككە يولۇقتى. ئولىگارخ ھۆكۈمەت (ھوقۇق ئاز سانلىقلارنىڭ قولىدا بولىدىغان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت) ماكياۋېللىنى سېستىپ، ئۆزلىرى يولغا قويغان سىياسەتنى پاك قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولدى. ئۇ چاغلاردا بىرەر ھۆكۈمدارنى سېستىماقچى بولغانلار ئۇ ماكياۋېللىنىڭ پرىنسىپى بويىچە ئىش تۇتۇۋاتىدۇ، دەيلا قويسا كۇپايە بولاتتى.

پرۇسىيە ئىمپېراتورى فرىدرىخ ئەڭ كۈلكىلىك ئىدى. ئۇ ياش ۋاقتىدا ماكياۋېللىنى تەنقىد قىلغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتى ماكياۋېللى ئېيتقان يول بويىچە ئىش تۇتقانلىقىنى دەلىللىدى.

بۇ ئىمپېراتورنى فرانسىيەنىڭ مەشھۇر مەرىپەتچى مۇتە-



پەككۇرى ۋولتېر مۇنداق مەسخىرە قىلغان:

«ئەگەر، ماكىياۋېللى بىرەر ھۆكۈمدارنى ئۆزىنىڭ مۇخلىسىغا ئايلاندۇرماقچى بولسا، ئۇ بۇ ھۆكۈمدارنى ماكىياۋېللىغا قارشى تۇرىدىغان بىر پارچە كىتاب يېزىشقا ئۈگىتىدۇ».

19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ماكىياۋېللى «ئاقلاندى»، كىشىلەر ئۇنىڭ قىممىتىنى يېڭىباشتىن بايقىدى. فىخت بىر يۇرۇش تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۇنىڭ شەنىگە بېغىشلىغانىدى. ئىلىم ساھەسىدىكى يەنە بىر گىگانت شەخس گېگېل ماكىياۋېللى تەلىماتىغا ئىخلاس قىلىپ «دۇنيا تارىخىنىڭ جەريانى ئەخلاق، مەسئۇلىيەت ۋە ئادالەتنىڭ سىرتىدا.» دەپ خۇلاسە چىقاردى. ئۇلار ماكىياۋېللىنىڭ ۋۇجۇدىدىن مىللىي ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى تېپىشقانىدى:

ئۇيۇشقاقلىقنى تەكىتلەش، ئۆز پايدىسىنى كۆزلەش، سىياسىي ھاياتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، دۆلەت ئىشلىرىدا يوللۇق بولغان پۇرسەتپەرەسلىكنى ئىشقا سېلىش، دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا رېئالىزمچى بولۇش.

ماكىياۋېللى شۇ ئارقىلىق چاقىرىق كۈچى زور بولغان شەخسكە ئايلاندى. گىتلېرمۇ بۇ نۇقتىدىن پايدىلانغان، ئۇ ماكىياۋېللىنى مەشھۇر گېرمان كومپوزىتورى ۋاگنىر بىلەن بىر قاتارغا قويۇپ، ئىدىيەسىگە تەسىر كۆرسەتكەن كىشىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە تەرىپلىگەن. گىتلېرنىڭ ياستۇقى ئاستىدىن «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» دېگەن بۇ كىتابنى ھەمىشە تاپقىلى بولاتتى.

«ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» يۇرتى ئىتالىيەدە، موسسولىن تەختكە چىققاندا، فاشىست ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن كۆپلەپ نەشر قىلىنىپ، موسسولىنىغا تەقدىم قىلىنغان. مانا بۇ ماكىياۋېللىغا قىلىنغان ھاقارەت ۋە خورلۇق.





**4. تەرتىپلەش قىيىن بولغان كىتاب**

ياخشى ـ يامان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۈبھىسىزكى، «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» دېگەن بۇ كىتاب دۇنيادىكى كىتابلار ئىچىدە مۇنازىرە كۆپ بولغان كىتابلارنىڭ بىرىدۇر.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ماكياۋىللى «ھۆ- كۈمدارلار دەستۇرى» ئارقىلىق ھوقۇق پرىنسىپلىرىغا قارىتا دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئويغاتتى، ھوقۇق پرىنسىپلىرىنىڭ ۋاسى- تە سۈپىتىدە سىياسىي ھاياتتا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدى- غانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. شۇڭلاشقا، ئىمپېراتور فرېدرىخ، ناپولېئون، بىسمارك، كېرىمىنسو، موسسولىن، گىتلېر قاتار- لىقلار ئۇنىڭ بۇ كىتابىنى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىشقان.

يۇقىرىقىلاردەك سەۋەبلەر بىلەن ماكياۋىللى غەرب سىياسى- يونلىقىنىنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتالدى. بىراق، بۇ ھوقۇقۋازلىقنى ماكياۋىللى ئۆزى بىر قوللۇق ياراتقان ئوخشايدۇ، دېگەن خاتا تو- نۇشنى پەيدا قىلىدۇ. مۇشۇ خىل خاتا تونۇش سەۋەبلىك، كىشى- لەر نۇرغۇن سورۇنلاردا سىياسەتنىڭ ياۋۇزلۇقى ۋە ئىپلاسلىقىنى ماكياۋىللىغا ئارتىپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشىدۇ.

نۇرغۇن ئەھۋالدا، بىز ماكياۋىللىنىڭ تەسۋىرلىرىنى ئوب- يېكتىپ ئەمەلىيەت دەپ قاراپ قالغاچقا شۇركۈنۈپ كېتىمىز. مەسىلەن، سىياسىي، سودا ۋە خۇسۇسىي تۇرمۇشتا كىشىلەر كەسپىي ئەخلاق بويىچە ئىش قىلمايدۇ دەپ ئويلاش، رەھبەرلەر شەپقەتسىز ۋە ھوقۇقپەرەس كېلىدۇ دەپ ئويلاش، دېموكراتىك تۈزۈم شارائىتىدىمۇ كىشىلەر ئوخشاشلا باشقىلارنىڭ كونترول قىلىشىغا ۋە ئەخمەق قىلىشىغا ئۇچرايدۇ دەپ قاراش، ئالداش ۋە شەپقەتسىزلىك بىزنىڭ يېنىمىزدا ھەمىشە ئەگىپ يۈرىدۇ دەپ



قاراش ۋە باشقىلار.

بىز شۇنى پەرقلەندۇرۇشىمىز كېرەككى، غايە ۋە ئەخلاق سىياسىي ھاياتتا پىرىنسىپتەكلا مۇھىم، بىراق ئۇلارنىڭ تاكتىكا سۇپىتىدىكى رولىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. غەلىبە قىلغان سىياسىيونلارنىڭ ھەممىسى سەنئەتكاردۇر. ئۇلار ئامىمنىڭ كەيپىياتىدىكى ئىنچىكە ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلىدۇ. ھەربىر سەۋەبلىرىنىڭ پەرقلىرىگە دىققەت قىلىدۇ، رەقىبىنىڭ تاكتىكا ماھارەتلىرىنى پەرەز قىلىدۇ، باشقىلارغا يول قويۇشنى بىلىدۇ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈرۈشنى بىلىدۇ... ۋەھاكازالار. ئەخلاقشۇناسلار كىشىلەرگە ئەخلاقىي پىرىنسىپلارنى ئوقۇشلۇق ھالدا ئېلىپ كېلەلىسىمۇ، ئەمما ئۇلار سىياسىيونلارغا خاس غەلىبىگە زادىلا ئېرىشىپ باقمىدى. ئۇلار ھوقۇقتا ئېرىشكەندىن كېيىن ھوقۇق بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، تىرىشىپ يەتمەكچى بولغان نىشانىغا يېتەلمەيدۇ. دۇنيادا بۇزۇش ئىقتىدارى ئەڭ چوڭ كىشىلەر مۇنداق بولىدۇ: ئۇلار ئۆزى ياقلىغان نەرسىنى ئەخلاقىي پىرىنسىپ يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرىدۇ، ئاندىن بۇ پىرىنسىپلارنى باشقىلارغا چاندۇرماي سىڭدۇرۇۋېتىدۇ.

ماكياۋىللى تاش يۈرەك رېئالىزمچى، ئۇ غايە بىلەن رېئاللىقنىڭ پەرقىنى چۈشەنگەن، ياشاش غايىسى بىلەن ياشاش ئۇتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرۈپ يەتكەن. ئۇ ئەخلاقشۇناسلار بىلەن غايىچىلەرنىڭ چىرايلىق چۈمبەردىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇلارغا بولغان مەنسىتمەسلىك ئىدىيەسىنى نامايان قىلدى.

ماكياۋىللى ئىقتىساد شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان بولسىمۇ ئىتالىيە پارچە ـ پارچە ھالەتتە تۇرۇۋاتقان دەۋردە ياشىدى. ئۇ بىرلىككە كەلگەن، قۇدرەتلىك ئىتالىيەنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ ئارزۇسىدىكى بۇنداق ئۇلۇغۋار-





لىق ئۇ تەشەببۇس قىلغان ۋاستىلەرنىڭ ئەخلاقىقا يات تەرىپىنى مەلۇم دەرىجىدە ئاقلىسا كېرەك. كېسىپ ئېيتقاندا، بۇ ھەركىم ئۆز ھالىغا يارىشا ئەقىل تاپىدىغان كىتاب. نۇقتىئىنەزەر جەھەتتىكى ئوخشىماسلىق، چۈشىنىش جەھەتتىكى ياتلىق بۇ كىتابىنىڭ سېھرىي كۈچىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. بۇ زادى قانداق كىتاب، بىز بۇنىڭغا سپىنوزانىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن جاۋاب بېرىمىز:

«ئوقۇ، كۆر، چۈشەن!»







## مۇئەللىپنىڭ شاھزادە لورېنزو مېدىچى[1]گە يازغان مەكتۇپى

▲ مېنىڭ پادىشاھقا تەقدىم قىلىدىغىنىم ساداقەتتۇر. مۇلۇكلىرىم ئىچىدە، ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ قىممەتلىك نەرسەم ئۇلۇغلارنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە بىلىمى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەردۇر.

▲ پادىشاھ ئاۋامنىڭ مىجەز - خۇلقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن بولىدۇ، ئاۋاممۇ پادىشاھنىڭ مىجەز - خۇلقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن بولۇشى كېرەك.

پادىشاھنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىشنى ئويلايدىغان كىشى شۇنداق چارىنى ئىشقا سالىدۇ: ئۇ ئۆزى ئەڭ قىممەتلىك دەپ قارايدىغان نەرسىنى ياكى پادىشاھلار ئىنتايىن ياقتۇرىدۇ دەپ ئويلىغان نەرسىنى پادىشاھقا تەقدىم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز كىشىلەرنىڭ ھەمىشە ئات، ياراغ، زەر كىيىم، جاۋاھىر ۋە پادىشاھلارنىڭ بۈيۈك سەلتەنىتىگە مۇناسىپ كېلىدىغان زىبۇ - زىننەت قاتارلىق ئاتالمىش قىممەتلىك بۇيۇملارنى پادىشاھلارغا

[1] لورېنزو مېدىچى (1492 — 1519) كىچىك لورېنزو دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ مېدىچى جەمەتىنىڭ كاتتىبېشى.



## ھۆكۈمدارلار دەستۇرى

ھەدىيە قىلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. لېكىن، مەن ئۇنداق كىشىلەرگە ئوخشىمايمەن. مېنىڭ پادىشاھقا تەقدىم قى-لىدىغىنىم ساداقەتتۇر. ماڭا مەنسۇپ نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئۇلۇغلارنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە بىلىمى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەردۇر. بۇ چۈشەنچىلەر زامانىمىز-دىكى ھەر خىل چوڭ ۋەقەلەر ۋە بۇرۇن يۈز بەرگەن تارىخىي ۋە-قەلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ بارغان تەتقىقات، شۇنداقلا ئۇزاق يىل-لىق سەرگۈزەشتىمدىن كەلگەن.

مەن ئۇشبۇ نەتىجىلەرنى بىر كىتابچە قىلىپ ئالىيلىرىغا سۇنماقچىمەن. گەرچە، بۇ كىتاب ئالىيلىرىغا ئانچە ئەرزىپ كەت-مىسىمۇ، ئۇزاق يىللار مابەينىدە ئىجتىھات بىلەن توپلىغان بى-لىملىرىم ئالىيلىرى تەرىپىدىن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە چۈ-شىنىپ يېتىلىسە، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئەڭ كاتتا سوۋغاتتۇر. مەن بۇ كىتابنىڭ ئالىيلىرىنىڭ غەمخورلۇقىدا ئىلتىپاتقا نائىل بو-لۇشىغا چوڭقۇر ئىشىنىمەن.

كىتابنى يېزىش جەريانىدا بەزىلەردەك ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەز-رىنى شەرھلەش ئۇستىدە ھەدېسىلا ئاتالمىش ھېكمەتلىك سۆز-لەر ۋە ئىبرەتلىك جۈملىلەرنى، پاساھەتلىك تىللارنى قوللىنىپ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشتىن ساقلاندىم. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈن-كى، مېنىڭ يازغانلىرىم ھېچقانداق شان - شەرەپ ۋە ماخ-تاشلارغا ئېرىشمەيلا قالسۇن، ئەگەر ئېرىشىشكە توغرا كەلسە، دەبدەبىلىك سۆلىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى مەزمۇنىنىڭ ئىجادىي-لىقى، نۇقتىئىنەزرىنىڭ مۇھىملىقى بىلەن ئېرىشسۇن.

بۇ كىتابنى ئالىيلىرىغا سۇنۇشتا، پېقىر شۇنى مەقسەت قى-لىدۇ: مېنىڭچە، گەپ - سۆزى بىنەزەر ئاددىي بىر كىشى شاھلارغا مەنسۇپ بولمىش دۆلەت ئىشلىرىنى مۇتالىئە قىلىشقا



جۇرئەت قىلسا، بۇنى ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىش دەپ
قارىماسلىق كېرەك. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: مەنزىرە
سىزىدىغان رەسسام چوققىلار ۋە ئېگىزلىكلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە
ئالاھىدىلىكىنى پەستە تۇرۇپ كۆزەتكەندەك، پەسنىڭ ماھىيىتى
ۋە ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنى چوققىلاردا تۇرۇپ
كۆزىتىپ بىلگەندەك، پادىشاھ ئاۋامنىڭ مىجەز - خۇلقىنى چوڭ-
قۇر چۈشەنگەن بولۇشى، ئاۋاممۇ پادىشاھنىڭ مىجەز - خۇلقىنى
چوڭقۇر چۈشەنگەن بولۇشى كېرەك.

شۇڭا، پېقىرنىڭ بۇ ئەرزىمەس سوۋغىسىنى قوبۇل قىلغايلا!
ئەگەر، بۇ كىتابنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقسىلا، ئالىيلىرىغا
بولغان ساداقىتىمنى چوقۇم چۈشىنىپ يېتىدىلا: مۇراد - مەق-
سەتلىرىگە يېتىشتە تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئۆزلىرىگە پاناھ بولۇشى-
نى تىلەيمەن.

كەمىنىلىرى چوڭقۇر ئىشىنىدۇكى، ھامان بىركۈنى ئۆزلى-
رى تۇرغان ھەيۋەت چوققىدىن پەسكە نەزەر تاشلىغانلىرىدا، پې-
قىرنىڭ بەختسىزلىكىنى ئىپادىلەپ بولغۇسىز كۆلپەتلەرگە يو-
لۇققانلىقىنى ھېس قىلالايلا!







## مىراسخورلۇق ياكى قورال كۈچى بىلەن زېمىنگە ئېرىشىش

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە دۆلەتتىن ئىبارەت ھۆكۈمرانلىق
قورالى پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئىنسانىيەتكە ھۆكۈمرانلىق
قىلغان دۆلەت ۋە ھاكىمىيەتنىڭ تىپلىرى پەقەتلا ئىككى خىل
بولۇپ كەلدى: جۇمھۇرىيەت ياكى پادىشاھلىق. بۇلاردىن بىرى
مەۋجۇت بولمىسا چوقۇم يەنە بىرى مەۋجۇت بولىدۇ. پادىشاھلىق-
مۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، مىراسخورلۇقتىن كەلگەن پادى-
شاھلىق. يەنە بىرى، يېڭىباشتىن قۇرۇلغان پادىشاھلىق.
مىراسخورلۇقتىن كەلگەن پادىشاھلىقتا مۇئەييەن جەمەتنىڭ ئا-
دەملىرى ياكى ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ ۋە ئەۋلادلىرى
مىراسخورلۇق يولى بىلەن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ پادىشاھ بو-
لىدۇ. يېڭى قۇرۇلغان پادىشاھلىقمۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى،
ئىتالىيەدىكى فرانسېسكو سفورزا [1] قۇرغان مىلان كىنەزلىكىگە
ئوخشاش پۈتۈنلەي يېڭى پادىشاھلىق، يەنە بىرى، مىراسخورلۇق-
تىن كەلگەن پادىشاھلىق، تاجاۋۇز قىلىپ ئىگىلىۋالغان قارام

---

① فرانسېسكو سفورزا (1401 — 1466) مىلان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياللانما ئار-
مىيە كاتتىبېشى ئىدى. ئۇ كېيىن ھەربىي ئۆزگىرىش ياساپ، مىلان كېڭىشىنى كى-
نەز دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلىغان.

ئەل مۇستەملىكە (مەسىلەن، ئىسپانىيە پادىشاھلىقى ئىگىلىۋالغان) ناپلېس دۆلىتى[1] شەكلىدە بولىدۇ. تاجاۋۇز قىلىپ ئېرىشكەن دۆلەتنىڭ خەلقى بىر بولسا بۇرۇندىنلا مۇئەييەن بىر پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا كۆنگەن بولىدۇ ياكى بۇرۇندىنلا ئەركىن دۆلەت بولۇپ، كېيىن تاجاۋۇزچىلىقتا ئۇچراپ ئەركىنلىكىنى يوقاتقان بولىدۇ. بىراۋنىڭ تاجاۋۇز ئارقىلىق باشقىلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بىر بولسا ھۆكۈمرانلار باشقىلارنىڭ قورال كۈچىگە تايىنىدۇ. بىر بولسا ئۆزىنىڭ قورال كۈچىگە تايىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سەۋەب بار دېيىلسە، ئۇ پادىشاھنىڭ تەلىيى ۋە ئۆزگىچە ئىقتىدارىدىن كەلگەن بولىدۇ.



① ناپلېس دۆلىتى — 15 - ئەسىردىكى ئىتالىيە يېرىم ئارىلىدىكى بەش دۆلەتنىڭ بىرى.



## مىزاندىن چەتنىمەسلىك: ھۆكۈمرانلىقنى ساقلاپ قېلىش سەنئىتى

▲ مەلۇم نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇ ئادەتتىكى پادىشاھ بولغان تەقدىردىمۇ، ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش مىزاندىن چىقىپ كەتمىسىلا ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قالالايدۇ. پەۋقۇلئاددە زور بىر كۈچنىڭ ئۇنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىشى ئايرىم ئەھۋالدۇر.

بۇ يەردە مەن جۇمھۇرىيەتنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشى توغرىسىدا سۆزلىمەكچى ئەمەسمەن. ئۇ مەسىلىلەر ھەققىدە باشقا ئەسەرلىرىمدە توختىلىپ ئۆتكەنمەن[1]. تۆۋەندە مەن دىققەتنى پادىشاھلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاۋۋالقى مەزمۇندا دېيىلگەن ئەھۋاللار بويىچە مىراسخورلۇقتىن كەلگەن ھەر خىل پادىشاھلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئۇسۇلى ھەققىدە توختىلىمەن.

بىرىنچى، مېنىڭ قارىشىمچە، ئەگەر كىشىلەر جەمەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئادەتلەنگەن بولسا، ئۇنداقتا، بۇ خىل مىراسخورلۇق پادىشاھلىقىنى ساقلاپ قېلىش

---

① ماكىياۋېللىنىڭ «لىۋىنىڭ ‹رىم تارىخى›نىڭ ئالدىنقى ئون تومى ھەققىدە» دې-گەن ئەسىرى كۆزدە تۇتۇلغان.

يېقىنباشتىن تىكلەنگەن پادىشاھلىقنى ساقلاشقا قارىغاندا كۆپ ئاسان. نېمە ئۈچۈن؟ مىراسخور پادىشاھ ئەجدادىدىن قالغان مۇقەددەس مىزانغا خىلاپلىق قىلمىسىلا، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتالايدۇ. شۇ ئارقىلىق پادىشاھ ئۆزىنىڭ نورمال ھاكىمىيىتىنى قوغداپ قالالايدۇ؛ مۇئەييەن نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇ ئادەتتىكى پادىشاھ بولغان تەقدىردىمۇ، مىزانىدىن چىقىپ كەتمىسىلا ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قالالايدۇ، پەۋقۇلئاددە زور بىر كۈچنىڭ ئۇنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىشى بولسا ئايرىم ئەھۋالدۇر. ناۋادا، شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغۇچى بىرەر پالاكەتكە يولۇققۇچە قالسىلا، ئەسلىدىكى پادىشاھ ھاكىمىيىتىنى تىرىلدۈرەلەيدۇ.

مەن يۇقىرىقى قائىدىنى ئىتالىيەدە يۈز بەرگەن بىر ئىش ئارقىلىق ئىسپاتلايمەن. ئىتالىيەدە كىنەز فېررارا[1] دېگەن بىرى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ 1481 ـ يىلى ۋېنتسىيەلىكلەرنىڭ تاجاۋۇزىنى تارمار قىلغان، كېيىن 1510 ـ يىلى پاپا جۇلىئو[2]نىڭ ھۇجۇمىنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن توستى. فېررارا جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرازلىق تارىخى ئۇزۇن، يىلتىزى چوڭقۇر بولغاچقىلا شۇنداق بولغان. ئۇ مىراسخور پادىشاھ بولغانلىقى ئۈچۈن خەلقنىڭ غەزىپى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاسان قوزغالمايدۇ. خەلقنىڭ ئۇنى ھىمايە قىلىشى ناھايىتى تەبىئىيدۇر. ئومۇمەن، پادىشاھ زىيادە رەزىللىشىپ كېتىپ، خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويمىسىلا، خەلق تەبىئىي يوسۇندا ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشىدۇ. پادىشاھ يۈرگۈزگەن

---

① كىنەز فېررارا ــ رىم پاپاسى باشقۇرۇشىدىكى فېررارا دېگەن رايوننىڭ ھاكىمى ئاركىلىي (1501 ــ 1471)نى كۆرسىتىدۇ.

② پاپا جۇلىئو ــ ئەسلىي ئىسمى جۇليانو دېلا روۋېرى (1503 ــ 1413).

كەسكىن ئىسلاھاتلار خەلق قەلبىگە جاراھەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرغان بولسىمۇ، بۇلار پادىشاھ جەمەتىنىڭ مىراسخورلۇق ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇزاق سوزۇلۇشىغا ئەگىشىپ ئاستا ـ ئاستا ئۆڭۈپ ئۆچۈپ كېتىدۇ، چۈنكى بىر ئىسلاھات يەنە بىر ئىسلاھاتنىڭ ئۇرۇقىدۇر.







## ئىستىلا قىلىنغان رايوننى قانداق باشقۇرۇش كېرەك؟

▲ ئىستىلا قىلىنغان رايون خەلقلىرىنى ئىمكانقەدەر پەپىلەش كېرەك. ئەگەر، بۇمۇ كار قىلمىسا، ئۇلارنى توپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىش كېرەك. چۈنكى، بىر ئادەم زىيان - زەخمەتكە يەڭگىلرەك ئۇچرىسا، ئۇنىڭ ھامان بىركۈنى قىساس ئېلىشقا قوربى يېتىدۇ. ئەگەر، بىر ئادەمگە بېرىلگەن زەربە ئېغىر بولسا، ئۇ قىساس ئېلىشقا مەڭگۈ ئاجىز كېلىدۇ.

▲ ئەبەدىي توغرا بولغان مۇنداق بىر ئومۇمىي پىرىنسىپ بار: كىم باشقىلارنى كۈچەيتىۋېتىدىكەن، ئۇ ئۆز - ئۆزىنى ھالاك قىلغان بولىدۇ.

ئاتا مىراس پادىشاھلىق باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى يېڭى قۇرۇلغان باشقا بىر پادىشاھلىققا تەتبىقلىغاندا، ئىش تەس بولىدۇ. بىرىنچىدىن، ئەگەر بۇ يېڭى پادىشاھلىق پۈتۈنلەي يېڭى قۇرۇلغان بولماي، بەلكى قىسمەن جەھەتتىن يېڭى قۇرۇلغان بولسا (بۇنداق ھاكىمىيەت ئەمەلىيەتتە ئەبجەش ھاكىمىيەتتۇر)، بۇنداق ئارىلاشما تەركىبلىك ھاكىمىيەت ئەسلىدە مەۋجۇت بولغان كاشىلىلار تۇپەيلى قالايمىقان بولۇپ كېتىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئۆز





سەلتەنەتنى ئوڭۇشلۇق تىكلىيەلىشىدىكى سەۋەب دەل مەزكۇر ئەل خەلقلىرىنىڭ ئۆز ھۆكۈمدارىنى ئالماشتۇرۇش، يېڭى ھۆكۈمدارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈش، ھالىنى ياخشىلاش ئارزۇسىدا بولغانلىقىدۇر. شۇڭلاشقا، مەزكۇر ئەل خەلقلىرى قولىغا قورال ئېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈمدارىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى ھۆكۈمدارلىقنىڭ تىكلىنىشىگە يول ئاچىدۇ. بىراق، ئىش ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن خەلق ئۆز ھەرىكىتىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ھاكىمىيەت ئالمىشىش ئۇلارغا ھېچقانداق ئەۋزەللىكلەرنى ئەكەلمىگەن بولىدۇ. ئەكسىچە، خەلق ئۆز ھالىنىڭ بۇرۇنقىدىنمۇ يامان بەتتەرلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ. بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ سەۋەبى نېمە؟ مېنىڭچە، بۇ مۇنداق بىر تەبىئىي ئامىلدىن كەلگەن: يېڭى ھاكىمىيەت ئۆزىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئارمىيەنى ئىشقا سېلىپ، خەلققە بىرمۇنچە بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھاكىمىيەت ئۆزىنىڭ يېڭى پۇقرالىرىنى رەنجىتىپ قويىدۇ.

بۇنىڭ ئاقىۋىتى شۇكى، سەن شۇ ئەلنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن تاجاۋۇزۇڭغا ئۇچرىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ دۈشمىنىڭگە ئايلىنىپ بولغانلىقىنى تېزلا بايقايسەن. بۇ چاغدا ھاكىمىيەتنى ئىگىلىشىڭدە ساڭا قولچوماق بولغان كىشىلەرمۇ سېنى قوللىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا سەن دوستلىرىڭنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرالماي قالىسەن، شۇنداقلا ئۇلارغا نىسبەتەن قاتتىق قول بولالمايسەن. چۈنكى سەن دوستلارغا ۋاپادار بولۇش كېرەك دەپ ئويلايسەن. يېڭى ھۆكۈمدارنىڭ قاتتىق قول بولالماسلىقىدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ئىستېلاچى قورال كۈچى جەھەتتە قانچىلىك كۈچلۈك بولمىسۇن، ئۇ يېڭى ئالغان رايونغا كىرگەندە، شۇ رايون خەلقىگە ئاز - تولا ياخشى تەسىرات



بېرىشى كېرەك، بولمىسا ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى داۋام قىلالمايدۇ. بۇنىڭغا دائىر مىساللار ئاز ئەمەس: فىرانسىيە پادىشاھى لۇئى XII گەرچە مىلان كىنەزلىكىنى قىلىچىنى قانغا بويىمايلا ئىگەلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مىلاننى قولدىن بېرىپ قويۇشىمۇ بىردەملىك ئىش بولغان. مىلانلىقلارنىڭ لۇئى XII نى سۈرۈپ چىقىرىش تۈنجى ھەرىكىتىدە، لودوۋىكو سفورزا ① ئارمىيەسىنىڭ ھەرىكىتىلا كۇپايە بولغان. چۈنكى، فىرانسىيە پادىشاھىغا سېپىل قوۋۇقلىرىنى ئېچىپ بەرگەن خەلق كېيىن ئاززۇ - ئۇمىدلىرىنىڭ كۆپۈككە ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپ، يېڭى پادىشاھنىڭ ئۆزلىرىگە قارىتا يۈرگۈزگەن شەپقەتسىز ھۆكۈمرانلىقىغا قاراپ تۇرالمىغان.

تەبىئىيكى، ئىسيان يۈز بەرگەن شۇ ئورۇنلار قايتا ئىستېلا قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ رايونلارنىڭ قۇتۇلۇپ چىقىشى ئاسانغا توختىمايدۇ، چۈنكى ھۆكۈمدار ئىسياندىن ئىبارەت بۇ ئەمەلىيەتنى باھانە قىلىپ، ئىسيانچىلارنى قاتتىق قوللۇق بىلەن باستۇرىدۇ. گۇمانلىق ۋە خەۋپلىك شەخسلەرنى تېپىپ چىقىپ يوقىتىدۇ - دە، ھاكىمىيىتىنى چىڭىتىدۇ. شۇڭا، فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ تۈنجى ئىستېلاسىغا ئايلىنىپ قالغان مىلاننىڭ قولغا قايتىپ كېلىشىدە گىراف لودوۋىكونىڭ چېگرادىكى قوزغىلىڭى كۇپايە بولغانىدى. بىراق، فىرانسىيە پادىشاھى مىلاننى قايتا بېسىۋالغاندىن كېيىن مىلاننى قايتۇرۇۋېلىش بەسى مۇشكۇل بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتكۈل دۇنيا فىرانسىيەگە قارشى ھەرىكەتكە

① لودوۋىكو سفورزا (1476 — 1500) مىلان كىنەزى. 1499 - يىلى 8 - ئايدا فىرانسىيە ئارمىيەسى مىلاننى بېسىۋالغاندا گېرمانىيەگە قېچىپ كەتكەن. 1500 - يىلى مىلان خەلقى فىرانسىيەگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. لودوۋىكو قايتىپ كېلىپ مىلاننى تاپشۇرۇۋالدى. ئەمما، فىرانسىيە ئارمىيەسى تەرىپىدىن پەتىھ قىلىنىپ، تۈرمىدە ئۆلگەن.

كېلىپ، فىرانسىيە پادىشاھ ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلىپ،
فىرانسىيەلىكلەرنى ئىتالىيەدىن قوغلاپ چىقىرىشى لازىم بولـ-
دۇ. بىراق، تەئەججۇپكى، لۇئى XII ئۆزى ئىستىلا قىلغان مىلاز-
نى ئۇدا ئىككى قېتىم قولدىن بېرىپ قويدى.

ئەمدى فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ مىلاننى ئىككىنچى قېتىم
قولدىن بېرىپ قويۇشىدىكى سەۋەبنى ۋە فىرانسىيەنىڭ مىلاننى
ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوللىنىشى كېرەك بولغان چارىنى ياكى
فىرانسىيە پادىشاھ قوللىنالمىغان باشقا بىر ھۆكۈمدارنىڭ قول-
لىنىشى مۇمكىن بولغان چارىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز.

مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، ئىستىلا قىلغۇچى دۆلەت بىلەن
ئىستىلا قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ بىر بولسا ھەر ئىككىلىسى مىل-
لەتداش ۋە تىلداشلاردىن بولىدۇ؛ بىر بولسا غەيرىي مىللەتداش،
غەيرىي تىلداشلاردىن بولىدۇ (ئۇلارنىڭ مىللىتى، ۋەتىنى ئايرىم
بولىدۇ.) ئەگەر، ئىستىلا قىلىنغان ئەلنىڭ خەلقلىرى ئىستىلا-
چىلار بىلەن ئوخشاش بىر مىللەتتىن بولسا، بولۇپمۇ، ئىستىلا
قىلىنغان ئەل ئەركىن مۇھىتتا ئۆتمىگەن بولسا، ئۇنداق ئەلگە
بولغان ھۆكۈمرانلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ئوڭاي بولىدۇ، ھېچقانداق
كۈچ كەتمەيدۇ. ئەسلىدىكى دۆلەت خاقانىنىڭ ئەۋلادلىرىنى يو-
قاتسىلا مۇستەملىكە ئەل ئەمىن تاپىدۇ. باشقا جەھەتتىن ئەنئە-
نىسىنى ساقلاپ قېلىپ، ئەسلىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە تەگ-
مىسىلا، ئىستىلا قىلىنغان رايون خەلقلىرى يېڭى ھۆكۈمدارنىڭ
باشقۇرۇشى ئاستىدا تېپتىنچ كېتىۋېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارنى
كىشىلەر بىرېتان، بۇرگۇن، گاسكونى، نورماندىيە قاتارلىق
رايونلارغا ئائىت مىساللاردىن ئۇچرىتىدۇ[1]. بۇ رايونلار فىرانسى-

① بۇ رايونلارنىڭ فىرانسىيەگە تەۋە بولغان ۋاقتى مۇنداق: بىرېتان 1491 ـ يى-
لى، بۇرگۇن 1477 ـ يىلى، گاسكونى 1453 ـ يىلى، نورماندىيە 1204 ـ يىلى.



يەگە ئۇزاق مۇددەت قارام بولۇپ تۇرۇش ئاقىۋىتىدە، فىرانسىيە زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ قالدى. باشتا يەرلىك خەلق بىلەن ئىستېلاچىلار ئوتتۇرىسىدا تىل جەھەتتىكى مۇئەييەن پەرق بولسىمۇ، لېكىن ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئومۇمەن بىردەك ئىدى. شۇڭلاشقا، ئىستېلاچىلار بىلەن ئىستېلا قىلىنغۇچىلار ئاسانلا بىرلىككە كېلىپ، ئىناق ئۆتەلىگەنىدى. مەيلى كىم بولسۇن، ئىگىلىگەن زېمىننى ساقلاپ قالىمەن دەيدىكەن، مۇنداق ئىككى ئىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك: بىرى، ئىستېلا قىلىنغان رايوننىڭ ئەسلىي هۆكۈمدارىنىڭ ئەۋلادىنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىشى كېرەك. يەنە بىرى، ئىستېلا قىلىنغان رايون خەلقلىرىنىڭ ئۇزاق دەۋرلەردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى ۋە باج ـ ئالۋان تۈزۈملىرىنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەسلىكى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىستېلاچىلار بىلەن ئىستېلا قىلىنغۇچىلار بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، ئۇيۇلدەك بىر دۆلەت روياپقا چىقىدۇ.

ئەگەر، ئىستېلا قىلىنغان رايون خەلقى تىل، قانۇن، ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتلىرىدە ئىستېلاچىلار بىلەن پەرقلىق بولسا، قىيىنچىلىق ئىنتايىن زور بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئىستېلا قىلىنغان رايوننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق ئامەت بىلەن بىرلىشىپ كەلگەن بولۇشى كېرەك. ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇللارنىڭ بىرى شۇكى، ئىستېلاچى ئىستېلا قىلىنغان رايوندا ئولتۇراقلىشىشى كېرەك. بۇ هۆكۈمدارنىڭ ئاشۇ رايونغا بولغان ئىگىدارلىقىنى بىخەتەر قىلىدۇ ۋە ئۇزارتىدۇ. تۈركلەر گىرېتسىيەدە ئەنە شۇنداق قىلغان. ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا، تۈركىيە پادىشاھى گىرېتسىيەگە بېرىپ ئۇزاق مۇددەت ئولتۇراقلاشمىسا، پادىشاھ ئىستېلا رايوننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن



# هۆكۈمدارلار دەستۇرى

ھەرقانچە قىلسىمۇ بىكارغا كەتكەن بولۇر ئىدى. بۇنىڭدىكى قا-
ئىدە ناھايىتى ئاددىي. چۈنكى، يېڭى ھۆكۈمدار ئىستېلا قىلىنغان
جايدا تۇرسا، توپىلاڭ ۋە تەرتىپسىزلىك ئامىللىرى كۆرۈلسە،
ھۆكۈمدار ئۇلارنى دەرھاللا سېزىپ بىخ ھالىتىدە تىنچىتىشقا
ئۈلگۈرەلەيدۇ. ئەگەر، ھۆكۈمدار ئىستېلا قىلىنغان جايدا تۇرمى-
سا، ھۆكۈمدار يۈز بەرگەن ئىشلارنى چوڭىيىپ كەتكەندە سېزى-
دۇ، ئۇ چاغدا، ھۆكۈمدار كەسكىن تەدبىر قوللانسىمۇ، كېچىك-
كەنلىكىدىن توپىلاڭنى بېسىقتۇرالمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدىن سا-
قىت بولۇشنىڭ ئېپى شۇكى، يەرلىك خەلقنى ئەمەلدارلارنىڭ
زۇلۇمىدىن خالىي قىلىش، ئاۋامنى پادىشاھنىڭ خەير - ساخاۋى-
تىدىن بەھرىمەن قىلىپ، ئۇلارنى رازى قىلىش لازىم. شۇنداق
بولغاندىلا، پادىشاھقا سادىق پۇقرالار پادىشاھنى تېخىمۇ قوغداي-
دىغان بولىدۇ، پادىشاھقا يامان غەرەز ساقلىغان پۇقرالار پادى-
شاھتىن قورقىدىغان بولىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئەلگە خىرىس قى-
لىۋاتقان سىرتقى دۈشمەنلەر ھەرىكەت قىلىشقا پېتىنالمايدۇ.
خۇلاسە كالام شۇكى، ھۆكۈمدار ئۆزى ئىستېلا قىلغان جاينى
ئىگىلەپ تۇرسىلا ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش مۇشكۇل ئىش بولىدۇ.

يەنى بىر ئەۋزەل تاكتىكا شۇكى، ئىستېلا قىلىنغان رايون-
نىڭ مۇھىم بىر - ئىككى ئورنىدا مۇستەملىكە ھەرىكىتى ئې-
لىپ بېرىش كېرەك، بۇنداق قىلىش ئۈنۈملۈكتۇر. ئۇنىڭغا كۆپ
ئىقتىساد كەتمەيدۇ. پەقەت ئاز - تولا خىراجەت بىلەنلا ئۆز دۆ-
لىتىنىڭ بىر قىسىم پۇقرالىرىنى ئىستېلا قىلىنغان رايونغا
كۆچۈرگىلى بولىدۇ. ئۇنداق قىلمىسا ئىستېلا رايونىدا كۆپ
تۇركۈملەپ ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا توغرا كېلىپ ئىقتىسادمۇ كۆپ
كېتىدۇ. مۇستەملىكە جەريانىدا، ھۆكۈمدارلار تەرىپىدىن زىيان -
زەخمەتكە يولۇققىنى يەر ۋە مۈلۈكلىرىنى كۆچۈپ كەلگەن ئىش-



غالىيەتچىلەرگە مەجبۇرىي رەۋىشتە بېرىپ قويغان بىر قىسىم كىشىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار ئىستېلا رايونىدىكى ئاز سان- دىكى ئاۋامغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇلار ئولتۇراقلىشىش جەھەتتە تارقاق ۋە نامرات كىشىلەر بولغاچقا، بىرتۇتاش كەيپىيات ھاسىل قىلالمايدۇ، نەتىجىدە ھۆكۈمدارنىڭ ئىستېلا رايونىدىكى ھۆ- كۈمرانلىقىغا دەخلى يەتكۈزەلمەيدۇ، شۇنىڭدەك ئىستېلا رايون- دىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر زىيان ـ زەخمەتكە يولۇقمىغانلىق- تىن، زىيان ـ زەخمەتكە يولۇققان بايىقى ئاز ساندىكى كىشىلەر- نى ئالداپ ـ پەپىلەشمۇ ئاسانغا توختايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىغان بۇ ئاز ساندىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ پۇ- تۈنلەي ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان كىشىلەردەك قىسمەتكە قېلىشى- دىن ئەنسىرەپ، يۈرەكزەدىلىك ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش تۇتىدۇ. يېڭى ھۆكۈمدارنىڭ غەزىپىگە قېلىشتىن قورقىدۇ.

ئومۇمەن، بۇ خىل مۇستەملىكە ھەرىكىتىگە كۆپ خىراجەت كەتمەيدۇ. ئۇ مۇقىم ۋە ئىشەنچلىك بولىدۇ، زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ سانىمۇ ئاز بولۇپ، ھۆكۈمدارنىڭ ھاكىمىيىتىگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلىنى قىستۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن: ئىستېلا قىلىنغان رايون خەلقلىرىنى ئىمكانقەدەر پەپىلەش كې- رەك، ئەگەر بۇمۇ كار قىلمىسا، ئۇلارنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇ- تۇۋېتىش كېرەك. چۈنكى، بىر ئادەم زىيان ـ زەخمەتكە يەڭگىل- رەك ئۇچرىسا، ئۇنىڭ ھامان بىركۈنى قىساس ئېلىشقا قۇربى يېتىدۇ. ئەگەر، بىر ئادەمگە زەربە ئېغىر بولسا، ئۇ قىساس ئې- لىشقا مەڭگۈ ئاجىز كېلىدۇ. شۇڭا، مۇمكىنقەدەر كىشىلەرگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىك كېرەك. يەتكۈزگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىپ تاشلاش كېرەك.



# ھۆكۈمدارلار دەستۇرى

ئەگەر، مۇستەملىكە ھەرىكىتىنى ئىستىپلا رايونىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇش تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلسە، مۇقەررەر ھالدا دۆلەت خەزىنىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئىسراپ بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ چىقىم كۆتۈرمەيدۇ. بۇنداق بولغاندا، زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغانلار كۆپ بولىدۇ. چۈنكى، ئارمىيە ئۇ يەر، بۇ يەرگە يۆرۈش قىلىپ، يەرلىك پۇقرالار پېشكەللىككە يولۇقىدۇ. بۇنداق بولۇۋەرسە، كىشىلەر پادىشاھنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. گەرچە، مۇستەملىكە ئەل خەلقلىرى بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز دىيارىدا ياشاۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ گېزى كەلسە پادىشاھقا خەۋپلىك ھەرىكەتلەرنى ئويۇشتۇرالايدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. شۇڭا، مەيلى قايسى نۇقتىدىن ئېيتمايلى، ئىستىپلا رايونىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇش چىقىم كۆتۈرمەيدىغان قىلىق، ئاھالە كۆچۈرۈش ئىنتايىن ياخشى چارىدۇر.

ئەگەر، بىر ھۆكۈمدار يۇقىرىدا دېيىلگەندەك تىل، قانۇن، ئۆرپ - ئادەت جەھەتتىن ئۆزلىرىگە يات بولغان بىر رايوننى ئىگىلىسە، ئۇنداقتا، ئۇ ئۆزىنى ئاشۇ ئاجىز قوشنا ئەلنىڭ رەھبىرى ۋە ھىمايىچىسىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قاۋۇل كۈچلەرنى ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئاجىزلاشتۇرۇشى، ئۆزىگە ئوخشاش كۈچلۈك چەت ئەل ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تاسادىپىي ھالدا ئەتراپىدىكى ئاجىز دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىشىدىن ھەر ۋاقىت ئاگاھ بولۇشى كېرەك. رېئال تۇرمۇشتا مۇنۇ ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ: ئۆز خاقانىدىن رازى بولمىغان كىشىلەر مەككارلىق ۋە قورقۇنچاقلىق بىلەن چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ئۆز ئېلىگە كىرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۆرىنى قوتانغا باشلاشتەك بۇنداق ئەھۋالنى رىملىقلارنىڭ يۇنانغا كىرىشىگە



دائىر ئىشلاردىن روشەن كۆرگىلى بولىدۇ. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، رۇملۇقلار باشقا ئەللەرگە كىرگەندە، ھەممىشە شۇ ئەلدىكى ئايرىم كىشىلەرنىڭ يوچۇق ئېچىپ بېرىشى بىلەن كىرگەندى. ئىشلار ھەممىشە شۇنداق بولىدۇ: چەت ئەل كۈچلىرى مەلۇم بىر رايونغا ئۇسۇپ كىرگەندىن كېيىن، مەزكۇر رايوننىڭ ئاجىز كۈچلىرى ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىدىن قانائەت تاپماي ياكى ئۇلارغا ھەسەت قىلىپ، تاجاۋۇزچى چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىستېلاچى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەل بولغان رايوندىكى ئاجىز كۈچلەرنى ئۆزىگە تارتىش كېرەك. چۈنكى، ئۇلار ئىستېلاچىلارنىڭ ھاكىمىيىتى بىلەن ئۆزى خالاپ سىڭىشىدۇ. ئىستېلاچى ئەنە شۇ كۈچلەرنىڭ زورىيىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىگە تەھدىت بولۇشىدىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك. ئىستېلاچى ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ئاجىز كۈچلەرنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئىستېلا رايونىدىكى كۈچلۈك گۇرۇھ - مەزھەپلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ ۋە ئۆزىنى ئاشۇ رايوننىڭ مەڭگۈلۈك ھۆكۈمدارىغا ئايلاندۇرالايدۇ. ئەگەر، ئىستېلاچى بۇلارنى مۇۋاپىق ھەل قىلالمىسا، قولغا كەلتۈرگەن ھەممە نەرسىلەرنى تېزلا قولدىن بېرىپ قويىدۇ. ئۇ مەزكۇر رايوننى باشقۇرغان ئەھۋالدىمۇ ئاۋارىچىلىك كۆپ بولىدۇ.

بۇ جەھەتتە رۇملۇقلار ياخشى نەمۇنىدۇر. رۇملۇقلار ئۆزى ئىستېلا قىلغان بارلىق رايونلاردا بۇ قائىدىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلدى. رۇملۇقلار ئىستېلا رايونىغا مۇستەملىكە يۇرگۈزگەندە، ئاجىز، كىچىك ئەللەرنى سىيلاپ - سىيپىدى، ئەمما، ئۇلارنى كۈچەيتىۋەتمىدى. ئۇلار كۈچلۈك گۇرۇھلارنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، چەت ئەل ھۆكۈمدارلىرىنىڭ مەزكۇر رايونغا تەسىر كۆرسىتىشىگە يول قويمىدى ۋە باشقىلار. بۇ يەرگە كەلگەندە، مەن يۇنانغا

دائىر مەساللارنى قەيت قىلىپ ئۆتەي: ئەينى ۋاقىتتا، يۇناندىكى ئاركايالىقلار بىلەن ئاتېرىيالىقلار ھەمكارلىشىپ ماكېدون خانلىقى[1]نى بويسۇندۇردى. ئانتىئوكو[2]نى قوغلاپ چىقاردى. شۇنداق بولسىمۇ، رىملىقلار ئاركايالىقلار بىلەن ئاتېرىيالىقلار ئەجرىگە يۈز قاراپ، ئۇلارنىڭ كۆچىيىشىگە يول قويۇۋەتكىنى يوق. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ زورىيىشىنى ئامالىنىڭ بارىچە توستى. رىملىقلارغا ھەمكارلاشقان پىلىپقا نىسبەتەن — پىلىپ گەرچە ئۇزىنىڭ رىملىقلارغا بولغان دوستلۇقىنى پەش قىلىپ سۆزلىگەن بولسىمۇ — رىملىقلار ئۇنىڭغا رەھىم قىلماي جايلىۋەتتى. ئانتىئوكو شۇقەدەر ئاجىز بولسىمۇ، رىملىقلار ئۇنى ھېچقانداق مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرمىدى. رىملىقلارنىڭ يۇقىرىقىدەك تەدبىرلىرىنى بارلىق ئاقىل ھۆكۈمدارلار ئۆگىنىشكە تېگىشلىك. ھۆكۈمدارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئويلىشى لازىم بولغىنى كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان قىيىنچىلىقلارلا بولۇپ قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان خەۋپ - خەتەرلەر ھەققىدىمۇ باش قاتۇرۇشى كېرەك. بىر دانا ھۆكۈمدار كەلكۈندىن بۇرۇن تۇغان تۇتۇشى، ھەر خىل خەۋپلەرگە نىسبەتەن ئالدىنى ئېلىش تەييارلىقىنى قىلىپ قويىدۇ. يېڭى بايقالغان ۋاقىتتىكى خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئوڭاي، لېكىن خەۋپ - خەتەرنىڭ ئەۋجى يېتىپ كەلگەندە ئىش تۇگەشكەن بولىدۇ. بۇ خۇددى كېچىكىپ بايقالغان ئۆپكە كېسىلىگە ئوخشايدۇ.

① ماكېدون خانلىقى — قەدىمكى بالقان يېرىم ئارىلىدىكى قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت.

② ئانتىئوكو (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 187 — 223) قەدىمكى سۇرىيە پادشاھى. مىلادىيەدىن ئىلگىرى 192 - يىلى فىرىتسىيەگە ياردەمچى ئەسكەر ئەۋەتكەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 190 - يىلى رىملىقلاردىن مەغلۇپ بولغان.



دەسلەپكى باسقۇچتا كېسەلنىڭ بايقىلىشى تەس بولىدۇ. ئەمما، دىياگنوز قويۇپ بايقالسىلا داۋالاش قىيىنغا توختىمايدۇ. لېكىن، كېسەل ئەڭ باشتا تەكشۈرۈپ بايقالمىسا ۋە كېسەلگە لايىق رېتسېپ قوللىنىلمىسا، ئاي - كۈنلەر ئۆتۈپ كېسەل ئېغىرلاشقاندا بايقالسا، ئىش كېچىككەن بولىدۇ. بۇ قائىدىنى دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا تەتبىقلىغىلى بولىدۇ. ئەگەر، بىر دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارى دۆلەتتىكى يوشۇرۇن خەۋپلەرنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن ئالدىن سېزەلىسە (بۇنداق قىلىش ئەڭ دانا كىشىلەرگە نېسىپ بولىدۇ)، ئۇ يۈز بەرگۈسى ئىشلارنىڭ تەدبىرىنى ئالدىن تۈزەلەيدۇ. ئەگەر، ھۆكۈمدار ئىنچىكە ۋە تىرىشچان بولمىسا، خەۋپ - خەتەر ئاستا - ئاستا تەرەققىي قىلىپ، جان ھەلقۇمغا يەتكەندە قانچە قىلسىمۇ پايدىسى بولمايدۇ. شۇڭا، ئەينى دەۋردىكى رىملىقلار كەلمىش خەۋپ - خەتەرنى يىراقتىن بايقاپ، ئۇنى يوق قىلغان. ئۇلار ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن خەۋپ - خەتەرلەرنىڭ يوشۇرۇن تەرەققىياتىغا قىلچە يول قويمىغان. چۈنكى، ئۇرۇش ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىش. ۋاقىت سوزۇلسا، بۇنىڭ پايدىسى قارشى تەرەپكە بولىدۇ. رىملىقلار بۇنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەچكە، ئەينى ۋاقىتتىكى ھەمكارلاشقۇچىلىرىدىن بولغان پىلىپ ۋە ئانتىئوكولارغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئىتالىيەدە كەلگۈسىدە ئۆزلىرىگە قارشى يۈز بېرىدىغان ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئالغان. گەرچە، رىملىقلار ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىككى مەيدان ئۇرۇشتىن ساقلىنالىسىمۇ، ئۇنداق تاللاشتىن ۋاز كەچكەن. رىملىقلار بىز ھەمىشە دانىشمەنلەرنىڭ ئاغزىدىن ئىشتىدىغان: «كەينىگە تارتىشنىڭ خاسىيىتىنى كۆرۈپ باققىن» دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئەزەلدىن ياقتۇرمايتتى. ئەكسىچە، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا ۋە





پەخەسلىك بىلەن چىقارغان ھۆكۈملىرىگىلا ئىشىنەتتى. چۈنكى، ۋاقىت ئۆزى بىلەن ئەگەشتۈرۈپ ھەممە نەرسىنى ئېلىپ كېلە- دۇ: ئۇ ياخشى ئىشلارنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ، يامان ئىشلارنىمۇ ئې- لىپ كېلىدۇ ياكى ھەر ئىككىسىنى تەڭلا ئېلىپ كېلىدۇ.

ئەمدى بىز دىققەتنى فىرانسىيەگە ئاغدۇرۇپ، تەكشۈرۈپ با- قايلى، ئۇ يۇقىرىقىدەك قىلغانمۇ ـ يوق. مەن چارلىز ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن، پەقەتلا لۇئى ھەققىدە توختىلاي. چۈنكى، لۇئىنىڭ ئىتالىيەنى بېسىپ ياتقان ۋاقتى ئۇزۇنراق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى كۆزىتىشىمۇ ئوڭايراق. كۆزىتىشلەر ئارقىسىدا شۇنى بايقىدۇقكى، لۇئىنىڭ ھەرىكىتى يات بىر ئەلدە ھاكىمىيەت تۇرغۇزۇشتا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارغا تۈپتىن خىلاپ.

فىرانسىيە پادىشاھى لۇئى دەل ۋېنىتسىيەلىكلەر باشلاپ كەلگەن بۆرە، ۋېنىتسىيەلىكلەر لۇئىنى تاجاۋۇز قىلدۇرۇش ئار- قىلىق لومباردىيە[1]نىڭ يېرىمىغا ئېرىشمەكچى بولغانىدى. مەن بۇ يەردە فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، بىر قىسىم يەرلەرنى ئىگىلىۋالغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرماي. چۈنكى، ئۇ ئىتالىيەدە پۇت دەسسەپ تۇرالىغۇدەك بىر جاي ھا- زىرلىماقچى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىتالىيەدە ئۇنىڭ دوستلىرى يوق ئىدى. بۇرۇن پادىشاھ چارلىزنىڭ ھەرىكىتى قارشى ئېلىن- مىغاچقا، لۇئىنىڭ ئىتالىيەدىن دوست تېپىش تىرىشچانلىقىمۇ ئىزچىل مەغلۇپ بولدى. لۇئىنىڭ باشقا ئىشلىرىدا خاتالىق سا- دىر بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىتالىيەگە باستۇرۇپ كىرىشتىكى مۇددىئاسىمۇ ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى. پادىشاھ چارلىز قولدىن

① لومباردىيە — ئىتالىيەنىڭ بىر مەمۇرىي رايونى.



بېرىپ قويغان شانۇشەۋكەتنى پادىشاھ لۇئى لومباردىيەنى ئىگى-
لەش بىلەن قايتا قولغا ئالدى. رىنايا ئۇنىڭغا باش ئەگدى. فىلو-
رېنسىيەلىكلەر دوستقا ئايلاندى. ماركىز مانتۇيا، كىنەز فېررارا،
ۋانتىۋورى، فىلىق خانىم، لوردفائېنزا، پاسسارو، رىملى، كاما-
رىلو، پىئومبىنو① قاتارلىق ئاقسۆڭەكلەر ھەمدە لۇگالىقلار،
پىسالىقلار، سىينالىقلار لۇئىغا دوستلۇق قولىنى ئۇزاتتى.
ۋېنتسىيەلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ شۇم غەرىزى تۈپەيلىدىن كېلىپ
چىققان يامان ئاقىۋەتنى پەقەت شۇ چاغدىلا چۈشەندى! ئۇلار لوم-
باردىيەنىڭ بىر قىسىم كىچىك شەھەرلىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن
ئىتالىيەنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم زېمىنىنى فىرانسىيەنىڭ
باشقۇرۇشىغا تۇتۇپ بەردى!

قېنى، قىياس قىلىپ باقايلى، ئەگەر فىرانسىيە پادىشاھى
لۇئى مەن يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكەن ئىستېلا رايونىنى باش-
قۇرۇش تەدبىرلىرى بويىچە ئىش تۇتقان بولسا، ئىتالىيەدە ئې-
رىشكەن زېمىن، دوستلۇق، ئابرۇي قاتارلىقلارنى ھېچقانچە كۈچ
سەرپ قىلمايلا ساقلاپ قالالايتتى. گەرچە، لۇئىنىڭ ئىتالىيەدىكى
دوستلىرى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار زەئىپ ۋە قورقۇنچاق بولۇپ،
بەزىلىرى دىنىي ھاكىمىيەتتىن، يەنە بەزىلىرى ۋېنتسىيەلىكلەر-
دىن قورقاتتى. شۇڭا، ئۇلار لۇئىغا ئەگەشمىسە بولمايتتى. لۇئى
ئۆزىگە ئەگەشكەن ئەنە شۇ دوستلىرىغا تايانغان بولسا، ئىتالىيە-
دىكى باشقا كۈچلۈك گۇرۇھلارنى ئاسانلا بەربات قىلالايتتى. كى-
شىنى ئىنتايىن ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، لۇئىنىڭ قىلغان -
ئەتكەنلىرى دەل بۇنىڭ تەتۈرىچە بولدى. پادىشاھ لۇئى مىلانغا
كىرگەندىن كېيىن ئۆز ھاكىمىيىتىنى تۇگەشتۈرىدىغان ئىشنى

① بۇ كاتتىلار ئىتالىيەدىكى ھەرقايسى شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمدارلىرى.





قىلغان: پاپا ئالېكساندىر[1]نىڭ رومانانى بېسىۋېلىشىغا ياردەم قىلدى. ئۇ شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئىتالىيەدىكى دوستلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان كىشىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنى ئۆزى ئاجىزلاشتۇرغانلىقىنى ئويلاپ يەتمىگەندى. بۇ يەردىكى دىنىي ھاكىمىيەتلەر ئەسلىدىلا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقى بىلەن زور ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا فىرانسىيە پادىشاھى ئۇلارغا غايەت زور ئۆرپ - ئادەت ھوقۇقىنى بېرىۋەتكەنىدى. بۇ خۇددى يولۋاسقا قانات چىقىرىپ قويغاندەك بىر ئىش بولدى. فىرانسىيە پادىشاھى بىرىنچى قېتىملىق خاتالىقنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن يەنە كەينى - كەينىدىن خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. ئاخىرىدا ئۇ ئالېكساندىرنىڭ تېسكارانى ئىگىلىۋېلىشتەك قارا نىيىتىنى توسۇش ئۈچۈن ئۆزى ئىتالىيەگە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولدى.

پادىشاھ لۇئىنىڭ خاتالىقى مۇنداق: ئۇ رۇم دىنىي ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇۋەتتى ھەم نۇرغۇن دوستلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. تېخى بۇ ئاز كەلگەندەك ناپلېس پادىشاھلىقىغا كۆز تىكىپ، ئۇنى ئىسپانىيە پادىشاھى بىلەن تەڭ بۆلۈشمەكچى بولدى. پادىشاھ لۇئى ئىتالىيەنىڭ خوجايىنى بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۆزىگە پۇت ئاتىدىغان يەنە بىر كۈچنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، لۇئى بويسۇندۇرغان جايدىكى قارا نىيەتلەر ئۆزلىرىنىڭ دەرد - ھەسرىتىنى تۆكىدىغان خوجايىنغا ئېرىشىۋالدى. ئەسلىدە

---

① پاپا ئالېكساندىر — ئەسلىي ئىسمى رودرىگو بورجىئا (1413 — 1503). ئۇ پارا بېرىش ئارقىلىق رىم پاپاسى بولغان. ئۇ تەختتە ئولتۇرغاندا پاپانىڭ ھوقۇقى كۈنسايىن ئاددىيلاشقان، ئۇ نىكاھسىز تاپقان ئوغلى چېسارى بورجىئا (مەشھۇر كىنەز ۋالونتىنو) ئارقىلىق دىنىي قوغدىغۇچى سۈپىتىدە ئىتالىيەنىڭ رومانا رايونىنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى.



پادشاھ لۇئى بويسۇندۇرۇلغان رايوننىڭ ھۆكۈمدارىنى ۋەزىپىسىدە قويۇۋېرىپ، ئۇنى ئۆزىگە ئولپان تۆلەتكۈزگەن بولسا بولاتتى. بىراق، لۇئى ئۆزىگە ئولپان تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئادەمنى[1] قوغلىۋېتىپ، ئۆزىنى قوغلىۋېتەلەيدىغان يەنە بىر ئادەمنى — ئىسپانىيە پادىشاھىنى باشلاپ كەلدى.

زېمىنغا ئېرىشىش ئادەملەردە بولىدىغان ئىنتايىن تەبىئىي ئارزۇ، كىشىلەر بۇ ئارزۇنى كۈچى يېتىدىغان دائىرىدە ئەمەلگە ئاشۇرغاندا، ئەيىبلەشكە ئەمەس، بەلكى ماختاشقا سازاۋەر بولىدۇ. لېكىن، ئارمانغا لايىق دەرمان بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇرۇنۇش قىلسا، ئۇنىڭ نەتىجىسى بۇ خىل قىلمىشنىڭ تەنبىھلەشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر، فىرانسىيە پادىشاھى ئەينى ۋاقىتتا ناپلېسقا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئېرىشەلىگەنىكەن، ئىسپانىيە پادىشاھى بىلەن بۆلۈشۈۋېلىش ئۈچۈن ھەمكارلاشماسلىقى لازىم ئىدى. فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ ۋېنتسىيەلىكلەر بىلەن بىرلىكتە لومباردىيەنى بۆلۈشۈۋېلىشى فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ ئىتالىيەدىن يىڭنە پاتقۇدەك ئورۇنغا ئېرىشىۋېلىشنى ئويلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ دېيىلسە، بۇ توغرا بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ ناپلېسنى ئىككىنچى قېتىم ئىسپانىيە پادىشاھى بىلەن بىرلىشىپ بۆلۈشۈۋېلىشى خاتا بولىدۇ. چۈنكى، ئىككىنچى قېتىمقىسىدا ئەقىلگە مۇۋاپىق ئاساسلار كەم.

شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ لۇئى بەش قېتىم خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولدى: زەئىپ گورۇھلارنى يوقىتىپ، ئىتالىيەدىكى كۈچلۈك گورۇھلارنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ زورايتىۋەتتى. كۈچ - قۇد-

---

① ئاپلېس ئارگان پادشاھى فېدېرىكو I نى كۆرسىتىدۇ.

رەتكە ئىگە تائىپىلەرنى[1] ئىتالىيەگە باشلاپ كىردى. ئىتالىيەدە
ئۆزى پۇت قويۇپ تۇرمىدى، ئىتالىيەگە قارىتا مۇستەملىكە سى-
ياستى ئېلىپ بارمىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق خاتالىقلارنى سادىر
قىلغان بولسىمۇ، ۋېنتسىيەلىكلەرنىڭ زېمىنىنى تارتىۋېلىشتەك
ئالتىنچى خاتالىقنى ئۆتكۈزۈشى سەۋەبلىك ئۇنىڭ بۈيۈك شان -
شۆھرىتىنىڭ هايات چېغىدىلا سۇنۇشى ناتايىن ئىدى. ئەگەر، ئۇ
رۇم دىنىي هاكىمىيىتىنىڭ كۈچىنى كېڭەيتىۋەتمىگەن بولسا،
ئىسپانىيەلىكلەرنى ئىتالىيەگە باشلاپ كەلمىگەن بولسا، ۋېنت-
سىيەلىكلەرنىڭ پادىشاھ لۇئىغا باش ئۇرۇشى مۇقەررەر ئىدى.
لۇئى يۇقىرىقىدەك سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزگەنىكەن، ۋېنتسىيەنىڭ
هالاكىتىگە قاراپ تۇرمىسا بولاتتى. ۋېنتسىيەلىكلەر كۈچەيسە
باشقىلارنىڭ لومباردىيەگە كۆز تاشلىشىغا يول قويمايتتى. چۈن-
كى، ۋېنتسىيەلىكلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، لومباردىيەگە پەقەت ئۆ-
زىلا غوجايىن بولۇشى كېرەك ئىدى. يەنە باشقا دۆلەتلەرمۇ لوم-
باردىيەنى فىرانسىيەنىڭ قولىدىن ۋېنتسىيەلىكلەرگە ئېلىپ
بېرىشنى خالىمايتتى. چۈنكى، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ھەر ئىك-
كىسى بىلەن دۈشمەنلەشكۈدەك قۇدرىتى يوق ئىدى.

بەزىلەر فىرانسىيە پادىشاھى لۇئىنى ئاقلاپ، ئۇنىڭ رومانى
پاپا ئالېكساندىر VI كە بېرىۋېتىشى، ناپلېسنى ئىسپانىيەگە بې-
رىۋېتىشى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن دېيىشىدۇ. بۇنىڭغا مې-
نىڭ بېرىدىغان جاۋابىم مۇنداق: بىر هۆكۈمدار ئۇرۇشتىن
ساقلانماقچى بولىدىكەن، قالايمىقانچىلىقنىڭ يۈز بېرىشىگە يول
قويماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئۇنداق قىلىش بىلەنلا ئۇرۇشتىن
ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئۇرۇشنىڭ پارتلاش ۋاقتىنى كەينىگە سو-

① ئىسپانىيە پادىشاھى فېردىناندو II نى كۆرسىتىدۇ.

زۆشىنىڭ پايدىسى يوق. ئېھتىمال، بەزىلەر فىرانسىيە پادىشاھى لۇئىنىڭ پاغا ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا يار - يۆلەك بولۇشى پانىڭ پادىشاھ لۇئىنىڭ نىكاھىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا قوشۇلغانلىقى، شۇنداقلا رۇئاننىڭ كاردىنال بولۇشىنى شەرت قىلغانلىقى[1]، دەپ ئىزاھلىشار، بۇنىڭغا قارىتا، ھازىرچە جاۋاب قايتۇرماي، ھۆكۈمدارلارنىڭ شان - شەرىپى ھەققىدىكى بايانلاردا چۈشەنچە بەرمەكچىمەن.

فىرانسىيە پادىشاھى لۇئىنىڭ لومباردىيەنى قولدىن بېرىپ قويۇشى ئۇنىڭ يۇقىرىدا دېيىلگەن ئىستېلا رايونىنى ساقلاپ قېلىشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەرگە سەل قارىغانلىقىدىن بولغان. شۇڭا، ئۇنداق بولۇشىنىڭ ھەيران قالغۇدەك يېرى يوق، ئۇ ئەقىلدىن تاشقىرى ئىشلار ئەمەستۇر. ۋالونتىنو (پاپا ئالېكساندىر VI نىڭ ئوغلى، كىشىلەر ئۇنى چىسارى بورجىئا دېيىشىدۇ) رومانانى ئىگىلەپ تۇرغان مەزگىلدە، مەن نانىتتا كاردىنال رۇئان ھەزرەتلىرى بىلەن سۆھبەتتە بولغىنىمدا[2] ئۇ مۇشۇ خىل تارىخىي ھادىسىلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى: ئىتالىيەلىكلەر ئۇرۇشنى چۈشەنمەيدۇ، مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن، فىرانسىيەلىكلەر سىياسىينى چۈشەنمەيدۇ. ئەگەر چۈشەنسە، رۇم دىنىي ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىگە يول قويمىغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، رۇم دىنىي ھاكىمىيىتى بىلەن ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ

① لۇئى XII پاپا ئالېكساندىرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، خوتۇنى جوۋەننا (لۇئى XI نىڭ قىزى، چارلىز VIII نىڭ سىڭلىسى) بىلەن ئاجرىشىپ، 1499 - يىلى چارلىز VIII نىڭ تۇل قالغان خوتۇنى (بىرېتان خانىشى ئاننى) بىلەن توي قىلدى - دە، بىرېتاننىڭ كىنەزلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىڭغا جاۋابەن لۇئى پانىڭ روماناXII غا ھۇجۇم قىلىشىنى قوللىدى.

② 1500 - يىلى ماكياۋىللى فىرانسىيە ئوردىسىغا ئۈنجى قېتىم بېرىپ، كاردىنال رۇئان بىلەن سۆھبەتلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان.

كۈچىيىپ كېتىشىنى فىرانسىيەلىكلەر ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقاردى. فىرانسىيەنىڭ ۋەيران بولۇشىنى ئۇنىڭ رەقىبلىرى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭدىن بىز ئەبەدىي توغرا بولغان مۇنداق ئومۇمىي پىرىنسىپقا ئېرىشىمىز: كىم باشقىلارنى كۈچەيتىۋېتىدىكەن، شۇ ئۆز - ئۆزىنى ھالاك قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق كۈچىيىش سۇيىقەست ياكى زوراۋانلىقتىن كەلگەن بولغاچقا، كۈچەيگۈچى ئىزچىل تۈردە گۇمان پوزىتسىيەسىدە بولىدۇ.





## ئېلىش بىلەن تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ قايسىسى تەس، قايسىسى ئاسان؟

ھاكىمىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشقا دۇچ كېلىدىغان مۇشكۇللەردىن گەپ ئاچقاندا، كىشىلەر مۇنداق بىر تارىخىي ئەمەلىيەتنىڭ تېگىگە ئۇيلاپمۇ يېتەلمەسلىكى مۇمكىن: قىسقىغىنا بىرنەچچە يىل ئىچىدە، ئىمپېراتور ئىسكەندەر[1] مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئاسىيانىڭ خوجايىنى بولۇۋالدى. ئۇ پۈتكۈل ئاسىيا زېمىنىنى ئېلىپ بولماي تۇرۇپلا ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى. ئادەتتىكى قاراش بويىچە، ئاشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا دۆلەتتە ئوڭايلا مالىمان پەيدا بولاتتى. بىراق، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئىسكەندەرنىڭ ۋارىسلىرى ئامان - ئېسەن ھالدا دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرالىدى. ئۆزلىرىنىڭ يامان غەرىزى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بەزى ئاۋارىچىلىكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلار باشقا ئاۋارىچىلىكلەرگە يولۇقمىدى.

---

① ئىسكەندەر — ماكېدونىيە پادىشاھى ئالېكساندىر كۆرسىتىدۇ (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 323 — 336 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان). پۈتكۈل يۇنانىنى ئۇرۇش بىلەن ئىگىلىگەندىن كېيىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 335 - يىلى شەرقتىكى پېرسىيەگە، جەنۇبتىكى مىسىرغا، ھەتتا يىراقتىكى شىمالىي ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغان. مىلاتيەدىن ئىلگىرىكى ھىندىستاندىن مەغلۇبىيەت بىلەن چېكىنىپ، بابىلۇندا ۋاپات بولغان.

بۇ ھادىسىگە نىسبەتەن پىقىر مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: تارىختىن بۇيانقى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى ئاساسەن ئىككى خىل بولغان. بىرى، پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ مالايلىرىنىڭ ئورتاق ئىدارە قىلىشى (بۇنىڭدا مالايلار پادىشاھنىڭ ھەممىتى بىلەن ۋەزىر سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ دۆلەت باشقۇرىدۇ)؛ يەنە بىرى، پادىشاھ ۋە بەگلەر بىرلىشىپ خانىدانلىقنى ئىدارە قىلىدۇ (بۇنىڭدا بەگلەر بەھرىمەن بولىدىغان ئىمتىياز پادىشاھنىڭ ھىممىتىدىن ئەمەس، بەلكى بۇرۇنقى قانداشلىق مۇناسىۋىتىدىن كەلگەن بولىدۇ.) بەگلەردە ئۆزىنىڭ تېررىتورىيەسى ۋە پۇقراسى بولىدۇ، بۇ پۇقرالار بەگنى ئۆزىنىڭ غوجايىنى دەپ بىلىپ ھىمايە قىلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىرىنچى خىل ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىدا، پادىشاھ زور ئىمتىيازغا ئىگە بولغان بولىدۇ، پادىشاھتىن ئارتۇق ھېچكىم بولمايدۇ، پۇقرالار ۋەزىر - ۋۇزرالارنى پادىشاھنىڭ ئەمرى دەپ بىلىپ ئىتائەت قىلىدۇ. شۇڭا، پۇقرالاردا ئۇلارغا نىسبەتەن ئالاھىدە ھېسسىيات بولمايدۇ.

دەۋرىمىزدىكى تۈركىيە بىلەن فىرانسىيە يۇقىرىقى ئىككى تىپقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. تۈركىيە بىرلا پادىشاھنىڭ ئەمرى ئاستىدىكى ئەل بولۇپ، ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ۋەزىر ۋە مالايلاردۇر. تۈركىيە پادىشاھى ئۆزىنىڭ سەلتەنەت ئاستىدىكى بەش ئەلنى بىرقانچە ئىشتاتقا بۆلۈپ، ئۇنى باشقۇرۇشقا ھەر خىل مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتكەن. پادىشاھ ئۇلارنى خالىغانچە ئۇياق - بۇياق قىلالايدۇ. فىرانسىيە پادىشاھى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. فىرانسىيە پادىشاھى بۇرۇندىن بار بولغان بىر تۈركۈم ئاقسۆڭەكلەر توپىنىڭ ئارىسىدا قالغان. بۇ ئاقسۆڭەكلەر ئۆزلىرى تۇرغان تېررىتورىيەدىكى پۇقرالار تەرىپىدىن غوجايىن دەپ قارىلىپ، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. ئۇلار

ئۆزىگە خاس ئىمتىيازغا ئىگە، پادىشاھ ئۇلارنى خالىغانچە بىر
تەرەپ قىلالمايدۇ، ئۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى مەلۇم مەنىدىن ئېيت-
قاندا، تەۋەككۈلچىلىك بولاتتى. يۇقىرىقىلاردىن مۇنداق يەكۈننى
چىقىرىمىز: تۈركىيە پادىشاھىنىڭ سەلتەنىتى ئاستىدىكى زېمى-
ننى ئېلىش قىيىن، ئەمما ئېلىۋالغاندىن كېيىن ساقلاپ قې-
لىش ئوڭاي. ئەكسىچە، فىرانسىيە پادىشاھى تۇتۇپ تۇرغان زې-
مىننى ئېلىش ئوڭاي، تۇتۇپ تۇرۇش تەس.

تۈركىيە پادىشاھىنىڭ قولىدىكى زېمىننى ئىگىلەشنىڭ قى-
يىنلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، تاجاۋۇزچىلارنى پادىشاھنىڭ بەگ -
ۋەزىرلىرى باشلاپ كىرگەن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، پادىشاھنىڭ
چۆرىسىدىكى ئادەملەرنىڭ ساتقۇنلۇقىدىن پايدىلىنىش تېخىمۇ
مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، بۇ پادىشاھنىڭ ۋەزىر - سىپاھلىرى
ئۇنىڭ قۇللىرىدىنلا ئىبارەت بولغاچقا، ئۇلارنى سېتىۋېلىپ
ئىندەككە كەلتۈرۈش تەس. سېتىۋالغان تەقدىردىمۇ ئۇلاردىن نەپ
ئالغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار خەلقنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرەلمەي-
دۇ، شۇڭلاشقا تۈركىيە سەلتەنىتىنى بويسۇندۇرىمەن دېگەن كى-
شى ئالدى بىلەن ئىدىيەۋى تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، ئۆزى
نىشان قىلىۋاتقان ئەلنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۈچ ئىكەنلىكىنى
ئوبدان چۈشىنىشى، باشقىلارنىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇ-
رۇپ پۇرسەت يارىتىپ بېرىشىگە ئەمەس، بەلكى ئاساسەن ئۆزى-
نىڭ كۈچىگە تايىنىش لازىم، ئەلۋەتتە. ئىستېلاچى تۈركىيە پا-
دىشاھلىقىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇرۇشتا تۈركىيە پادىشاھىنى مەغ-
لۇپ قىلىپ، قورال كۈچىنى يوقىتىپ مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەي-
دىغان قىلسا، كېيىنچە پادىشاھ جەمەتىدىن باشقا ھېچكىمدىن
ئەنسىرەش كەتمەيدۇ. پادىشاھ جەمەتىنىمۇ يوقىتىۋەتسە، ئەنسى-
رىگۈدەك خەۋپكە تېخىمۇ ئورۇن قالمىغان بولىدۇ. چۈنكى، خەلق
پادىشاھدىن ئۆزگىلەرگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە غالىبلار

ئۆز غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئۇلارغا تايانمىغاچقا، غەلىبە-
دىن كېيىن ئۇلاردىن ئەيمىنىش تامامەن ئورۇنسىز ئىش بولىدۇ.

ئەگەر ئىستېلا نىشانى فىرانسىيەدەك ئەل بولسا، ئەھۋال ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. بۇنداق ئەلگە باستۇرۇپ كىرىش ناھايىتى ئوڭاي، چۈنكى ئۇنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىنى ئۆزىگە تارتىسىلا كۇپايە. بۇ ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۈمەتتىن نارازى بولۇپ، ئۆزگىرىش قىلىشنى نىيەت قىلىپ تۇرغان بولىدۇ. ئۇلار ئىستېلاچىلارغا قولايلىق پۇرسەت يارىتىپ بېرىپ، ئىستېلاچىلار ئاسانلا غەلىبىگە ئېرىشىۋالىدۇ. بىراق، ئىستېلادىن كېيىن بۇنداق ئەلنى ساقلاپ قېلىش ئاۋارىچىلىك ۋە قىيىندۇر. بۇ نۇرغۇن مۇشكۇلاتلار ئاشۇ ساڭا ياردەم قىلغان ئادەملەردىن، شۇنداقلا ئۆزۈڭ ئەزگەن كىشىلەردىن كېلىدۇ. ھۆكۈمرانلار جەمەتىنى يوق قىلىشنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك بولالمايدۇ. چۈنكى، قېپقالغان باشقا ئاقسۆڭەكلەر پادىشاھىنىڭ ئورنىغا چىقىپ، بىر مەيدان ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولۇپ قېلىش خەۋپى بار، سەن ئۇلارنى ئاسانلىقچە رازى قىلالمايسەن ۋە ئۇزۇل - كېسىل يوقىتالمايسەن. شۇڭا، پۇرسەت يېتىپ كەلسىلا، ئۇلار تۇغ كۆتۈرۈپ چىقىدۇ - دە، بۇ ئەلدىن مەھرۇم بولىسەن.

ئەمدى دارا① خانلىقى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارايلى. بىزنىڭ بايقىشىمىزچە، دارا خانلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى تۈركىيە پادىشاھلىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئەلگە يۈرۈش قىلىش ۋە ئۇنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئىمپېراتور ئىسكەندەرنىڭ ئالدى بىلەن پادىشاھ دارانى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىشى زۆرۈر بولدى، ئاندىن تېررىتورىيەنى ئىگىلىدى. غەلىبىدىن كېيىن دارا ئۆلدى، ئىسكەندەر ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىدى. ئەگەر ئىس-

① دارا (ئىنگلىزچە Dario) پارس شاھى، يەنە بىر نامى Codomano بولۇپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرى 330 — 337 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان.



كەندەرنىڭ ۋارىسلىرى ئىچكى نىزا توغدۇرماي ئىتتىپاقلىشىدى-غان بولسا، ئۇلار بۇ ئەلگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى بىمالال داۋام قىلغان بولاتتى، دۆلەتتىمۇ مالىمان كېلىپ چىقمايتتى. بىراق، فىرانسىيەدەك دۆلەتنى ئۇنداق ئاسان بويسۇندۇرغىلى بولمايدۇ. فىرانسىيە، ئىسپانىيە، گىرېتسىيە (يۇنان) لاردا ھە دېسىلا رۇم-لۇقلارغا قارشى مالىمان يۈز بېرىشىنىڭ سەۋەبى بۇ دۆلەتلەردە نۇرغۇن كىچىك خانىدانلىقنىڭ بولغانلىقىدۇر. كىشىلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئۆز دۆلىتىگە بولغان خاتىرىسى مەۋجۇتلا بولىدىكەن، رۇملۇقلار ئۆزلىرى ئىگىلىگەن رايوننى مۇقىم تۇتۇپ تۇرالماي-دۇ. ئەمما رۇم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمتىيازى ۋە ھۆكۈمرانلىقى-نىڭ ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئۆتمۈش-تىكى دۆلەتلىرى ھەققىدىكى خاتىرىسى ئۆچۈپ، ئاخىر رۇم-لۇقلار بۇ ئەلنىڭ شەكسىز غوجايىنىغا ئايلاندى. رۇملۇقلاردا ئىچكى قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندە، ئۇلارنىڭ ھەرقاندىقى ئۆزى تۇرغۇزغان نوپۇزى بىلەن ئۆزئارا كۈچ سىنىشالايدۇ. چۈنكى، بۇ-رۇنقى خان جەمەتى ئاللىبۇرۇن تۈگىگەن، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە رۇملۇقلاردىن ئۆزگە ھۆكۈمران يوق ئىدى.

يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تارىخىي ئەمەلىيەتنى كۆرگەنىكەن-مىز، مۇنۇ ئەھۋالدىن تەئەججۈپ ھېس قىلمايمىز: ئىسكەندەر ئاسىيانى ئوڭايلا ئالدى. يەنە بەزىلەرنىڭ (پېرىس گورۇھى[1] ۋە باشقىلار) ئۆزى ئالغان زېمىننى تۇتۇپ تۇرۇشى ئىنتايىن تەس بولدى. بۇ خىل ھالەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىل غالىبلار-نىڭ ئىقتىدارىدىكى پەرقتە ئەمەس، بەلكى ئىستىبلا رايوننىڭ ئەھۋالىدىكى كۆپ خىللىقتا ئىپادىلەندى.

---

① پېرىس — قەدىمكى يۇنانغا تەۋە ئېپىرونىڭ شاھى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 318 (؟) — 272 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان بولۇپ، ھەربىي تالانتى بىلەن تونۇلغان.



## ئەركىنلىك ۋە تەرتىپ: ئىستىبلاچىنىڭ دۈشمىنى

▲ ئەركىنلىك ۋە تەرتىپ تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىغا ۋە دىيانەت - شەپقەتلىرىنىڭ ئالدىمىغا دۇچ كەلسىمۇ، بەربىر ھۆر خەلقنىڭ قەلبىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدۇ.

▲ بۇ خىل ئەھۋالغا نىسبەتەن، ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇل شۇكى، ئۇلارنى تولۇق يوقىتىۋېتىش ياكى ھۆكۈمرانىنىڭ ئىستىبلا رايونىدا تۇرۇشىدۇر.

ئەگەر ئىستىبلا قىلىنغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ قانۇنى ئاستىدا ئەركىن ياشاشقا ئادەتلەنگەن بولسا، بۇنداق ئىستىبلا رايونىنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈچ خىل ئۇسۇلى بار. بىرىنچىسى، ئۇلارنى پاكىز يوقىتىش؛ ئىككىنچىسى، ئىستىبلاچىنىڭ ئىستىبلا رايونىدا تۇرۇشى؛ ئۈچىنچىسى، ئىستىبلا قىلىنغان ئەللەرنىڭ ئەسلىدىكى قانۇنى بويىچە ياشىغىلى قويۇش، ئەمما ئۇلارنى ئولپان بەرگۈزۈش، ئىستىبلاچىلارغا دوستانە مۇئامىلىدە بولىدىغان ئاز ساندىكى كىشىلەردىن تۈزۈلگەن قۇلىقى يۇمشاق ھۆكۈمەتتىن بىرنى قۇرۇش. بۇ ھۆكۈمەت ئىستىبلاچىلار ھۆكۈمرانى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ھۆكۈمەت بولغاچقا، ئاشۇ ھۆكۈمرانىنىڭ دوستلۇقى ۋە



ھىمايىسى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولالماي-دىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. شۇڭا، ئۇنداق ھۆكۈمەت ھۆكۈمرانىغا ئىنتايىن سادىق بولىدۇ. ئىستىلاچى ھۆكۈمران ئەركىن تۇر-مۇشتا ئادەتلەنگەن شەھەرنى تۇتۇپ تۇرماقنى ئويلايدىكەن، ئۇنداقتا، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە مۇشۇ شەھەر پۇقرالىرىغا تايىنىش باشقا ئۇسۇلغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۇنۇملۇك ۋە ئىشەنچلىكتۇر.

سپارتالىقلار بىلەن رۇملۇقلار دەل ئاشۇ جۈملىدىندۇر. سپارتالىقلار ئىستىلا قىلغان رايوندا ئولىگارخ ھاكىمىيەت[1]تىن بىرنى تىكلەش ئارقىلىق ئافىنا بىلەن تېبىسنى قوغداپ قالغا-نىدى. بىراق، ئاخىرقى ھېسابتا سپارتالىقلار ئافىنا بىلەن تېبىس-نى يەنە قولدىن بېرىپ قويدى. رۇملۇقلار كاپۇئا[2]، كارتاجىن[3]، نۇمانزىيە[4] قاتارلىق جايلارنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ خەلقلىرىنى كۆزىدىن يوق قىلدى. شۇڭا، ئاقىۋەتتە، رۇملۇقلار مەزكۇر رايونلارنى قولدىن بېرىۋەتمىدى. بىراق، رۇملۇقلار يۇنان-نى سپارتالىقلار ئىشلەتكەن ئۇسۇل بىلەن ساقلاپ قېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يۇنانلىقلارغا ئەركىنلىك بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ قانۇنى بويىچە ياشاشتا يول قويغان بولسىمۇ، ئا-خىرقى ھېسابتا غەلىبە قىلالمىدى. ئاخىر رۇملۇقلار يۇناننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇ رايوندىكى نۇرغۇن شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى، ئىستىلا قىلىنغان رايوننى مۇ-

---

① ئولىگارىخ ھاكىمىيەت — ئىستىلا رايونىدىكى ئاز ساندىكى كىشىلەردىن تۈزۈلگەن ئىستىلاچىغا سادىق ئاز سانلىقلار ھاكىمىيىتى.

② كاپۇئا — مىلادىيەدىن ئىلگىرى 221 - يىلى بەربات بولغان.

③ كارتاجىن — مىلادىيەدىن ئىلگىرى 146 - يىلى بەربات بولغان.

④ نۇمانزىيە — مىلادىيەدىن ئىلگىرى 133 - يىلى بەربات بولغان.

قىم ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن رۇملۇقلاردا ئۇنىڭدىن باشقا ئامال
يوق ئىدى. شۇڭلاشقا، ئىستېلاچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ بىر
شەھەرگە غوجا بولغانىكەن، بۇ شەھەرنىڭ پۇقرالىرى ھۆر ھاياتقا
ئادەتلەنگەن بولسا، ئىستېلاچىنىڭ ئۇلارنى تولۇق ۋەيران قىلى-
ۋەتمەسلىكى مۇقەررەر ھالدا ئۆز ھالاكىتىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا
ئوخشاش بىر ئىش بولىدۇ. نەتىجىدە، بۇ شەھەرنىڭ خەلقلىرى
پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەن ئەھۋال ئاستىدا ئەركىنلىك باھانى-
سىدە غەلىيان كۆتۈرىدۇ ۋە بۇ شەھەرنىڭ قەدىمكى قانۇنى ۋە
تەرتىپ - ئىنتىزامىنى تىرىلدۈرمەكچى بولىدۇ. مانا بۇ ئەركىن
تۇرمۇشتىكى شەھەرنى غەرق قىلىۋېتىشتىكى زۆرۈرلۈكنىڭ سە-
ۋەبى، ئەركىنلىك ۋە تەرتىپ تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىغا
ۋە دىيانەت - شەپقەتلىرىنىڭ ئالدىمىغا دۇچ كەلسىمۇ، بەربىر
ھۆر ياشاپ كۆنگەن خەلقنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ. ئىستېلاچى
ئىستېلا رايونىدىكى يەرلىك خەلقنى خانىۋەيران قىلىۋېتىشى
لازىم. بولمىسا، سەن ئۇلارغا قانچىلىك ساراسىمە سېلىشىڭ ۋە
ئۇلاردىن قانچىلىك مۇداپىئە قىلىشىڭدىن قەتئىينەزەر ئۇلار ئا-
خىر يەنە ئەركىنلىك ۋە تەرتىپتىن ئىبارەت ئىككى قىممەتلىك
ئەنئەنىسىنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارمايدۇ، خۇددى پىلارۇسىيە-
لىكلەر تەرىپىدىن بىر ئەسىر مۇستەملىكە قىلىنغاندىن كېيىن-
كى پىسالىقلارغا ئوخشاش، ئۇلار بەختسىزلىككە يولۇققان چاغ-
لىرىدا ئەركىنلىك ۋە تەرتىپ دەۋرلىرىدىكى گۈزەل ئۆتمۈشلى-
رىنى ياد ئېتىدۇ.

ئەگەر بەزى شەھەرلەرنىڭ خەلقى پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقى
ئاستىدا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئادەتلەنگەن، ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى
ئۆز خاقانىنىڭ جەمەتى قۇرۇتۇۋېتىلگەن بولسا، ئۇلار بىرلىشىپ-
مۇ يېڭى پادىشاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئامالسىز قالىدۇ، شۇنىڭ



بىلەن بىللە ئەركىن ھايات ئۇلار ئۈچۈن ناتونۇش بولۇپ قالىدۇ ۋە ئۇلار نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، مەزكۇر ئىستېلا رايون خەلقلىرىنىڭ ئىگىلىگۈچى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە بولغان قارشىلىق ھەرىكىتى ئاستىلايدۇ، مانا بۇ يېڭى ھۆكۈمرانىنىڭ ئۆزى ئىستېلا قىلغان رايوننى ساقلاپ قېلىشقا قولاي شارائىت تەمىن ئېتىدۇ. ئەگەر ئىستېلا ئوبيېكتى جۇمھۇرىيەت بولغاندا، ئەھۋال پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدە زور ھاياتىي كۈچ، دەھشەتلىك غەزەپ ـ نەپرەت، تەقەززالىق قىساسلىق قەلب مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ ئىستېلا رايون خەلقنى ئۆتمۈشكە ھېرىس بولۇپ، قولىدىن كەتكەن ئەركىنلىكنى ياد ئېتىدۇ. ئۇلار بۇنى ھەر قېتىم ئەسلىگەندە ئۆزلىرىنى باسالماي قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالغا نىسبەتەن ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇل ئۇلارنى قىرىپ تاشلاش ياكى پادىشاھنىڭ ئىگىلىگەن رايوندا تۇرۇشىدىن ئىبارەت.



## ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تاجاۋۇزچىلىق قىلىش

▲ تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، جەمئىيەتتە ھېچقانداق بىر ئىش يېڭى قانۇن - تۈزۈملەرنى تۈزۈش كەبى قىيىن ئەمەس، ھېچقانداق ئىشنىڭ ئاقىۋىتى بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدەك مۆلچەرلىگۈسىز ۋە نۇقتىسىز ئەمەس. ئىجرا قىلىشتا ھېچقانداق ئىش مۇشۇ ئىشتەك خەۋپلىك ئەمەس. سەۋەب شۇكى، يېڭى تۈزۈمنىڭ بەرپاچىسى كونا تۈزۈمدە ياشاپ نەپ ئالغان كىشىلەرنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا يېڭى تۈزۈمدىن نەپ كۆرگەنلەرمۇ يېڭى تۈزۈمنى تولۇق ھىمايە قىلمايدۇ.

▲ قورال ئىشلەتكەن ئەۋلىيا - ئەنبىيالار غەلىبە قىلدى، قورال ئىشلەتمىگەن ئەۋلىيا - ئەنبىيالار مەغلۇپ بولدى. سەۋەب شۇكى، ئادەتتە ئاۋامنىڭ خاھىشى ئاسان ئۆزگىرىدۇ. ئۇلارنىڭ مەۋقەيىنى ئۆزگەرتىشكە قايىل قىلىش ئوڭاي. ئەگەر ئۆزگەرتمىسە مانا بۇ ئىشنىڭ تەس بولغىنى. شۇڭا، كىشىلەر مەلۇم نەرسىگە ئىشەنگىلى زادى ئۇنىمىسا، ئۇلارنى قورال كۈچى ئىشلىتىپ ئىشەنجىگە ئېلىش لازىم.

پېقىر تارىختا يۈز بەرگەن تەسىرلىك زور تارىخىي ۋەقەلەر-



نى مىسال كەلتۈرۈپ، يېڭى ھۆكۈمران ۋە يېڭى دۆلەت ھەققىدە بايان يۈرگۈزگىنىمدە خالايىق تەئەججۈپ ھېس قىلمىغاي. ئەمەلىيەت شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلار ماڭغان يولنى تەكرارلايدۇ، باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنى دورايدۇ. بۇلار باشقىلارنىڭ يولىدا ئەينەن ماڭالمايدۇ ياكى ماڭغان ئەھۋالدىمۇ بۇرۇنقىلار ئېرىشكەن نەتىجىنىڭ ئەينەن ئۆزىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەمما، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر غايىلىك ئادەم ئۇلۇغلارنىڭ ئىزىنى قوغلىشىدۇ، ئاشۇ ئۇلۇغ نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن كىشىلەرنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ئۇلۇغلارنىڭ پەللىسىگە يەتكۈزەلمىسىمۇ، ھاياتىغا ئازتولا جۇلا قوشىدۇ. چوڭ ئىشلارنى قىلىمەن دېگەن ئادەم مەرگەندەك ھەرىكەت قىلمىقى لازىم: ئۇ نىشانىنىڭ قانچىلىك يىراقلىقىنى ۋە قولىدىكى ئوقيا كىرىچىنىڭ قانچىلىك كۈچى بارلىقىنى بىلىشى لازىم. ئۇ قارىغا ئالغاندا نىشاندىن ئېگىزرەك قارىغا ئېلىشى لازىم. بۇ ئوقنى ئاشۇ ئېگىز نۇقتىغا تەگكۈزۈش كېرەكلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئاشۇ پەرق ئارقىلىق ئەسلىدىكى نىشانغا تەگكۈزۈشنى راستتىنلا ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن.

مېنىڭچە، يېڭى قۇرۇلغان بىر خانلىقتا مۇقىم ئولتۇرۇشتىكى قىيىنچىلىقنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى دۆلەتنىڭ يېڭى ھۆكۈمرانىنىڭ قابىلىيىتىدىكى چوڭ ـ كىچىكلىككە باغلىق. بىر ئادەمنىڭ ئاددىي پۇقرالىقتىن ھۆكۈمرانلىققا كۆتۈرۈلۈشى باشتىكى ئېتىز بالىسىدىن كېيىنكى تەڭرى ئەركىسىگە ئايلىنىشى شۇ ئادەمنىڭ قابىلىيىتى ياكى تەلىيىنى شەرت قىلىدۇ. قابىلىيەت ۋە تەلەي ئىستېلاچىنىڭ ئورنىنىڭ مۇقىملىقىغا ئازدۇ ـ كۆپتۇر پايدىلىق، بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. لېكىن، شۇنداق ئېيتىمەنكى، نەتىجە قازىنىشتا تەلەيگە تايانمىغان ئادەم ئۆزىنىڭ

ئورنىنى ئەڭ مۇقىم ساقلاپ قالالايدۇ. ئەگەر يېڭى پادىشاھنىڭ ئۆزگە زېمىن ئاۋارىچىلىكى بولماي، ئىستېلا رايونىدا ئۆزى بىۋاستە پۇت دەسسەپ تۇرسا، ئۇنىڭ ئورنى تېخىمۇ مۇقىم بولىدۇ.

تەلەيگە ئەمەس، قابىلىيىتىگە تايىنىپ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىققانلاردىن مەن ئەڭ نەمۇنىلىك دەپ قارايدىغانلاردىن مۇسا پەيغەمبەر①، كىرىس②، رومۇلۇس③، تېسوس④ قاتارلىقلار بار. مۇسا ئەلەيھىسسالام گەرچە خۇدانىڭ بەندىلەر ئارىسىدىكى ئىشلىرىنىڭ ۋاكالەتچىسى بولسىمۇ، بۇ يەردە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىش مۇۋاپىق بولمىسىمۇ، مۇسادىكى خۇدا بىلەن ئالاقىلىشەلەيدىغان پەزىلەت بابىدا كىشىلەر مۇساغا ئاپىرىن - تەھسىنلەر ئوقۇشلىرى لازىمدۇر. بىز كىرىس ۋە باشقا ئوخشۇشلۇق دۆلەت قۇرغۇچىلىرىنى كۆزەتكەندە، ئۇلارنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇلۇغلاردىن ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس پائالىيەت ۋە تەدبىرلىرىنى تەكشۈرسەك، ئۇلارنىڭ مۇسادىن ھېچقانداق پەرقى يوق كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. گەرچە مۇسا بەختىگە يارىشا خۇدادىن ئىبارەت ئۇلۇغ يېتەكچىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە باشقا تەرەپلىرىنى تەكشۈرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ تەلەيگە ئەمەس، پۇرسەتكە تاياذ-

---

① مۇسا پەيغەمبەر (Moise) — «تەۋرات»تىكى پەيغەمبەر ۋە يەھۇدىيلار قانۇنىنى ياراتقۇچى.

② كىرىس — مىلادىيەدىن ئىلگىرى (530 — 599) پېرسىيە ئاكمىنىدى سۇلالىسىنى قۇرغان.

③ رومۇلۇس — رىم ئەپسانىلىرىدىكى پېرسوناژ، ئۇرۇش ئىلاھى مارسنىڭ ئوغلى، رىم شەھىرىنىڭ قۇرغۇچىسى، «پادىشاھلىق دەۋرى»نىڭ تۇنجى پادىشاھى.

④ تېسوس — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى پېرسوناژ، ئافىنا شاھى. كالاباش مەخلۇق Minoteur نى ئۆلتۈرۈش بىلەن نام چىقارغان.



غانلىقىنى، پۇرسەتنىڭ ئۇلارغا ماددىي قوراللارنى ئاتا قىلغانلى-
قىنى، ئۇلارنىڭ پۇقرالارنى ئۆز ئېھتىياجىغا ئەڭ مۇۋاپىق كې-
لىدىغان شەكىلگە كەلتۈرگەنلىكىنى بايقايمىز. ئەگەر ئاشۇنداق
پۇرسەت كەم بولسا، ئۇلار ئۆزىدىكى قابىلىيەتنى بىكارغا ئىسراپ
قىلىۋەتكەن بولاتتى. ئەگەر ئۇلاردا ئاشۇنداق قابىلىيەت كەم
بولسا كەلگەن پۇرسەتنى ئىسراپ قىلىۋەتكەن بولاتتى.

مۇسا مىسىر زېمىنىدىن دەل مىسىرلىقلار تەرىپىدىن قۇل
قىلىنىۋاتقان ئىسرائىللارنى ئىزدەپ تېپىشى زۆرۈر ئىدى.
شۇنداقلا بۇ قۇللار قۇللۇق تەقدىردىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن مۇساغا
ئەگىشىشنى خالايتتى. رومۇلوسنىڭمۇ ئالبادا تۇرماسلىقى زۆ-
رۈر ئىدى، ئۇ تۇغۇلغان ۋاقتىدا تاشلىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈنلا
كېيىن رومنىڭ پادىشاھى بولغانىدى ھەم شۇ مىللەتنىڭ قۇر-
غۇچىسى بولغانىدى. كىرىسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پارسلارنىڭ
مېتىكلار ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان نارازىلىقىنى كۆزىتىشى زۆرۈر
ئىدى. مېتىكلار ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچ مۇھىتتا مۇلايىم ۋە ئا-
جىز بولۇپ قېلىشتى. تېئوسوسقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەگەر ئۇ
چېچىلاڭغۇ ئافېنالىقلارنى ئۇچراتمىغان بولسا، ئىقتىدارىنى
ئىشقا سالالمىغان ۋە غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بولاتتى.
ئومۇمەن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پۇرسەتلەر ئاشۇ كىشىلەرنى
ئامەتكە نائىل قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار پەۋقۇلئاددە ئىس-
تېدات ئىگىلىرى بولۇپ، كەلگەن پۇرسەتلەرنى دەل ۋاقتىدا باي-
قاپ تۇتۇۋالالايتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ ۋەتىنىگە
شان ـ شەرەپ ھەم بەخت ـ سائادەت ئەكەلگەنىدى.

قابىلىيىتى بىلەن شاھلىق ئورنىغا چىققان كىشىلەرنىڭ
مۇساپىلىرى جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئاۋارىچىلىكلەر بىلەن تولغان
بولىدۇ. بىراق، ئۇلار پادىشاھ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئورنى-

نى ھەرەج تارتماي ساقلاپ قالىدۇ. پادىشاھ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش شۇنىڭ ئۈچۈن مۈشەققەتلىك بولىدۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى دۆلىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن ھەمدە تىنچلىق ئاسايىشلىقتا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بىر قاتار يېڭى قائىدە - تۈزۈملەرنى تۈزۈشكە دۇچ كېلىدۇ. تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، جەمئىيەتتە ھېچقانداق بىر ئىش يېڭى قانۇن - تۈزۈملەرنى تۈزۈش كەبى قىيىن ئەمەس، ھېچقانداق ئىشنىڭ ئاقىۋىتى بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدەك مۆلچەرلىگۈسىز ۋە چۈلۋۇرسىز ئەمەس، ئىجرا قىلىشتا ھېچقانداق ئىش مۇشۇ ئىشتەك خەۋپلىك ئەمەس. سەۋەبى يېڭى تۈزۈمنىڭ بەرپاچىسى كونا تۈزۈمدە ياشاپ نەپ ئالغان كىشىلەرنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا يېڭى تۈزۈمدىن نەپ كۆرگەنلەرمۇ يېڭى تۈزۈمنى تولۇق ھىمايە قىلمايدۇ. تولۇق ھىمايە قىلماسلىقتىكى سەۋەبنىڭ بىرى، بۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ دۈشمەنلەر ئۆزىگە پايدىلىق بۇرۇنقى قانۇن - تۈزۈمنىڭ ئىگىلىرى ئىدى؛ يەنە بىرى، ئىنسانلارنىڭ باشقىلارغا ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كېتەلمەسلىكتەك تۇغما تەبىئىتىدە كىشىلەر يېڭى شەيئىلەر ھەققىدە ئىشەنچلىك تەجرىبىلەرگە ئىگە بولماي تۇرۇپ، يېڭى شەيئىلەرگە تېزلا ئىشەنمەيدۇ. شۇڭا، چەت ئەل كۈچلىرى باستۇرۇپ كىرىپ قالسا، بۇ ئادەملەر دەرھال ئۇلارغا ماسلىشىپ يېڭى تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، يېڭى تۈزۈم ئاستىدا پايدا كۆرمىگەن كىشىلەر تاجاۋۇزغا نىسبەتەن دېلىغۇللارچە قارشىلىق قىلىپ، دادىللىق كۆرسەتمەيدۇ. شۇڭا، ھۆكۈمراننىڭ ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇشى ئىنتايىن خەتەرلىك.

ئەگەر بىز بۇ مەسىلىنى تەلتۆكۈس روشەنلەشتۈرۈشنى

ئىستىسەك، ئاشۇ ئىستىپلاچىلار ئۆز كۈچىگە تاياندىمۇ ياكى باش-
قىلارنىڭ ياردىمىگە تاياندىمۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۈيۈك ئىشلا-
نىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ باشقىلارنىڭ ياردىمىنى ئاكتىپ-
لىق بىلەن تەلەپ قىلدىمۇ ياكى ئۆزىگە ماسلىشىشقا مەجبۇر
قىلالىدىمۇ، دېگەندەك تەرەپلەرنى تەكشۈرۈشىمىز زۆرۈر. ئەگەر
باشقىلارنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلىشتا ئاكتىپ بولسا ئۇنىڭ ئا-
قىۋىتى ياخشى بولمايدۇ ۋە ھېچقانداق نەتىجىسى بولمايدۇ. ئەگەر
ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىپ، شارائىت يار بەرگەن ئەھۋال
ئاستىدا، باشقىلارنى ياردەم بېرىشكە مەجبۇر قىلىش ئۇسۇلىنى
ئىشلەتسە، بۇنىڭ ھېچقانچە خەتىرى بولمايدۇ. ئومۇمەن، قورال
ئىشلەتكەن ئەۋلىيا - ئەنبىيالار غەلىبە قىلدى، قورال ئىشلەت-
مىگەن ئەۋلىيا - ئەنبىيالار مەغلۇپ بولدى. بۇنىڭ يۇقىرىدا با-
يان قىلىنغان سەۋەبىدىن باشقا مۇنداق بىر سەۋەبىمۇ بار. ئۇ
بولسىمۇ ئاۋامنىڭ خاھىشى ئادەتتە ئاسان ئۆزگىرىدۇ. ئۇلارنىڭ
مەلۇم بىر نەرسىگە بولغان مەۋقەيىنى ئۆزگەرتىشكە قايىل قى-
لىش ئوڭاي، ئەگەر ئۆزگەرتمىسە، مانا بۇنىڭ ئۆزى تەس بولغى-
نى. شۇڭا، كىشىلەر مەلۇم نەرسىگە زادى ئىشەنگىلى ئۇنىمىسا،
ئۇلارنى قورال كۈچى ئىشلىتىپ ئىشەنجىگە ئېلىش كېرەك.

مۇسا، كىرىس، تېسوس ۋە رومۇلۇسلار باشتا قورال ئىش-
لەتمىگەن بولسا، خەلقنى ئۆزى بېكىتكەن مۇنتىزىم قانۇن -
تۈزۈمگە ئۇزاق مۇددەت رىئايە قىلدۇرالمىغان بولاتتى. بۇ خۇددى
راھىب گىرالامو ساۋانارولا[1]نىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە ئوخشاپ كې-
تىدۇ: ئاددىي پۇقرالار ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەندە، ئۇ ۋە ئۇ قۇرۇپ

---

① گىرالامو ساۋانارولا (1452 — 1498) فلورېنتسىيە دىن ئىسلاھاتچىسى. 1498 - يىلى رىم پاپاسى تەرىپىدىن كاپىر دەپ تۇتۇلغان ھەم كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈل-گەن.

چىققان يېڭى تۈزۈم غۇلاپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىگە ئىشەنگەن ئادەملەرنىڭ ئىشەنچىنى مۇستەھكەملەشكە ھەمدە ئىشەنمىگەن ئادەملەرنى ئىشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالدى. شۇڭا، بۇ راھىبقا ئوخشاپ كېتىدىغان كىشىلەر ئۆز مۇساپىسىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. غەلىبە قىلىش ئۈچۈن بۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش كېرەك بولىدۇ، ئۇلار بۇ قى-يىنچىلىقلارنى يېڭىۋالغاندىن كېيىنلا، كىشىلەر قايىل بولۇشقا باشلايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شان - شەرىپى ۋە سۆلىتىگە ھەسەت قىلغان ئادەملەرنى باستۇرغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقى، ئەمىنلىكى، شان - شەرەپ ھەم خۇشاللىقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى داۋام قىلدۇرالايدۇ.

يۇقىرىقى دەلىللەرگە يەنە بىر كىچىك دەلىلنى قوشۇپ قو-يۇشنى لازىم تېپىۋاتىمەن. چۈنكى، بۇ باشتىكىلىرىگە ئاساسەن ئوخشاپ كەتسىمۇ، ۋەكىللىك خاراكتېرى كۈچلۈكرەك بولۇپ، ئۇ دەل سىراكوسا خاقانى ئىئارو① نىڭ ئىشلىرىدۇر. ئىئارو ناھا-يىتى ئەرزىمەس بىر ئائىلىدە تۇغۇلۇپ بىردىنلا سىراكوسانىڭ خاقانىغا ئايلىنىدۇ. سەۋەب شۇكى، ئۇ ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ پۇر-سەتنى چىڭ تۇتقان، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭغا كەلگەن ھېچقانداق تەلەي بولغان ئەمەس. ئەينى دەۋردە، سىراكوسالىقلار بېسىم ئاستىدا ئىدى، مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئىئارو ئاشۇ كۈلپەتلىك تەقدىردىكى كىشىلەرنى ھەربىي باشقانى بولۇپ، ئۇلارنى قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق ئازاد قىلىشنى قارار قىلدى. غەلىبىدىن كې-يىن، كىشىلەر ئىئارونى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ، خاقان بو-لۇشقا بىردەك كۆرسەتتى. بىز بۇنىڭدىن ھەيران قالماسلىقىمىز

① ئىئارو — مىلادىيەدىن ئىلگىرى (215 — 308؟) سىراكوسا پادشاھلىقىنىڭ ياۋۇز پادشاھى ئىئارو Ⅱ.

كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ئىئارو ئاددىي پۇقرا ۋاقتىدىلا غايەت زور يوشۇرۇن ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا بەزى كىشىلەر شۇنداق دېگەنىدى: «ئەگەر ئۇ خاقان بولۇشقا توغرا كەلسە، باشقۇرۇشقا زېمىن بولسىلا، قالغان شارائىت ئۇنىڭدا تەييار». ئىئارو بۇرۇنقى ئارمىيەنى تارقىتىۋېتىپ، يېڭىدىن ئارمىيە تەشكىللەيدۇ. بۇرۇنقى دوستلىرىنى تاشلاپ، يېڭىدىن دوست تۇتىدۇ. ئۇنىڭدا ئۆزى نەزەردىن ئۆتكۈزگەن ئىشەنچلىك ئارمىيە ۋە دوست بار بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆز خانلىقىنى بىخەتەر قۇرۇپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. گەرچە ئۇ نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، نۆۋىتى كەلگەندە ئۇنىڭغا خانلىق ئورنىنى مۇقىم ساقلاپ قېلىش ئاسانغا توختىدى.






## تەلەيلىكلەر ھوقۇقنى قانداق مۇستەھكەملەيدۇ

▲ باشقىلارنىڭ كۈچىگە ياكى ئۆز تەلىيىگە تايىنىپ تەختكە ئولتۇرغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىش يوللىرىنى چۈشەنمەيدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ، ئورنىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزىگە ھەقىقىي رەۋىشتە مەنسۇپ بولغان، ئۇنىڭ گېپىنى سادىقلىق بىلەن ئاڭلايدىغان قوراللىق كۈچكە ئىگە ئەمەس.

▲ يېڭى دۆلەتنى دۈشمەنىنىڭ قەستىدىن ساقلاش ئۈچۈن شۇنداق تەدبىر قوللانماق كېرەك: دوست ۋە ئىتتىپاقداش تېپىش كېرەك، قورال ۋە ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ غەلىبە قىلىش كېرەك. خەلقنى يېڭى ھۆكۈمرانىنى سۆيىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن قورقىدىغان قىلىش كېرەك. ئارمىيەنى قوماندانغا بويسۇنىدىغان ھەم ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغان قىلىشى كېرەك. خەۋپلىك ئادەملەرنى چوقۇم يوقىتىش كېرەك. كونا تۈزۈمنىڭ ئورنىغا يېڭى تۈزۈمنى دەسسىتىش كېرەك، پادىشاھ خەلققە نىسبەتەن ھەم قاتتىق، ھەم يۇمشاق بولۇشى، كەڭ قورساق ۋە ساخاۋەتلىك بولۇشى كېرەك. ساداقەتسىز ئارمىيەنى تارقىتىۋېتىپ، ساداقەتلىك يېڭى ئارمىيەنى قۇرۇپ چىقىش لازىم. باشقا خانلىق ۋە بەگلىكلەر بىلەن



دوستانە ئۆتۈپ، ئۇلارنى ھالقىلىق پەيتتە ياردەم بېرىدىغان ياكى ھېچبولمىغاندا، زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان قىلىشى لازىم.

▲ بۇرۇنقى روھىي جاراھەتنى ياخشىلىق ئارقىلىق ساقاي- تىمەن دېيىش خۇددى قولاقنى ئېتىۋېلىپ قوڭغۇراق ئوغرىلى- غاندەك بىر ئىش.

تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ پۇقرالىقتىن شاھلىققا چىققانلار بەلكىم يۈكسىلىش داۋامىدا ئانچە جاپا ـ مۇشەققەت تارتمىغاندۇ. بىراق، مۇۋەپپەقىيەتتىن كېيىن شاھلىق سەلتەنىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا توغرا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ قىيىنلىشى تۇرغانلا گەپ. ئۇلار كۆرەش جەريانىدا ھېچقانداق ئاۋارىچىلىك تارتمىدى. چۈنكى، ھوما قۇشىنىڭ (بەختلىك تەقدىرنىڭ) ياردىمى بىلەن ئەرشتە لەيلىگەندەك ئەركىن ھالدا مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇردى. بىراق، زېمىنغا قونغاندىن كېيىنلا پېشكەلچىلىكلەر يېتىپ كې- لىدۇ. مانا بۇ پۇلغا تايىنىپ ياكى باشقىلارنىڭ شەپقىتىگە تايى- نىپ شاھ تونىغا ئېرىشۋالغان كىشىلەر يولۇقىدىغان تەبىئىي ئەھۋالدۇر. قەدىمكى يۇناننىڭ ئىئونىيە ۋە ھېللىسپونت قاتارلىق شەھەرلىرىدە ئاشۇنداق ئىشلار يۈز بەرگەن. بۇ شەھەر كىنەزلىك- نىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى ئىمپېراتور دارا ئۆز قولى بىلەن تىكلى- گەن ۋە شاپائەت قىلغان. مەقسەت كىنەزلىكنىڭ كىچىك غوجا- يىنلىرى ئارقىلىق بۇ شەھەرلەرنى ئابرۇيى بىلەن ئامان ـ ئېسەن ساقلاپ قېلىش ئىدى. ئاددىي پۇقرالىقتىن خانلىق ئورنىغا چىق- قانلار ۋە ئارمىيەنى سېتىۋېلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارمۇ يۇقىرىقىدەك ئاقىۋەتتە بولىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ نوقۇل ھالدا باشقىلارنىڭ يانتاياق بولۇشى ۋە تەدبىرنىڭ شاپائىتىگە تا- يىنىپلا، ئۆزى بىۋاستە تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەنلىكتە. ياخشى

نىيەت ۋە تەلەي ئۇققىلى بولمايدىغان مۇقىمسىز نەرسىلەردۇر. باشقىلارنىڭ كۈچىگە ياكى تەلەيگە تايىنىپ تەختكە ئولتۇرغان ئادەم، ئۆزىنىڭ ئورنىغا قانداق كاپالەتلىك قىلىشنى چۈشەنمەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بەك ئاددىي: ئۇ كېلىپ چىقىشىدىلا تالانتلىق بولۇشى لازىم، بولمىسا ئۇنىڭ ئاددىي پۇقرالىقتىن بىر ئەمىرگە ئايلىنىشىغا ھېچبىر يول يوق بولىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزىگە ھەقىقىي مەنسۇپ، گېپىنى ئاڭلايدىغان قوراللىق كۈچكە ئىگە ئەمەس. تەبىئەت دۇنياسىدىمۇ ئىتتىك ئۆسىدىغان گىياھلارنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر بولمايدۇ. بىر قېتىملىق بوران ئۇنى ئوڭايلا يۇلۇپ تاشلىغاندەك، تاسادىپىي قۇرۇلغان يېڭى دۆلەتمۇ ئاشۇنداق پېشكەلچىلىككە ئۇچرايدۇ. ھۆكۈمران ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى بولسىلا، تەقدىرنىڭ بۇ قىممەتلىك سوۋغىسىنى ئۇنۇملۇك قوغداشنى چوڭقۇر چۈشىنەلەيدۇ، ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقىش بىلەنلا دۆلىتىنى قوغداشنىڭ پۇختا ئاساسىنى دەرھال قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ ئاساسنى باشقىلار پادىشاھ تەختكە چىقىشتىن بۇرۇنلا تەييار قىلىدۇ.

ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ياكى تەلىيىگە بېقىپ پادىشاھ بولۇشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى ھەققىدىكى ئىككى مىسالنى ھۆزۈرىڭىزغا سۇنماقچىمەن. ئۇلار فرانسېسكو سفورزا ۋە چېسارى بورجالاردىن ئىبارەت. فرانسېسكو مۇۋاپىق ۋاستە ۋە ئۇلۇغ قابىلىيىتى ئارقىلىق ئاددىي پۇقرالىقتىن مىلان كىنەزىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇ مۇشۇ ئورۇنغا ئېرىشىش جەريانىدا نۇرغۇن جاپا تارتتى، ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئانچە كۈچ سەرپ قىلمىدى. پۇقرالار تەرىپىدىن ۋالونتىنو كىنەزى دەپ ئاتالغان چېسارى بورجا دادىسىنىڭ سايىسىدە تەختكە ئول-

تۇرغان. بىراق، ئامەت ئۇنى يوقلىمايدىغان بولغاندا، ئۇ دۆلىتىدىن قۇرۇق قالدى. گەرچە ئۇ ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، ئورنىنى مۇستەھكەملەيدىغان ھەر خىل چارىلەرنى ئىشقا سېلىپ زېرەك كىشىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان قىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان بولسىمۇ، دۆلىتى ۋە تەختىدىن ئايرىلىپ قالدى. چوڭ ئىشلارنىڭ پۈتۈشىدىن بۇرۇنلا مۇستەھكەم ئاساس سالماي، ئىش پۈتكەندىن كېيىن ئاساس سېلىشنى ئۆي سېلىشقا تەتبىقلىساق بولىدۇ، ئاساسنى پۇختىلىماي ئۆي سېلىش بىناكار ئۈچۈن تەس بولۇپلا قالماي، ھەتتا ئۆينىڭ ئۆزىمۇ خەتەرلىكتۇر. بىز بۇ كىنەزنىڭ ھەرىكىتىنى تەكشۈرسەك شۇنى بايقايمىزكى، ئۇ كەلگۈسىدىكى ھوقۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن پۇختا خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بۇ ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن تەكىتلەپ ئۆتىسەن دېگەندە، يېڭى بىر ھۆكۈمران ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ساۋاقلار بولمايدۇ. كىنەزنىڭ ئەجرىنىڭ بىكارغا كېتىشى ئۇنىڭ ناچارلىقىدىن ئەمەس، بەلكى تەلەيىنىڭ ئىنتايىن كاجلىقىدىن بولغان.

پاپا ئالېكساندىر VI ئوغلى ۋالونتىنو كىنەزنىڭ سەلتەنىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن باشتىن - ئاخىر زور قىيىنچىلىقلارنى تارتتى. ئالدى بىلەن پاپا ئوغلىنى ئۆزىنىڭ رايوندىن تاشقىرى بىر ئەلگە پادىشاھ قىلىشنىڭ ئامالىنى تاپالمىدى. ئۇ ئۆزگە تەۋە جايلارنى ئوغلىغا بېرىشنى مۇددىئا قىلسا، بۇنىڭ مىلان كىنەزى ۋە ۋېنىتسىيەلىكلەرنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى، فائېنزا[1] بىلەن رىمىنۇ[2] ۋېنىتسىيەلىكلەرنىڭ قوغدىشىدا ئىدى. پاپا ئىتالىيە ئارمىيەسىنىڭ، بولۇپمۇ پاپا تە-

---

① فائېنزا — ئىتالىيەنىڭ شىمالىدىكى قەدىمىي شەھەر.
② رىمىنۇ — ئىتالىيەنىڭ قەدىمىي شەھىرى.





رەپتە تۇرالايدىغان قىسمىنىڭ پاپا كۈچىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىغان كىشىلەرنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بۇ كىشىلەر ئورسىنا جەمەتى[1] ۋە كولونىنېسي جەمەتى[2] ھەمدە بۇلارغا ئەگىشىدىغان كىشىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، پاپا ئۇلارغا تايىنىشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى. شۇڭا، پاپانىڭ ئۆز ئوغلىنى دۆلەتنىڭ قىسمەن رايونلىرىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ تەرتىپىنى بۇزۇپ، مالىمان ھالەتكە كەلتۈرۈشى كېرەك بولىدۇ. شۇ چاغدىلا ئوت ئىچىدىن كاشتان ئالالايتتى (مۇمكىنسىزلىك مەنىسىدە). بۇ پاپا ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ ئاسان ئىدى. چۈنكى، ئۇ ۋېنتسىيەلىكلەرنىڭ باشقا بىر سەۋەبنىڭ تۈرتكىسىدە فىرانسىيە ئارمىيەسىنى ئىتالىيەگە چاقىرىپ ئەكەلمەكچى بولۇۋاتاتتى. پاپا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ۋېنتسىيەلىكلەرنىڭ ھەرىكىتىگە قارشى تۇرماي، ئەكسىچە فىرانسىيە پادىشاھى لۇئى XII نىڭ كۆلپەتلىك نىكاھتىن خالاس بولۇشىغا ياردەم بەردى، شۇ سەۋەپتىن پاپانىڭ ئىشى ئوڭغا تارتتى. شۇنىڭ بىلەن، فىرانسىيە پادىشاھى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ۋېنتسىيەلىكلەرنىڭ ياردىمى ۋە پاپانىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىتالىيەگە ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق ھالدا كىرىۋالدى. پادىشاھ لۇئى قوشۇنلىرى بىلەن مىلانغا ئەمدىلا يېتىپ بېرىۋىدى، پاپا رومانانى تارتىۋېلىش ئۈچۈن فىرانسىيە پادىشاھىدىن ئەسكىرىي ياردەم سورىدى. رومانا فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ سۇر - ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، پاپا تېخى ئەسكەر چىقار-

---

[1] ئورسىنا جەمەتى — 13 - ئەسىردە رىمدا باش كۆتۈرگەن. ھەربىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆپلىگەن جەمەت ئەزالىرى چىسارى بورجا ئۈچۈن ياللانما قوشۇن باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

[2] كولونىنېسي جەمەتى — ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرىدە رىمدا ھۆكۈم سۈرگەن جەمەت. ھەربىي ساھەدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان.

ماستىنلا، ئۇنىڭغا ئەل بولدى. شۇنىڭ بىلەن پاپانىڭ ئوغلى كى-
نەز ۋالونتىنو روماناغا ئوڭايلا ئېرىشىۋالدى - دە، كورونىنا
جەمەتىنىڭ بۇ رايوندىكى كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقاردى. شۇنىڭ
بىلەن كىنەز ۋالونتىنو ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن
ھەرىكەت قىلىشى كېرەك بولدى. بىراق، ئۇنىڭ بۇنداق قىلى-
شىدا ئىككى توسالغۇ بار ئىدى: بىرى، ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى
ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا سادىق ئەمەس ئىدى. يەنە بىرى، فىرانسىيە-
نىڭ مۇددىئاسىنى ئۇقىلى بولمايتتى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى ئورد-
سىنا جەمەتى ئارمىيەسىنىڭ ئىشەنچسىزلىكىدىن ۋە ۋاقتى كەل-
گەندە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشىدىن ئىنتايىن ئەنسىرەيتتى. بۇ
ئارمىيە ئۇنىڭغا توسالغۇ بولۇپلا قالماي، ئەكسىچە تېخى ئۇ قول-
غا كەلتۈرگەن نەرسىنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋېلىشى مۇمكىن ئى-
دى. بۇ جەھەتتە كىنەز فىرانسىيە پادشاھىنىڭمۇ شۇلار بىلەن
بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى بولۇپ چىقىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى.
كىنەز فائېنزانى ئېلىپ بولنىيەگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقتىدا
ھەيرانلىق بىلەن بايقىدىكى، ئورسىنا جەمەتىنىڭ بۇ قېتىملىق
ھۇجۇمغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئىنتايىن سوغۇق بولدى. بۇ كى-
نەزنىڭ ئورسىنا جەمەتى ھەققىدىكى قىياسىنى ئىسپاتلىدى.
كىنەز ئوربىنو كىنەزلىكىنى قولغا كەلتۈرۈپ، توسكاناغا ھۇجۇم
قىلغاندا، فىرانسىيە پادشاھى ئۇشتۇمتۇت توسالغۇ بولۇشقا
باشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ۋالونتىنو كىنەز فىرانسىيە پادشاھىنىڭ
غەرىزىنى كۆرۈپ يەتتى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئورنىنى باشقىلارنىڭ
كۈچى ۋە ئامەتىگە تايىنىش بىلەن مۇستەھكەملىگىلى بولمايدى-
غانلىقىنى چۈشەندى.

ئارقىدىنلا كىنەز قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ ئىش ئورسىنا
ۋە كولونىيېسي جەمەتلىرىنىڭ رۇمدىكى كۈچلىرىنى ئاجىزلاش-

تۇرۇش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن كىنەز بۇ ئىككى جەمەتنىڭ ئاق-
سۆڭەكلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ كۆچىگە ئۆزگەرت-
تى. ئۇلارنى تارتۇقلاپ، دەرىجىسى بويىچە مەنسەپ بەردى. شۇنداق
قىلىپ، بۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆز جەمەتلىرىگە بولغان ھېسسىيا-
تى بىرقانچە ئاي ئىچىدىلا غايىب بولدى، كىنەز تەرەپكە ئۈزۈل -
كېسىل ئۆتتى. ئاندىن كولوننىېسى جەمەتىنىڭ كۆچلىرىنى
تارقىتىۋەتتى، ئارقىدىنلا پۇرسەتنى توغرىلاپ ئورسىنا جەمەتىنى
كۆزدىن يوقىتىشى كېرەك ئىدى. دەرۋەقە، ئۇزاق ئۆتمەي پۇر-
سەتمۇ كەلدى. كىنەزمۇ بۇ پۇرسەتتىن ناھايىتى چىرايلىق پاي-
دىلاندى. ئورسىنا جەمەتى كېچىككەن ھالدا شۇنى بايقاپ يەتتى:
كىنەز ۋە دىنىي پىرقىنىڭ كېڭىيىشى ئورسىنا جەمەتىنىڭ
ھالاكىتىدىن دېرەك بېرەتتى. ئورسىنا مەغلۇبىيىتىگە تەن بەر-
مەي پېروگىنونىڭ ماگىئونى كەنتىدە كېڭەش ئۆتكۈزدى. نەتىجى-
دە، ئوربىنو ۋە رومانادا كىنەزگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈردى. بۇ
كىنەزگە ناھايىتى زور خەۋپ ئېلىپ كەلدى. بىراق، ئۇ فىرانسى-
يە پادىشاھىنىڭ ياردىمى بىلەن خەۋپتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

كىنەز ئابرۇيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن فىران-
سىيە پادىشاھى ياكى باشقا چەت ئەل كۈچلىرىگە تايىنىش ئار-
قىسىدىكى خەتەرگە پېتىپ قالماسلىق ئۈچۈن سۈيىقەست
پىلانلاشقا كىرىشتى. ئۇ ھىيلە - مىكىرنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭ-
قۇر چۈشىنىپ، دۈشمىنىگە خۇشامەت قىلىشقا باشلىدى. ئور-
سىنا جەمەتىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بىرى پائولو ئورسىنانى
سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل، كىيىم - كېچەك ۋە ئاتلارنى
ھەدىيە قىلدى، پائولونىڭ كېلىشتۈرمىچىلىكى ئارقىلىق كىنەز
ئورسىنا جەمەتىنىڭ كىشىلىرى بىلەن يارىشىۋالدى، شۇنداق
قىلىپ، دوستلۇقنىڭ تۇتەك پەردىسى ئورسىنا جەمەتى كىشى-



لىرىنى كىنەزدىن ئېھتىيات قىلمايدىغان ھالەتكە كەلتۈردى، گۆدەك ۋە ساددا ئورىسىنا جەمەتى سېنىكالىيەدە كىنەزنىڭ ئالدىنىغا چۈشتى. كىنەز جەمەتىنىڭ باشلىقلىرىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ قانات ـ قۇيرۇقلىرىنى ئۆزىنىڭ كۈچىگە ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ روماناڭ پۈتكۈل زېمىنىغا ۋە ئوربىنو كىنەزلىكىگە ئىگە بولۇۋالدى. بۇ كىنەزنىڭ ھوقۇقى ۋە ئورنى ئۈچۈن مەزمۇت ئاساس سالدى. كىنەزنى تېخىمۇ خۇش قىلغىنى رومانالىقلارنىڭ دوستانە ھېسسىياتى بولدى. ئۇ بۇ رايوندىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى، خەلق كىنەز بەرگەن بەختلىك تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىدى. بۇ نۇقتا كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە ۋە ئۈلگە قىلىشىغا ئەرزىيدۇ. شۇڭا، ئۇنى مۇنداقلا بايان قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ.

كىنەز روماناني ئىگىلىگەندىن كېيىن بۇ رايوننىڭ زەئىپ، ئىقتىدارسىز ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ كەلگەنلىكىنى بايقىدى، ئۇلارنى باشقۇردى دېگەندىن كۆرە، خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئۇلارنى خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇردى دېگەندىن كۆرە، بۆلۈنۈشكە ئېلىپ باردى دېگەن تۈزۈك ئىدى، بۇ رايون ئوغرى ـ قاراقچىلار بىلەن، بۇلاڭچىلىق ۋە مالىمانچىلىق بىلەن تولغانىدى. كىنەز شۇنداق ھۆكۈم قىلدى: بۇ رايوندىكى خەلق ئەۋزەل تۇرمۇشقا كاپالەتلىك قىلالايدىغان ياخشى ھۆكۈمەتكە موھتاج ئىدى. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كىنەز قاتتىق ۋە قابىل رېمىرو. دى. ئوركونى[1] تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ئادەم ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدـ

① رېمىرو. دى. ئوركو ـــ ئەسلىدە چىسارى بورجانىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ئىدى. 1501 ـ يىلى بورجانىڭ ئورنىغا روماناغا ئەۋەتىلگەن. 1502 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تۈرمىگە كىرگەن. 26 ـ كۈنى ئۆلتۈرۈلگەن.

دىلا تىنچلىق، بىرلىك ۋە تەرتىپلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ زور
ئالقىشقا ئىگە بولدى. كىنەز ئوركونىڭ قىلىچىنىڭ ئاشۇنداق
ئىتتىك كېتمۆۋېرىدىغان بولسا يەرلىك خەلقنىڭ غەزىپىنى قوز-
غاپ قويىدىغانلىقىنى، ئوركوغا ھايات - ماماتىنى بىر تەرەپ قى-
لىدىغان چوڭ ھوقۇقنى دائىم تۇتقۇزۇپ قويۇشنىڭ ئەمدى ھا-
جەتسىزلىكىنى بىلىپ، چەكلەش كېرەك دەپ قارىدى. شۇنىڭ
بىلەن كىنەز مەركىزىي ئورۇنلاردا خەلق سوت مەھكىمىسى تە-
سىس قىلىپ، ئەڭ مۇنەۋۋەر سوت باشلىقلىرىنى ۋەزىپىگە قويى-
دى. ھەربىر شەھەردە خەلقنىڭ ئۆز ئاقلىغۇچىسى بولۇش يولغا
قويۇلدى. ئوركونىڭ بۇرۇنقى قاتتىق قوللۇقى كىشىلەرنىڭ
قەھر - غەزىپىنى قوزغىغانىدى. ئۇ خەلقنىڭ نارازىلىقىنى يو-
قىتىش ئۈچۈن، خەلقنى ئۆزىگە تارتتى، كىنەز ئەمەلىي ھەرىكى-
تى ئارقىلىق بۇرۇن بۇ يەردە يۈز بەرگەن ھەرقانداق رەھىمسىز-
لىكنىڭ كىنەز بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى، بەلكى كى-
نەزنىڭ ۋەزىرى ئوركونىڭ قاپ يۈرەكلىكى ۋە ياۋۇز تەبىئىتىنىڭ
ئاقىۋىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولدى. كىنەز يۇقىرىقى
سەپسەتىنى تاماملاپ بولۇپ، مۇۋاپىق پۇرسەتكە توغرا كەلتۈرۈپ،
بىر ئەتىگىنى ئوركونىڭ تېنىنى ئىككى پارچە قىلىپ، كېسىنا
مەيدانىغا تاشلاپ قويىدۇ. جەسىتىنىڭ يېنىغا بولسا بىر كالتەك
ۋە قانغا بويالغان پىچاقنى قويۇپ قويىدۇ. ۋەھشىيانە بۇ مەنزىرە
خەلقنى پۇخادىن چىقىرىدۇ، شۇنداقلا خەلققە ۋەھىمە سالىدۇ.

ئەمدى گېپىمىزنىڭ ئەسلىيىتىگە قايتايلى: بۇ چاغدا كىنەز
ئۆزىنىڭ كۈچىنىڭ ئىنتايىن زورايغانلىقىنى ھېس قىلىپ، كۆز
ئالدىدىكى قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئىشەنچىگە تولىدۇ. چۈنكى،
ئۇ ئۆزىنى ئاللىقاچان قورallandۇرۇپ بولغانىدى ھەمدە ئۇ ئەترا-
پىدىكى تاجاۋۇز قىلىشى مۇمكىن بولغان خەۋپلىك دۈشمەنلەرنى



ئاساسي جەھەتتىن يوقاتقانىدى. نۆۋەتتە، ئۇ ئەتراپتىكى رايونلارغا يۇرۇش قىلماقچى بولىدىكەن، فىرانسىيە پادشاھىنىڭ ئىنكاسىنى ئويلىماي بولمايتتى. چۈنكى، ئۇ فىرانسىيە پادشا- ھىنىڭ ئۆز سەۋەنلىكىنى ئەمدى تونۇپ يەتكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىن كىنەزنى قوللىمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. كىنەز ئۆزىگە ماسلىشىدىغان يېڭى دوست تاپماقچى بولدى. فىرانسىيە ئارمىيەسى ناپلېس كىنەزلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ جېئاتاغا ھۇجۇم قىلغان ئىسپانلارغا قارشى تۇرغاندا، كىنەز فىرانسىيەنىڭ ياردەم تەلىپىنى ئالداپ - سىلاپ ئۆتكۈزۈۋەتتى، ئەمەلىيەتتە قوللى- مىدى. كىنەزنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئۆزىنىڭ بىخە- تەرلىكىنى قوغداش، فىرانسىيە غەلىبە قازانغاندىن كېيىن ئۆزى- گە تەھدىت بولۇشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىدى. ئەگەر شۇ ۋاقىتتا پاپا ئالېكساندىر ھايات بولسا، كىنەزنىڭ يۇقىرىقى ئۇس- لۇبى چوقۇم ئەمەلگە ئېشىپ غەلىبە قىلغان بولاتتى.

دۇچ كەلگەن ئۆتكەلگە نىسبەتەن، كىنەز پەقەت مۇشۇ چارى- لەرنىلا قوللىنالايتتى. كېلەچەككە نىسبەتەن، كىنەز چوڭقۇر غەم - ئەندىشىدە قالغانىدى. كىنەز دىنىي ھاكىمىيەتنىڭ يېڭى ۋارىسىنىڭ ئۆزىگە دوستانە بولماسلىقىدىن، ھەتتا پاپا ئالېكسان- دىر بەرگەن نەرسىلەرنى ئۇنىڭ تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىنەز مۇنداق تۆت خىل ئۇسۇلنى قوللانماي بولمىدى: بىرىنچى، بۇرۇن بىكار قىلىنغان كونا ھۆ- كۈمرانىنىڭ ۋارىسلىرىنى يوقىتىپ، پاپانىڭ كېيىنكى ۋارىسىغا پۇرسەت بەرمەسلىك. ئىككىنچى، رىمدىكى ئاقسۆڭەكلەرنى ئۆزى- گە تارتىپ، پاپانىڭ ۋارىسلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش. ئۇ- چىنچى، پاپا سايلايدىغان باش روھانىيلار ئۆمىكىنى ئىمكانقەدەر ئۆزىگە تارتىش. تۆتىنچى، پاپا ئۆلۈشتىن بۇرۇن تېخىمۇ چوڭ

ھوقۇقنى قولغا چۈشۈرۈش، بۇ ھوقۇق بىلەن رەقىبلىرىنىڭ دەسلەپكى ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرغىلى بولاتتى. كىنەز يۇقىرىقى-دىن پەقەت ئۈچىنى پاپا ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئەمەلگە ئاشۇرالىدى، تۆتىنچىسىنى بولسا ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. ئۆزى تەرىپىدىن بى-كار قىلىنغان بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلار جەمەتىنىڭ ئەزالىرىدىن ئۆلتۈرەلىگەنلىرىنى ئۆلتۈردى. ئاز ساندىكىلىرى قېچىپ كەت-تى. شۇنىڭ بىلەن بىللە رىمدىكى ئاقسۆڭەكلەرمۇ كىنەز تەرەپتە تۇردى. باش روھانىيلار ئۆمىكىمۇ[1] كىنەزنىڭ دوستلىرىغا ئايلاندى. يېڭى ئىستېلا نىشانى سۈپىتىدە، كىنەز توسكاننىنى تال-لىدى. كىنەز بۇ ۋاقىتتا بولۇنجا ۋە پىئوموبىنونى بېسىۋالغانىدى ھەمدە پىسانى ئۆزىنىڭ قانىتى ئاستىغا ئالغانىدى. كىنەز فىرانسىيەنىڭ ئەندىشىسىدىن ساقىت بولسىلا، پىسانى ئىگىلەپ ئالاتتى. ئەمەلىيەتتە، كىنەز فىرانسىيەلىكلەرنىڭ چۈشەك بولۇ-شىدىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولاتتى. چۈنكى، فىرانسىيەلىكلەر ناپ-لېستىن ئىسپانلار ئارقىلىق قوغلانغانىدى. شۇنىڭ بىلەن فىرانسۇزلار ۋە ئىسپانلار كىنەزگە دوستلۇق ئىزھار قىلدى. كېيىن لۇكالىقلار ۋە سىيېنالىقلار قىسمەن جەھەتتىن ئۇلار-دىن قورقۇپ كىنەزگە تەسلىم بولدى، بۇ ئىشقا نىسبەتەن فلو-رېنتسىيەلىكلەر ئامالسىز قالدى. ئەگەر كىنەزنىڭ بۇ پىلانى ئە-مەلگە ئاشسا (پاپا ئالېكساندىر ئۆلىدىغان يىلى كىنەز مۇئەييەن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى)، ئۇ زور ئىمتىيازغا ئېرىشىپ، ئۆز ئال-دىغا ئايرىمۇ بولالايتتى. تەقدىرنىڭ شاپائىتى ۋە باشقىلارنىڭ قورال كۈچىگە تايانمايمۇ مۇستەقىل بولالايتتى.

ئەپسۇسكى، كىنەز ھەيۋە سۈرگەن بەشىنچى يىلى، پاپا ئا-

---

① باش روھانىيلار ئۆمىكى — رىم دىنىي جەمئىيىتىدە مەخسۇس پاپا سايلاش ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان ئورگان.



لېكساندىر ئۆلدى. پاپانىڭ كىنەزگە قالدۇرۇپ كەتكىنى رومانا كىنەزلىكى بولدى. كۈچلۈك ھەم قارىمۇقارشى كۈچلەر ئارىسىدا بۇ كىنەزلىك بىرقەدەر مۇقىم ھېسابلىناتتى، قالغانلىرى بوران - چاپقۇن ئىچىدە تەۋرىنىپ تۇراتتى. بۇ ۋاقىتتا كىنەز ئەجەللىك كېسەللىك ئىسكەنجىسىگە چۈشتى. گەرچە ئۇ شۇنچە كىرىزىس ۋە خەۋپ - خەتەرگە دۇچ كەلسىمۇ، قەيسەرلىكى ۋە ئىقتىدارى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئىدى. ئۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىشنى، قانداق بولسا دوستلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە مۇستەھكەم ھو- قۇق ئاساسىنى تىكلىدى. ئەگەر دۈشمەن تەرەپنىڭ ئارمىيەسى[1] كىنەزنىڭ كەينىدىن كۆز تىكىپ تۇرمىغان بولسا ياكى ئۇنىڭ سالامەتلىكى نورمال بولغان بولسا، كىنەز ھەرقانداق قىيىنچى- لىقنى يەڭگەن بولار ئىدى. بىز رومانالىقلارنىڭ كىنەزنىڭ كې- لىشىنى بىر ئايدىن ئارتۇق كۈتۈشىدىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، كىنەزنىڭ رومانادىكى ئورنى مۇقىم ئىدى. رومدا ئۇنىڭ ئاخىرقى بىر تىنىقى قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يەنىلا تەڭداشسىز تەسىرى بار ئىدى. گەرچە بالىئونلۇقلار[2]، ۋېتىبلىلىقلار[3] ۋە ئو- رسىنالىقلار رومغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ كىنەزگە قارشى تۇرىدىغانلارنى تاپالمىدى. گەرچە كىنەز ئۆزى ياقتۇرىدىغان ئادەمنى پاپا قىلىپ بېكىتەل- مىگەن بولسىمۇ، ھېچبولمىغاندا ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ئادەمنىڭ پاپا بولۇشىنى ئوڭۇشلۇق توسۇپ قالالىدى. ئەگەر پاپا ئالېكساند- دىر ئۆلىدىغان ۋاقىتتا كىنەزنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولغان

---

① فىرانسىيە ۋە ئىسپانىيە ئارمىيەسى.

② بالىئونلۇقلار — 15 - ئەسىردىكى بىر جەمەتنىڭ فامىلىسى.

③ ۋېتىبلىلىقلار — بىر ياللانما ئەسكەر باشلىقىنىڭ فامىلىسى.





بولسا ھەممە ئىش ئوڭايغا تارتقان بولاتتى. جۇلىئو II پاپالىققا سايلانغان شۇ كۈنى كىنەز ماڭا ئېيتتىكى، ئۇ دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ئالدىنئالا پەرەز قىلغانىدى ۋە مۇكەممەل پىلان تۈزگەنىدى. پەقەت ئويلاپ باقمىغان ئىش شۇكى، دادىسى ئۆلگەندە، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالدى.

كىنەزنىڭ ھاياتىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەيىبلىگۈدەك ھېچقانداق يېرىنىڭ يوقلۇقىنى بايقىدىم. ئەكسىچە، كىنەزنى ئۆلگە قىلىپ تىكلەش زۆرۈرلۈكىنى ئامەتكە ۋە باشقىلارنىڭ قورال كۈچىگە تايىنىپ ھاكىمىيەت ئورنىغا چىققۇچىلارنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، كىنەز ئۈچۈن ئېيتقاندا، باتۇرلۇق ۋە يۈكسەك غايىگە تايىنىپ ئىلگىرىلەشتىن باشقا يول يوق ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ دادىسى ئالېكساندىرنىڭ ئۆمرىنىڭ قىسقا بولۇشى ۋە كىنەزنىڭ كېسەل بولۇشى تۈپەيلى، كىنەزنىڭ بۈيۈك ئىستراتېگىيەسى كۆپۈككە ئايلاندى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، يېڭى دۆلەتنى دۈشمەنىنىڭ قەستىدىن ساقلاش ئۈچۈن شۇنداق تەدبىر قوللانماق كېرەك: دوست ۋە ئىتتىپاقداش تېپىش كېرەك. قورال ۋە ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ غەلىبە قىلىش كېرەك، خەلقنى يېڭى ھۆكۈمرانىنى سۆيىدىغان ھەم ئۇنىڭدىن قورقىدىغان قىلىش كېرەك. ئارمىيەنى قوماندانغا بويسۇنىدىغان ھەم ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغان قىلىشى كېرەك. خەۋپلىك ئادەملەرنى چوقۇم يوقىتىش كېرەك، كونا تۈزۈمنىڭ ئورنىغا يېڭى تۈزۈمنى دەسسىتىش كېرەك. پادىشاھ خەلققە قاتتىق ھەم يۇمشاق بولۇشى كېرەك. كەڭ قورساق ۋە ساخاۋەتلىك بولۇشى، ساداقەتسىز ئارمىيەنى تارقىتىۋېتىپ، ساداقەتلىك يېڭى ئارمىيەنى قۇرۇپ چىقىشى لازىم. باشقا خانلىق

ۋە بەگلىكلەر بىلەن دوستانە ئۆتۈپ، ئۇلارنى ھالقىلىق پەيتتە ياردەم بېرىدىغان ياكى ھېچبولمىغاندا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان قىلىشى لازىم. بۇ جەھەتتە كىنەزدىنمۇ جانلىق نەمۇنىنى تاپقىلى بولمايتتى.

كىنەزنىڭ ئۆمرىدە خاتالىق ئۆتۈلدى دېيىلسە، ئۇ دەل جۇلىئونىڭ پاپا بولۇپ سايلىنىشىغا يول قويۇشتىن ئىبارەت بولدى. باش روھانىيلار ئۆمىكىنىڭ باش روھانىي جۇلىئونى پاپا قىلىپ سايلىشىغا يول قويۇش كىنەزنىڭ كەمچىلىكى. كىنەز ئۆزى ياقتۇرغان ئادەمنى پاپا قىلىپ سايلىتىشقا مۇۋاپىق بولالمىغانىكەن، ئۇنداقتا ئۆزى رەنجىتىپ قويغان ياكى پاپا بولۇۋالغاندىن كېيىنمۇ كىنەزدىن خەۋپسىرەيدىغان كىشىلەرنى سايلاتقۇزماسلىقى كېرەك ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: كىشىلەر ئۆزىنىڭ قورقۇنچاقلىق ياكى نەپرەتلىنىش تەبىئىتى تۈپەيلىدىن ساڭا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. كىنەز رەنجىتكەنلەرنىڭ ئىچىدە سان پېرئو ئادۋىنكۇلا[1]، كولونىنا[2]، سان جورجى[3]، ئاسكانئو[4] قاتارلىقلار بار ئىدى. روئانو ۋە ئىسپانلار[5]دىن باشقىلىرى پاپا[6] بولسىلا كىنەزدىن ئەنسىرەيتتى. ئىسپانلارنىڭ كىنەزدىن قورقماسلىقىدىكى سەۋەب، ئۇلار ئۆزئارا ئىتتىپاقداش بولغاچقا، كىنەز ئۇچۇن مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. روئانونىڭ قورقماسلىقىدىكى سەۋەب، فىرانسىيە پادشاھى بىلەن مۇناسىۋ-

---

① كاردىنال، 1503 ـ يىلى پاپا بولغان. جۇلىئو II دەپ ئاتىلىدۇ.

② بىر باش روھانىينىڭ ئىسمى.

③ بىر باش روھانىينىڭ ئىسمى.

④ بىر باش روھانىينىڭ ئىسمى.

⑤ ئىسپانىيە باش روھانىينى كۆرسىتىدۇ.

⑥ پاپا باش روھانىيلار تەرىپىدىن سايلىناتتى. كىنەز بورجا بىۋاسىتە سايلىيالمىسىمۇ، ئەمما، سايلام پەيتىدە تەسىر ئۆتكۈزەلەيتتى.

تى بولغاچقا ھوقۇقتىن بەھرىمەن ئىدى. شۇڭا، بۇ مىسالىمىز-
نىڭ سىرتىدا. پۇختا بولۇش ئۈچۈن ئىسپانىيەلىكنى پاپا قىلسا
مۇۋاپىق بولاتتى. ئەگەر بۇمۇ ئەمەلگە ئاشمىسا ۋىنىكولانى ئە-
مەس، روئانونى سايلاش كېرەك ئىدى. ساددا كىشىلەرنىڭ ياخ-
شىلىق ئارقىلىق بۇرۇنقى كۆڭۈل جاراھىتىنى ساقايتىمەن دې-
يىشى، خۇددى قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ قوڭغۇراق ئوغرىلىغاندەك
ئىش. كىنەزنىڭ بۇ قېتىملىق پاپا سايلىمىدا كەتكۈزۈپ قويۇشى
ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.







## ۋەھشىيلىك بىلەن ھوقۇققا ئېرىشىش

▲ پۇقرالىرىنى قىرىدىغان، دوستلىرىغا خىيانەت قىلىدىغان، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، رەھىمسىز، دىنىي ئېتىقادى يوق ئادەمنى ھەقىقىي قابىلىيەتلىك دېگىلى بولمايدۇ. بۇنداق يوللار ئارقىلىق ھوقۇققا ئېرىشكىلى بولار، ئەمما ئۇنىڭ يۈزى بولمايدۇ. بىز ئاگاتوكلىنىڭ ھايات - مامات پەيتىدىكى ئىقتىدارىنى، ئازابقا چىداش، زور قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش جەھەتتىكى ئاجايىپ قەيسەرلىكىنى ئويلىساق، ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر سانغۇنلاردىن قېلىشمايدىغانلىقىغا گۇمانلىنىشىمىزغا ئورۇن قالمايدۇ.

▲ مېنىڭچە، ئاچقۇچ ۋەھشىي ئۇسۇللارنى رەزىللىك بىلەن قوللىنىش ياكى جانلىق قوللىنىشتا، ئەگەر يامانلىقنى ياخشىلىققا ئايلاندۇرغىلى بولسا، جانلىق بولۇشنىڭ مەنىسى دەل ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن شەپقەتسىز ۋاستىلەرنى ئاندا - ساندا ئىشقا سالسا بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. ئەگەر، بۇنداق ۋاستە پۇقرالارغا پاراغەت ئېلىپ كەلمىسە، ئۇنى شۇنىڭدىن كېيىن ئىشلەتمىگەن تۈزۈك.

▲ ئىستېلاچى بىر ئەلنى بېسىۋالغان چاغدا، ۋەزىيەتنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، ئىشلارنى پۇختا، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى





زۆرۈر. كېيىنكى ئاۋارىچىلىكتىن ساقىت بولۇش ئۈچۈن يەرلىك خەلققە قىلىنغان ئەسكى قىلمىشنى تېزلىك بىلەن يىغىشتۇ-رۇپ، ئۇنى سوزماسلىق لازىم.

ئاددىي پۇقرالىقتىن ھۆكۈمدارلىققا كۆتۈرۈلۈشنىڭ ئۇسۇلى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغاندىن باشقا يەنە ئىككى تۈرلۈك مەزمۇنغا ئىگە. ئەمدى بۇلارنى بايان قىلماقچىمىز، بۇ ئىككى ئۇسۇل تەلەي ياكى ئىقتىدارغا تايىنىش تىپىغا تامامەن ئوخشاپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى سۆزلىمەي ئۆتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ بىرىنى جۇمھۇرىيەت① ھەققىدە توختالغىنىمدا تەپسىلىي بايان قىلىمەن. مەن تۆۋەندە توختالماقچى بولۇۋاتقان ھۆكۈمدارلىققا چىقىشنىڭ ئىككى ئۇسۇلى مۇنداق: بىراۋ رەزىل ۋە پەسكەش ۋاستىلەر ئارقىلىق ھۆكۈمدارلىق ئورنىغا ئېرىشىدۇ. يەنە بىراۋلار قې-رىنداشلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئېرىد-شىدۇ. بىرىنچى خىل ۋاستىنى مۇزاكىرە قىلغىنىمىزدا مۇنداق ئىككى مىسالنى كەلتۈرىمىز، بۇ مىساللارنىڭ بىرى قەدىمكىگە، يەنە بىرى ھازىرقىغا ئائىت. بۇ ئىككى مىسالنىڭ ئىجادىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىنى دەپ ئولتۇرۇش ئارتۇقچە، ئەمما يۇقىرىقى ئىككى ئۇسۇلنى قوللىنىمەن دېگەن ئادەم ئۈچۈن مۇشۇ ئىككى مىسالنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك.

ئىتالىيەنىڭ سىتسىلىيە ئارىلىدا ئاگاتوكلى② دېگەن بىر ئادەم بار. ئۇ تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ ئاخىر سىراكۇسانىڭ پادىشاھى بولدى. ئاگاتوكلى ئەسلىدە بىر فارفۇر

---

① مۇئەللىپ بۇ ھەقتە «ماقالىلەر» دېگەن ئەسىرىدە مەخسۇس توختالغان.

② ئاگاتوكلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 289 — 361) سىتسىلىيەلىك، سىرا-كۇسانىڭ زوراۋانى.



ئىشچىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ئۆمۈر بويى رەزىل ياشىدى. لې-
كىن، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇنىڭ رەزىللىكى
روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن زور ئېنېرگىيە چىقىرىپ، ئۇنى
ھاياتىي كۈچكە تولدۇردى. ئۇ ئارمىيەگە كىرگەندىن كېيىن
ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، سىراكۇسانىڭ يەرلىك مەمۇرىي ئە-
مەلدارى بولدى. ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپلا پادىشاھ بولۇشنى كۆڭ-
لىگە پۈكتى، ئۇ بۇنى باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئەمەس،
بەلكى زوراۋانلىق ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش قارارىغا كەلدى.
ئۇ غايىسىنى كارتاجىنلىق ئامىلكار[1]غا جاكارلىدى (ئامىلكار
ئەينى ۋاقىتتا، سىتسىلىيە ئالدىنقى سېپىدە ئۇرۇش قىلىۋاتقا-
نىدى.) ئۇ بىر كۈنى سەھەردە سىراكۇسا پۇقرالىرى ۋە ئاقساقال-
لىرىنى توپلاپ، دۆلەت ئىشى ھەققىدىكى چوڭ ئىشنى ئاتالمىش
كېڭەشكە سۇندى، ئۇ بۇرۇنلا بېكىتىلگەن پارول بويىچە ئەسكەر-
لىرىگە ئۇچۇر بېرىپ، ئاقساقاللار ۋە بايلارنى قەتل قىلدى. بۇلار
ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ شەھەر پۇقرالىرىنىڭ ھېچقانداق قارشىلى-
قىغا ئۇچرىماي، شەھەرنىڭ ھۆكۈمدارلىق ھوقۇقىنى ئاسانلا تار-
تىۋالدى. گەرچە، كارتاجىنلىقلار تەرىپىدىن ئىككى قېتىم مەغ-
لۇپ قىلىنغان، شەھەر بىر مەزگىل قورشاۋدا قالغان بولسىمۇ،
ئۇ شەھەرنى باتۇرلارچە قوغداپلا قالماي، بەلكى قىسمەن ئادەملى-
رىنى تاقابىل تۇرۇشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئافرىقىغا يۈرۈش قىلىش
ئۈچۈن كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ شەھەرگە كەلگەن مۈش-
كۈلاتلارنى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ھەل قىلىپ، كارتاجىن-
لىقلارنى ئەپسىز ئەھۋالغا چۈشۈردى. ئامال بولماي، كارتاجىن-
لىقلار ئاگاتوكلىغا سۈلھى قىلدى. كېيىن، كارتاجىنلىقلار ئاف-

---

① ئامىلكار — مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 - ئەسىردە ئۆتكەن كارتاجىن گې-
نېرالى بولۇپ، سىتسىلىيەگە يۈرۈش قىلىپ، جېروندا مەغلۇپ بولغان.

رىقنى ئىگىلەپ، سىتسىلىيەنى ئاگاتوكلىغا ئىككى قوللاپ
سۇندى.

ئاگاتوكلىنىڭ ھەرىكىتى ۋە مىجەزىنى كۆزەتكەن ئادەم بى-
لىدۇكى، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدە تەلەيگە تايىنىش ئامىللىرى
زادىلا يوق. ئۇ ھۆكۈمرانلىققا ئېرىشىشتە باشقىلارنىڭ ياردىمىگە
تايانغان ئەمەس، بەلكى بىۋاسىتە ئۆزى تالاي ئىسسىق - سو-
غۇقلارنى باشتىن كەچۈرگەن، ئارمىيەدە چېنىققان. كېيىن ئۇ-
نىڭ ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قېلىشى ئۇنىڭ تالاي باتۇرلۇقى ۋە
زور خەۋپ - خەتەرگە تولغان قارار، ھەرىكەتلىرىگە باغلىق بول-
دى. لېكىن، پۇقرالىرىنى قىرىدىغان، دوستلىرىغا خىيانەت قى-
لىدىغان، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، رەھىمسىز، دىنىي ئېتىقادى
يوق ئادەمنى ھەقىقىي قابىلىيەتلىك دېگىلى بولمايتتى. بۇنداق
ئۇسۇللار ئارقىلىق ھوقۇققا ئېرىشكىلى بولار، ئەمما ئۇنىڭ يۈزى
بولمايدۇ. بىز ئاگاتوكلىنىڭ ھايات - ماماتلىق پەيتىدىكى ئىقتىدا-
رىنى، ئازابقا چىداش، زور قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش جەھەتتىكى
ئاجايىپ قەيسەرلىكىنى ئويلىساق، ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر سانغۇنلاردىن
قېلىشمايدىغانلىقىغا گۇمانلىنىشىمىزغا ئورۇن يوق بولىدۇ.
بىراق، ئۇنىڭ ياۋۇزلۇقى، ئىنسانىيەتسىزلىكى ۋە بايان قىلىپ
تۈگەتكۈسىز رەزىللىكلىرى تۈپەيلى ئۇنى ئۇلۇغ كىشىلەر قاتارى-
غا كىرگۈزگىلى بولمايتتى. دېمەك، ئۇ تەلەي ياكى ئىقتىدارنىڭ
ھەر ئىككىسىگە تايانغان ئەمەس.

پاپا ئالېكساندىر VI نىڭ دەۋرىدە، فېرمو شەھىرىدە ئولىۋې-
روتتو[1] دېگەن بىر كىشى بولۇپ، تاغىسى جىئوۋاننى فولىيانا-

---

① ئولىۋېروتتو — فامىلىسى Euffreducci بولۇپ، بۇ يەردە دېيىلگەن ۋەقە 1501 - يىلى 12 - ئايدا يۈز بەرگەن. كېيىن 1502 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئولىۋېروتتو غەربىي نىگارىيەدە چېسارى بورجىئا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.



نىڭ تەربىيەسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەنىدى. ئۇ چوڭ بولغاندىن كې-
يىن تاغىسى تەرىپىدىن ھەربىيلىككە بېرىلىدۇ. تاغىسى ئۇنىڭ
پائولو ۋىتېللى[①] قول ئاستىدا ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرۈپ
چېنىقىشىنى، ئارمىيە ئىچىدە شەرەپ قازىنىپ، ئەۋزەل ئورۇنغا
ئېرىشىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. پائولو ئۆلگەندىن كېيىن، پائولونىڭ
قېرىندىشى ۋىتېللوزونىڭ قول ئاستىدا داۋاملىق ئەسكەر بولى-
دۇ. ئولىۋېروتتو زېرەك، روھلۇق، بەرجەس، قەيسەر ئادەم بول-
غاچقا قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا ۋىتېللوزونىڭ 1 - نومۇرلۇق ئا-
دىمى بولۇپ قالدى. ئۇ باشقىلارنىڭ قول ئاستىدا چاكار بولۇپ
ئىشلەشنى پەسكەشلىك دەپ قارايتتى. شۇڭا، قەتئىي نىيەتكە
كېلىپ، ئورنىنى ئۆزگەرتمەكچى بولدى. ئۇ بىر قىسىم فېرمو
پۇقرالىرىنىڭ قوللىشى (بۇ پۇقرالار دۆلىتىنىڭ ھۆرلۈكىدىن
كۆرە ئۆزلىرىنىڭ قۇللۇق ئورنىنى ياخشى كۆرەتتى)، ۋىتېللو-
زونىڭ ياردىمى ئارقىسىدا فېرمونى ئىگىلەش نىيىتىگە كەلدى.
بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تاغىسى جىئوۋاننى فولىيانىغا خەت يازدى.
خەتتە ئۇ يۇرتىدىن ئايرىلغىنىغا ئۇزاق بولغانلىقىنى، يۇرتىغا
قايتىپ يۇرتداشلىرى بىلەن جەم بولۇشقا ئىنتىزار ئىكەنلىكى-
نى، ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان مۈلۈكلەرنى كۆرمەكچى بولغانلى-
قىنى ئىزھار قىلدى. ئۇ يەنە خۇددى راستتەك قىلىپ، ئەجداد-
لىرىغا شەرەپ كەلتۈرۈشتىن باشقا ئويىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتى-
دۇ. ئۇ ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئۆزىنىڭ بىكار يۈرمىگەنلىكىنى
يۇرتداشلىرىغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن دوستلىرى ۋە چاكارلىرىدىن
تەشكىللەنگەن يۈز كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ دەبدەبە
بىلەن قايتىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى تاغىسىنىڭ ئوبدان ئو-

---

① پائولو ۋىتېللى — فىلورېنتسىيە ياللانما قوشۇن گېنېرالى.

رونلاشتۇرۇپ فىرمو شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ شەرەپلىك قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر قىلىشنى ئۆتۈنىدۇ. ئۇ بۇنىڭ ئۆزىگە تەۋە شان - شەرەپ بولۇپلا قالماي، جىئوۋاننىنىڭمۇ شەرىپى ئىكەنلىكىنى، چۈنكى ئۆزى جىئوۋاننى چوڭ قىلغان بالا ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ.

خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن جىئوۋاننى ئەپەندى جىيەنى ئېيتقان ئىشلارنى ئېقتىماي - تېمىتماي بەجا كەلتۈردى. ئولىۋېروتتو فىرمو شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن دەرۋەقە پۇقرالارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ ئالدى بىلەن تاغىسىنىڭ ئۆيىدە بىرقانچە كۈن تۇردى. ئۇ بۇ بىرقانچە كۈندىن پايدىلىنىپ، ئۆزى پىلانلىغان قەستلەش ھەرىكىتىنى مەخپىي ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، فىرمودا ھەشەمەتلىك مۇراسىم ئۇيۇشتۇرىدۇ. مۇراسىمغا جىئوۋاننى فولىيانا ۋە فىرمو شەھىرىنىڭ بىر قىسىم مۇھىم شەخسلىرىنى تەكلىپ قىلىدۇ[1]. زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ. پائالىيەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئولىۋېروتتو ئاتالمىش مۇھىم بىر نۇتۇقنى سۆزلىگەن بولىدۇ. ئۇ پاپا ئالېكساندىر ۋە ئوغلى چىسارىنى كۆككە ئۇچۇرۇپ، ئۇلۇغلاردىن قىلىدۇ. جىئوۋاننى ۋە باشقىلار ئولىۋېروتتونىڭ نۇتقىغا مىننەتدارلىق ئىزھار قىلغاندىن كېيىن، ئولىۋېروتتو ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆپچىلىك بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان نۇرغۇن مەخپىي ئىشلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. جىئوۋاننى ۋە باشقىلار ھېچقانداق شەك كەلتۈرمەيلا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كىردى. جىئوۋاننى

---

① ئېيتىلىشىچە، بۇ ۋەقە 1501 - يىلى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى روژدېستۇۋ بايرىمىنىڭ 2 - كۈنى يۈز بەرگەن.



قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈپ تۇرۇشىغىلا ئولىۋېروتتونىڭ قول ئاستى-
دىكى ئەسكەرلەر بۆكتۈرمە قويۇلغان جايدىن ئېتىلىپ چىقىپ،
جىئوۋاننى ۋە باشقىلارنى چالا قويماي ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. قىر-
غىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئولىۋېروتتو ئاتقا مىنىپ، فېرمو
شەھىرىنى كېزىپ، ئوردىنى قورشىۋالدى. ئوردىدىكى چوڭ ئە-
مەلدارلار قورققىنىدىن ئولىۋېروتتونىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئې-
تىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئاندىن كېيىن ئولىۋېروتتو
ئۆزىگە قارىتا نارازى بولغان كىشىلەرنى ۋە قەستلەش غەرىزىدە
بولغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، پۇقرالار ۋە ئارمىيەگە دائىر يېڭى
سىياسىي تۈزۈملەرنى ئېلان قىلدى. بۇ ئارقىلىق ئۆز كۈچىنى
مۇستەھكەملىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ بۇ شەھەردە تۇرۇشى
ئىنتايىن بىخەتەر بولدى. قوشنا ئەللەرمۇ ئۇنىڭدىن قورقىدىغان
بولدى. بىز بۇرۇن توختىلىپ ئۆتكەن چىسارى بورجىئا سىنىگا-
لىيەدە ئورسىنى ۋە ۋىتالىغا ئىستېلا يۈرگۈزگەندىكىگە ئوخ-
شاشلا ئەگەر ئولىۋېروتتو بورجانىڭ ئالدىمىغا چۈشمىگەن بول-
سا، ئولىۋېروتتونىڭ ھالاك بولۇشى ئاگاتوكلىنىڭ ھالاكىتىدەك
قىيىن بولاتتى. ئولىۋېروتتو ئالداندى. ئولىۋېروتتو تۇغقانلى-
رىنى ئۆلتۈرۈپ بىر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ۋىتېللوزو
بىلەن بىرلىكتە دارغا ئېسىلدى.

بەلكىم نۇرغۇن كىشىلەر ئاگاتوكلىدەك كىشىلەر ئىنسانغا
قارىتا شۇنچە ۋەھشىي قىلىقلارنى قىلىپ، غەلىبە قازانغاندىن
كېيىن ئۆز دۆلىتىدە نېمىشقا شۇنچە ئۇزۇن دەۋر بەخىرامان يا-
شاپ يۈرىدىغاندۇ، نېمىشقا تاشقى كۈچلەرمۇ ئۇنىڭغا زىيان -
زەخمەت يەتكۈزەلمەيدىغاندۇ، نېمىشقا ئۆز دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرى-
مۇ ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىپ، قارشى چىقالمايدىغاندۇ، دەپ
ھەيران بولۇشى مۇمكىن. نېمىشقا بەزىلەر ئوخشاشلا ئاشۇ ياۋۇز-

لۇق ۋە زوراۋانلىق بىلەن ئىش تۇتۇپمۇ تىنچ دەۋردىكى ھاكىمى-
يىتىنى ساقلاپ قالالمايدۇ؟ — ئەلۋەتتە يېڭىش - يېڭىلىش ئې-
نىق بولمىغان يېغىلىق دەۋردە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مېنىڭ
قارىشىمچە، ئاچقۇچ ۋەھشىي ئۇسۇللارنى رەزىللىك بىلەن قوللى-
نىش ياكى جانلىق قوللىنىشقا باغلىق. ئەگەر، يامانلىقنى ياخ-
شىلىققا ئايلاندۇرغىلى بولسا، ئۇنداقتا، جانلىق بولۇش دېگەننىڭ
مەنىسى ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن شەپقەتسىز ۋاستىلەرنى
ئاندا - ساندا ئىشلىتىپ قويسا بولىدۇ. ئەگەر، بۇنداق ۋاستە
پۇقرالارغا پاراغەت ئېلىپ كەلمىسە، ئۇنى شۇنىڭدىن كېيىن
ئىشلەتمىگەن تۈزۈك. رەزىللىك بىلەن قوللىنىش دېگەننىڭ مە-
نىسى، رەھىمسىز ۋاستىلەرنىڭ بارغانسېرى ئازايماستىن، بەل-
كى كۆپىيىپ كېتىشىدىن ئىبارەت. بىرىنچى خىل ئىستراتېگى-
يەنى قوللانغان كىشىلەر خۇددى ئاگاتوكلىغا ئوخشاش ئىلاھ بى-
لەن ئادەمنىڭ ياردىمىگە نائىل بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە مەنپە-
ئىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. ئىككىنچى خىل ئۇسۇلنى قوللان-
غانلار ھەتتا ئۆزىنىمۇ قوغداشقا ئامالسىز قالىدۇ.

مەلۇمكى، ئىستېلاچى بىر ئەلنى بېسىۋالغان چاغدا، ۋەزى-
يەتنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، ئىشلارنى پۇختا، ئەتراپلىق ئورۇنلاش-
تۇرۇشى زۆرۈر. كېيىنكى ئاۋارىچىلىكتىن ساقىت بولۇش ئۈچۈن
يەرلىك خەلققە قىلىنغان ئەسكى قىلمىشنى تېزلىك بىلەن يى-
غىشتۇرۇپ، ئۇنى سوزماسلىق لازىم. ئىستېلاچى ۋەھشىيلىكنى
قايتا سادىر قىلمىغاندىلا، ئۇنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئوبرازى يېڭى-
لىنىپ، خەلق ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ئۆزىنى بىخەتەر ھېس
قىلىدىغان بولىدۇ. ئىستېلاچى ئاندا - ساندا شەپقەتلىرى بىلەن
خەلق قەلبىنى ئۆزىگە مايىل قىلىشى كېرەك. ئەكسىچە، ئىس-
تېلاچى قورقۇنچاق بولسا ياكى ناچار تەكلىپلەرنى قوبۇل كۆرۈپ



ئاۋامغا شەپقەت قولىنى سۇنمىسا، ئۇ ھەر سائەت، ھەر دەقىقىدە قىلىچ - شەمشەرلەر ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداشقا مەجبۇر بولىدۇ، ھەمىشە جىددىيلەشكەن كەيپىياتتا ئۆتىدۇ، ئۇ ئۆز پۇقرالىرىغا مەڭگۈ تايىنالمايدىغان بولىدۇ. پۇقرالار ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ تۇرۇۋەرگەچكە، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغان بولىدۇ. قائىدە بويىچە زىيانكەشلىك دەرھال ئاخىرلىشىپ، خەلق زىيان - زەخ- مەتكە ئازراق ئۇچرىشى لازىم. شۇ چاغدىلا خەلقنىڭ نارازىلىقى ئازىيىدۇ، ھۆكۈمدارنىڭ يەرلىك خەلققە بولغان شەپقىتى تامچە سۇدەك ئاز - ئاز، گاھ - گاھ دەرىجىدە ئۇزۇلمەي يېغىپ تۇرۇ- شى كېرەك، بۇ ئارقىلىق خەلققە ھۆكۈمدارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئۇقتۇرۇپ تۇرغىلى بولىدۇ. ئومۇمەن، ھۆكۈمدار مۇنۇ پىرىن- سىپلارنى ئەستە ساقلىشى لازىم: ئۇ خەلق ئارىسىدا ئامان - ئېسەن تۇرىمەن دەيدىكەن، ئۆزىگە پايدىسىز تاسادىپىي ۋەقەلەردىن خالىي بولمىقى كېرەك — ياخشى ياكى يامان بولسۇن، ئۆزىگە زىيانلىق ئىشلارنى قىلىپ تاشلاشتىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك — چۈنكى، پايدىسىز ئىشلارنى ئېلىپ بېرىش زۆرۈرىيىتى ھەمىشە مۇشكۈل ۋاقىتلاردا پەيدا بولىدۇ. بۇ چاغدا سەن ھەرقانچە قاتتىق قول بولساڭمۇ، بەرىبىر كېچىككەن بولىسەن، ئۇنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بۇنداق چاغدا سەن ياخشى ئىشلارنى قاناز- چىلاپ قىلىشىڭدىن قەتئىينەزەر يەنىلا ساڭا پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى، كىشىلەر سېنىڭ قىلغانلىرىڭنى ۋەزىيەت تەقەززاسىدىن بولدى دەپ چۈشىنىدۇ، شۇڭا ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن خەلقتىن تە- شەككۈر ئاڭلىيالمايسەن.



ئاۋامغا شەپقەت قولىنى سۇنمىسا، ئۇ ھەر سائەت، ھەر دەقىقىدە قىلىچ ـ شەمشەرلەر ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداشقا مەجبۇر بولىدۇ، ھەمىشە جىددىيلەشكەن كەيپىياتتا ئۆتىدۇ، ئۇ ئۆز پۇقرالىرىغا مەڭگۈ تايىنالمايدىغان بولىدۇ. پۇقرالار ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ تۇرۇۋەرگەچكە، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغان بولىدۇ. قائىدە بويىچە زىيانكەشلىك دەرھال ئاخىرلىشىپ، خەلق زىيان ـ زەخمەتكە ئازراق ئۇچرىشى لازىم. شۇ چاغدىلا خەلقنىڭ نارازىلىقى ئازىيىدۇ، ھۆكۈمدارنىڭ يەرلىك خەلققە بولغان شەپقىتى تامچە سۇدەك ئاز ـ ئاز، گاھ ـ گاھ دەرىجىدە ئۇزۇلمەي يېغىپ تۇرۇشى كېرەك، بۇ ئارقىلىق خەلققە ھۆكۈمدارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئۇقتۇرۇپ تۇرغىلى بولىدۇ. ئومۇمەن، ھۆكۈمدار مۇنۇ پىرىنسىپلارنى ئەستە ساقلىشى لازىم: ئۇ خەلق ئارىسىدا ئامان ـ ئېسەن تۇرىمەن دەيدىكەن، ئۆزىگە پايدىسىز تاسادىپىي ۋەقەلەردىن خالىي بولمىقى كېرەك — ياخشى ياكى يامان بولسۇن، ئۆزىگە زىيانلىق ئىشلارنى قىلىپ تاشلاشتىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك — چۈنكى، پايدىسىز ئىشلارنى ئېلىپ بېرىش زۆرۈرىيىتى ھەمىشە مۇشكۈل ۋاقىتلاردا پەيدا بولىدۇ. بۇ چاغدا سەن ھەرقانچە قاتتىق قول بولساڭمۇ، بەربىر كېچىككەن بولىسەن، ئۇنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بۇنداق چاغدا سەن ياخشى ئىشلارنى قادچىلاپ قىلىشىڭدىن قەتئىينەزەر يەنىلا ساڭا پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى، كىشىلەر سېنىڭ قىلغانلىرىڭنى ۋەزىيەت تەقەززاسىدىن بولدى دەپ چۈشىنىدۇ، شۇڭا ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن خەلقتىن تەشەككۈر ئاڭلىيالمايسەن.



## قۇتلۇق چېۋەرلىك: ھۆكۈمدار ئۆزى بىلەن پۇقرالار ۋە ئۆزى بىلەن ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك؟

▲ ھۆكۈمدار خەلق بىلەن ئىناق مۇناسىۋەتتە بولۇشى كېرەك، بولمىسا ئۇ پېشكەلچىلىككە ئۇچرىغاندا يالغۇز قالىدۇ.

▲ تىنچ مەزگىللەردە پۇقرالار دۆلەتكە باغلانغان بولىدۇ، ھەممە ئادەم دۆلەت ئۈچۈن كەتمەن چاپىدۇ، ئۆلۈم خەۋپى ناھايىتى يىراقتا تۇرغان بولىدۇ. كىشىلەر دۆلەتتىن جېنىمىزنىمۇ ئايىمايمىز دەپ قەسەم قىلىشىدۇ. بىراق، خەتەر يېتىپ كېلىپ، دۆلەت پۇقراغا قاراشلىق بولغاندا، ھۆكۈمدار قەسىمگە ئەمەل قىلىدىغانلارنىڭ بارماقتا سانىغۇدەك قالغانلىقىنى بايقايدۇ.

▲ ئەقىللىق ھۆكۈمدار پۇقرالارنى ھەربىر دەقىقىدە دۆلەتتىن ئايرىلالمايدىغان ھالەتتە تۇتۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا پۇقرالار ھۆكۈمدارغا سادىق بولىدۇ.

ئاددىي بىر شەھەر پۇقراسى رەزىللىك بىلەن زوراۋانلىققا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى قېرىنداشلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ھۆكۈمدارغا ئايلانغان بولسا، ئۇنداقتا بۇنداق ئەل شەھەر پۇقرا-

لىرى دۆلىتى دېيىلىدۇ. بىراق مۇشۇنداق ئىمتىيازغا ئېرىشمەن دەيدىكەن، نوقۇل ھالدا ئىقتىدار ياكى بەخت ـ تەلىيىگە تايانسا بولمايدۇ. يەنە ئۇنىڭدا ئۇڭغا تارتقان چېۋەرلىكمۇ بولۇشى كې-رەك. ئادەتتە، بىرەرسىنىڭ ئاشۇنداق ئىمتىيازغا ئېرىشىشى بىر بولسا ئاۋامنىڭ ياردىمىدىن بولىدۇ، بىر بولسا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ياردىمىدىن بولىدۇ. بۇنداق ياردەملەرگە ئىگە بولۇشنىڭ مۇمكىن-لىكى شۇ يەردىكى، سەن ھەرقانداق بىر شەھەردىن زىددىيەتلىك گۇرۇھلارنى ئىزدەپ تاپالايسەن، يەنى خەلق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋەھشىيانە ئېزىشىنى خالىمايدۇ، ئاقسۆڭەكلەر بولسا خەلقنى ئې-زىش خۇمارىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئەنە شۇنداق بىر ـ بىرىگە زىت مەنپەئەت مەۋجۇت بولغاچقا، شەھەر ھاياتى مۇنداق ئۈچ خىل ھالەتنىڭ مەلۇم بىرسىدە تۇرۇۋاتقان بولىدۇ: (1) مۇستەبىت ھۆكۈمەت؛ (2) ئەركىن (لىبېرال) ھۆكۈمەت؛ (3) ھۆكۈمەتسىز ھالەت. مۇستەبىت ھۆكۈمەتنى ئاۋام قۇرمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئاقسۆڭەكلەر قۇرۇپ چىققان بولىدۇ، بۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تەلىيىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. كىمدە پۇرسەت بولسا شۇ غەلى-بە قىلىدۇ. ئاقسۆڭەكلەر ئاۋامنىڭ ئىرادىسىگە قارشى كۈچىنىڭ يوقلۇقىنى سەزگەندە، دەرھال ئۆز ئىچىدىكى بىرەرسىنىڭ ئابرۇ-يىنى كۆتۈرۈپ، شەھەرنىڭ ھۆكۈمدارىغا ئايلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سايىسىدە ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمىنىڭ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، خەلق ئاقسۆ-ڭەكلەرگە تاقابىل تۇرالماسلىقىنى سەزگەندە، ئارىسىدىكى مەلۇم بىرىنىڭ ئابرۇيىنى كۆتۈرۈپ ھۆكۈمدارلىق ئورنىغا دەسسىتىدۇ. خەلقنىڭ ھىمايىسىگە تايىنىپ ھۆكۈمدار بولغۇچىغا قارىغاندا، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يۆلىشى بىلەن ھۆكۈمدار بولغۇچى ئۆز ئورنىنى تەستە ساقلايدۇ. سەۋەب مۇنداق: ئاقسۆڭەكلەرگە تايانغان ھۆ-

كۈمدار ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن باراۋەر دەپ قارايدىغان بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا قالىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ ئۇلارنى ئۆز ئىرادى- سى بويىچە باشقۇرۇشتا ئامالسىز قالىدۇ. ئەگەر، بىراۋ خەلقنىڭ ھىمايىسى بىلەن ھۆكۈمدار بولسا، ئۆزىنى توپ ئىچىدىكى سەر- كىدەك ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ چۆرىسىدە بويسۇنمايدىغانلار يوق ھېسابتا (قارشى چىقىدىغانلار ناھايىتى ئاز) بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھۆكۈمدار ئادالەت بىلەن ئىش باشقۇرسا، ئاقسۆڭەكلەر بۇ- نىڭدىن نارازى بولسىمۇ، خەلق چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلىدۇ. چۈنكى، خەلق مەنپەئەتى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىگە قارىغاندا ھەققانىيلىقتا ئىگە بولىدۇ. خەلق زۇلۇمدىن ساقلىنىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئاقسۆڭەكلەر باشقىلارغا زۇلۇم سېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتقاندا، ئەگەر خەلق غەزەپكە كەلسە، ھۆ- كۈمدار خاتىرجەم بولۇشنى ئۈمىد قىلمىسۇن. چۈنكى، خەلق دۆ- لەتنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. ئەكسىچە، ھۆكۈمدار ئاقسۆڭەكلەرگە ئوڭاي ۋە بىخەتەر ھالدا تاقابىل تۇرالايدۇ، چۈن- كى، ئاقسۆڭەكلەر مەملىكەت نوپۇسىنىڭ ئىنتايىن ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھۆكۈمدار پەرەز قىلالايدۇكى، ئۆزىدىن نارازى، ھەتتا ئۆزىگە قارشى خەلقنىڭ ئەڭ رادىكال ئىنكاسى ھۆكۈمدا- رىغا ئىشەنمەسلىكتىن ئىبارەت. لېكىن، ئاشۇ ئاقسۆڭەكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھۆكۈمدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆزىگە ئىشەن- مەسلىكىدىن ئەنسىرەپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ ھەرىكەتكە كېلىپ قارشى چىقىشىدىنمۇ قورقىدۇ. چۈنكى، ئاقسۆڭەكلەر خەلققە نىسبەتەن ئۆتكۈر ۋە زېرەك كېلىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن قۇتقۇزالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاقسۆڭەكلەر ئىش ئوڭدىن كېلىۋاتقانلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ھۆكۈمدار خەلق بىلەن ئورتاق ياشاشقا مەجبۇر



بولىدۇكى، ئاقسۆڭەكلەر بولمىغاندىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى، ھۆكۈمدار ئاقسۆڭەكلىك مەرتىۋىسىنى بېرىشكە ۋە تارتىۋېلىشقا قادىر، ئۇلارنىڭ شان - شەرىپىنى ئۆستۈرۈشكە ياكى ئېلىۋېتىشكە قادىر.

بۇ جەھەتتىكى نۇقتىئىنەزىرىمنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاقسۆڭەكلەرنى تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇل ئارقىلىق كۆزىتىش كېرەك دەپ قارايمەن: ئۇلار بىر بولسا تەلەيىڭگە بېقىپ ئىش ئېلىپ بارىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش ئېلىپ بارىدۇ. ئالدىنقىسىغا شان - شەرەپ ۋە ئىلتىپات كۆرسىتىش كېرەك. كېيىنكىسىگە مۇنداق ئىككى خىل كۆزىتىش ئېلىپ بارساڭ بولىدۇ: ئۇلارنىڭ سېنىڭ تەلىيىڭگە مايىل ئىش قىلماسلىقى ئۇلارنىڭ قورقۇنچاقلىقى ياكى تۇغما جۇرئەتسىزلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، سەن ئۇلاردىن پايدىلىنىشىڭ كېرەك. بولۇپمۇ سەن ئۈچۈن پايدىلىق تەكلىپ بېرەلەيدىغانلاردىن تولۇق پايدىلىنىشىڭ كېرەك. شۇنداق بولغاندا، ئۇلار تەلىيىڭگە ھۆرمەت قىلىدۇ. بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بولسا ئۇلاردىن ئەنسىرىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن، ئۇلار ئالا كۆڭۈللۈك قىلىپ، سەندىن يالتايسا، دېمەك، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆپرەك چوت سوقىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھۆكۈمدار بولغان ئادەم ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىشى، ئۇچۇق - ئاشكارا دۈشمەنلىرىدىن ھەزەر قىلغاندەك ئۇلاردىن ھەر مىنۇت ھوشيار بولۇشى لازىم، ناۋادا ھۆكۈمدار ئەپسىز ئەھۋالدا قالسا، ئۇلار پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ھۆكۈمدارنى تارمار قىلىشى مۇمكىن.

ئەگەر، كىشى خەلقنىڭ ھىمايىسى بىلەن ھۆكۈمدار بولغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ خەلق بىلەن ئىناق ئۆتۈشى ۋە خەلققە كەڭ

قورساق بولۇشى لازىم. چۈنكى، خەلق زۇلۇمدىن خالىي بولۇش-
نىلا ئارزۇ قىلىدۇ، بۇ تەلەپنى ئورۇنلاش ھۆكۈمدارغا نىسبەتەن
ئوڭاي. ئەگەر بىراۋ خەلقنىڭ ئىستىكىگە يات ھالدا ئاقسۆڭەك-
لەرنىڭ يۆلىشى بىلەن ھۆكۈمدارلىق تەختىگە ئولتۇرسا، ئۇ
ئاۋۋال خەلقنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشى كې-
رەك. ھۆكۈمدار خەلقنى قوغدىسىلا بۇ مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. ئا-
دەم باشتا شۈبھىلەنگەن ئادەمدىن ئويلىمىغان يەردە ياخشىلىققا
ئېرىشىپ قالسا، ئېنىقكى، ئۇ ئىپادىلەش تەس بولغان تەشەككۈر
ھېسسىياتىغا تولىدۇ. پات پۇرسەت ئىچىدىلا خەلقنىڭ مۇھەببى-
تى ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭكىدىن ئېشىپ كې-
تىدۇ. ئەلۋەتتە، خەلقنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىشنىڭ يول-
لىرى كۆپ، ئۇنى كونكرېت بەلگىلەش ئەھۋالىغا قاراپ بولىدۇ.
بۇنىڭ ئۈچۈن ئومۇمىي قائىدە بەلگىلەش تەس. شۇڭا، بۇ جەھەت-
تە ئارتۇقچە گەپ ئاچمىدۇق. دېمەكچىمەنكى، ھۆكۈمدار خەلق
بىلەن ئىناق مۇناسىۋەتتە بولۇشى كېرەك. بولمىسا، ئۇ پېشكەل-
چىلىككە ئۇچرىغاندا ياردەمچىسىز قالىدۇ.

سپارتا پادىشاھى نابىس[1] گىرېكلەر ۋە غالىب رۇم قوشۇ-
نىنىڭ ھۇجۇمىنى ئۇڭۇشلۇق قايتۇرۇپ، دۆلىتىنى قوغداپ قال-
دى. نام - شەرىپىگە داغ تەگكۈزمىدى. خەۋپ - خەتەر كەلگەندە،
ئۇ پەقەت قول ئاستىدىكى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ تۈزكورلۇق
قىلىپ، ئىچكى جەھەتتىن خەۋپ يەتكۈزۈشىدىن ساقلانسىلا بو-
لىدۇ. خەلق ئۇنىڭغا قارشى ھالەتكە ئۆتۈپ بولغان ئەھۋال ئاس-
تىدا بۇنداق قىلىپ قويۇشنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئەمەس. بۇ كۆز-

[1] نابىس — م.ب 206 - ياكى 192 — 207 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان.
ئاچ كۆزلۈك ۋە ۋەھشىيلىك بىلەن نام چىقارغان. كېيىن رۇم ئارمىيەسى تەرىپىدىن
ئۆلتۈرۈلگەن.



قارشىمنى كىشىلەرنىڭ «خەلققە تايىنىش قۇم ئۈستىگە بىنا سېلىش» دېگەن كونا ماقال ـ تەمسىل بىلەن رەت قىلماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ تەمسىل مۇنداق ئەھۋالغا تەتبىقلانسا مۇۋاپىق بولىدۇ: خەلق ئارىسىدىكى ئاددىي بىر پۇقرا دۈشمەنى ياكى ئە-مەلدارلارنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچراپ خەلق مېنى قۇتقۇزىدۇ دەپ ئى-شەنسە، مانا بۇ ھاماقەتلىك. رۇملۇق گىراچى① بىلەن فلورېن-سىيەلىك ماسۇ جورجى سكالى② لار ئاشۇنداق قىسمەتكە يولۇ-قۇپ، ئالدانغانلىقىنى ئاخىر بايقاشقانىدى. خەلققە يىلتىز تارتقان بۇ ئادەم ئادەتتىكى پۇقرا بولماستىن، بەلكى ھۆكۈمدار بولغان بولسا، ئۇ خەلقنى يېتەكلىيەلىسە، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىيىنچىلىقتا سالپىيىپ كەتمەي ئامال ئىزدەيدىغان، ئۆزىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان كۈرەش ئىرادىسى ۋە توغرا تەدبىرلىرى بىلەن خەلقنى ئىلھاملاندۇرالايدىغان باتۇر كىشى بولسا، ئۇنداقتا، خەلق ئۇنىڭدىن ھەرگىز يۈز ئۆرۈمەيدۇ. ئەمەلىيەتمۇ ئۇنىڭ ئۇلىنىڭ نەقەدەر پۇختىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ خىل شەھەر پادىشاھلىقىنىڭ ئاۋام ھاكىمىيىتىدىن مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە ئۆزگىرىش جەريانى خەتەر بىلەن تولغان بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ھۆكۈمدارلار ئىشلارغا ئۆزى رەھبەرلىك قىلماستىن، قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ قوماندانلىقىغا تا-يىنىپ قالغان بولىدۇ، ئەمەلدارلىرىنىڭ قوماندانلىقىغا قاراشلىق بولۇپ قېلىش ھۆكۈمدار ئورنىنىڭ تەۋرىنىپ قالغانلىقىنى ۋە خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنداق چاغدا ھاكىمىيەت

---

① گىراچى ــ قەدىمكى رىمدىكى پۇقرالار فلورېنسىيە تۆۋەن قاتلام كىشىلە-رىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى.

② سكالى ــ 14 ـ ئەسىردىكى فلورېنسىيە تۆۋەن قاتلام كىشىلىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى.





ئەمەلدارلارنىڭ تاۋۇغا باغلىنىپ قالىدۇ. ئەمەلدارلار قىيىنچىلىق پەيتى كەلگەندە، يا ھۆكۈمدارغا قارشى تۇرىدۇ، يا ھۆكۈمدارنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىمايدۇ. نەتىجىدە، ھاكىمىيەت ئاسانلا قولدىن كېتىدۇ. ئادەتتە، ھۆكۈمدار قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە مۇتلەق ھوقۇقىنى ھەقىقىي ئىشقا سېلىشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ. چۈنكى، پۇقرالار ئەمەلدارلارنىڭ بىۋاسىتە ئەمرىگە كۆنۈپ كېتىپ، جىددىي شارائىتتا پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى دەرھال ئاڭلاپ كېتەلمەيدۇ. ئاشۇنداق قالايمىقانچىلىقتا پادىشاھ ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. پادىشاھ بۇنداق ۋاقىتتا تىنچ مەزگىللەردىكىدەك قارار چىقارسا بولمايدۇ. چۈنكى، تىنچ مەزگىللەردە پۇقرالار دۆلەتكە باغلانغان بولىدۇ، ھەممە ئادەم دۆلەت ئۈچۈن كەتمەن چاپىدۇ، ئۆلۈم خەۋپى ناھايىتى يىراقتا تۇرغان بولىدۇ. كىشىلەر دۆلەتتىن جېنىمىزنىمۇ ئايىمايمىز دەپ بىمالال قەسەم قىلىشىدۇ. بىراق، خەتەر يېتىپ كېلىپ، دۆلەت پۇقراغا موھتاج بولغاندا، قەسەمگە ئەمەل قىلىدىغانلار بارماقتا سانىغۇدەك قالىدۇ. بۇ تولىمۇ قورقۇنچلۇق ھال. چۈنكى، بۇ ئەڭ ناچار ئاقىۋەت. دۆلەت بۇنداق ئەھۋالدا پۈتۈنلەي تۈگىشىپ، قۇتۇلۇش پۇرسىتىدىن مەڭگۈ مەھرۇم بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەقىللىق ھۆكۈمدار پۇقرالارنى ھەربىر دەقىقىدە دۆلەتتىن ئايرىلالمايدىغان ھالەتتە تۇتۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا پۇقرالار ھۆكۈمدارغا سادىق بولىدۇ.



## هۆكۈمدار ئۆزىنىڭ ئاساسىنى قانداق قۇرۇشى كېرەك؟

▲ پادىشاھ مۇستەھكەم شەھەردە تۇرۇپ، خەلقنى نارازى قىلمىغان بولسىلا ھۇجۇمغا ئۇچرىمايدۇ.

خانلىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزەتكەندە يەنە بىر نۇقتا ھەققىدە ئويلاش زۆرۈر، ئۇ بولسىمۇ، ھۆكۈمدار خەۋپ - خەتەردە قالغاندا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يول تاپالامدۇ ياكى باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپمۇ؟ مېنىڭچە، خانلىقنىڭ ئادىمى كۆپ، بايلىقى مول بولسا، يېتەرلىك قوشۇننى ئوڭايلا تەييار قىلالايدۇ - دە، تاجاۋۇزچىلارغا بەس كېلەلەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ھۆكۈمدار ئۆز - ئۆزىنى قوغداپ، مۇستەھكەم تۇرالايدۇ. ئەگەر، دۈشمەنگە يۈزتۇرا تاقابىل تۇرالماي، قورغان ئىچىدىكى مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا توغرا كەلسە، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئۆز ئورنىنى قوغدىماق زۆرۈر. بىز بىرىنچى خىل ھالەت ئۈستىدە توختىلىپ بولغانىمىز. ئەمدى ئىككىنچى خىل ھالەت ئۈستىدە توختىلىمىز. ئىككىنچى خىل ئەھۋال ئاستىدا، مەن پەقەت ھۆكۈمدارلارغا ئۆز شەھىرىدىكى مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى ياخشى قۇرۇپ، قورشاۋدا قالغان سەھرالىرىدىن ۋايىم يەپ كەت-





مەسلىكى ھەققىدە كۆرسەتمە بېرەلەيمەن. بۇنىڭدىن باشقا مەسلىھەتىم يوق. مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ مۇداپىئەسى پۇختا بولسىلا، ھۆكۈمەت بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى باشتا سۆزلەنگەن ئۇسۇللار ۋە نۆۋەتتە سۆزلىنىدىغان ئۇسۇللار بويىچە بىر تەرەپ قىلىنسا بولىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ دۈشمىنى بۆسۈپ كىرمەكچى بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئېھتىيات قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر پىلانىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى كۆرسە، بۇنىڭدىن خورسەن بولۇپ كەتمەيدۇ. پادىشاھنىڭ مۇداپىئەسى پۇختا بولغان، خەلق پادىشاھدىن نەپرەتلەنمەيدىغان ئەھۋالدا، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىش ئاسانغا توختىمايدۇ.

گېرمانىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرى مۇتلەق ئەركىن بولۇپ، ئۆپچۆرىسىدە يېزا - قىشلاقلار ناھايىتى ئاز. پۇقرالار پەقەت بويسۇنۇشنىلا تالليالايدۇ، بىراق پۇقرالار پادىشاھتىن ۋە ئەتراپتىكى باشقا ھۆكۈمدارلاردىن قورقمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار مۇداپىئە ئىشلىرىنى پۇختا ئىشلەپ بولغان. روشەنكى، بۇ شەھەرگە كىرمەكچى بولغانلار ئۇزاققا سوزۇلىدىغان قارشىلىققا ئۇچرايدۇ. شەھەرلەردە خەندەك ۋە سېپىللار ئوبدان تۈزۈلگەن. يېتەرلىك زەمبىرەكلەر تەييارلانغان. بىرەر يىل يەتكۈدەك ئاشلىق ۋە يېقىلغۇ ساقلانغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھۆكۈمەت پۇقرالارنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولغان ئەھۋال ئاستىدا، پۇقرالارنى ئىقتىسادىي جان تومۇر بىلەن ئالاقىدار ئەمگەككە ئورۇنلاشتۇرغان بولىدۇ - دە، پۇقرالارنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە ئاشلىق بىلەن ئىزچىل تەمىنلىنىشىگە يول ھازىرلاۋاتقان بولىدۇ. يەنە ھۆكۈمەت ھەربىي مانېۋىرغا كۆڭۈل بۆلگەن بولىدۇ - دە، ھەربىي مەشىقنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئالاقىدار قائىدە -

نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىدۇ.

دېمەك، پادىشاھ مۇستەھكەم شەھەردە تۇرۇپ، خەلقنى نارازى قىلمىغان بولسىلا ھۇجۇمغا ئۇچرىمايدۇ. ئەگەر، بىرەرسى ۋەزى-يەتنى بايقىماي ھۇجۇم قىلىپ قالسا، ئۇسال ئاقىۋەتكە قالىدۇ. جاھاندىكى ئىشلار ئاسان ئۆزگىرىدۇ، ھەربىي قىسىملارنى ھېچ ئىش قىلدۇرماستىن لاگېر ئىچىدە بىر يىل تۇتۇپ تۇرۇش مۇم-كىن ئەمەس. ئېھتىمال، بەزىلەر شۇنداق دېيىشەر: ئەگەر، شەھەر سىرتىدا خەلقنىڭ مال ـ مۈلكى بولسا، تاجاۋۇزچىلار ئۇنى ۋەيران قىلسا، خەلق بۇنىڭغا سەۋر ـ تاقەت قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇزاققا سوزۇلغان قورشاۋ بىلەن شەخسىيەتچىلىك پۇقرالارنى پادىشاھنى ئۇنتۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئەمما، مېنىڭ بۇ توغرىدىكى جاۋابىم مۇنداق: كۈچلۈك ھەم كەسكىن پادىشاھ بۇ خىل ھالەتكە دۇچ كەلسە، بىر تەرەپتىن خەلقنى ئۈمىدلەندۈرۈپ، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈشى، يەنە بىر تەرەپتىن، پۇقرالارنى دۈشمەنلەرنىڭ ياۋۇزلۇقىدىن ئەنسى-رەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئاتلىنالايدىغان قىلىپ تەربىيەلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پادىشاھ ئىشنى بۇزۇپ قو-يىدىغان تەنتەك ئادەملەرنى پەم بىلەن كونترول قىلىشنى بىلى-شى لازىم. شۇ چاغدىلا پادىشاھ يۇقىرىقىدەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدۇ. دۈشمەن يېتىپ كەلگەندە، خەلقنىڭ كۈرەش ئىرادىسى كۈچلۈك بولۇپ، تاقابىل تۇرۇشنى خالىسا، دۈشمەن دەرغەزەپ بولۇپ، شەھەر ئەتراپىدىكى جايلارنى بۇزۇۋېتىشى مۇمكىن، بۇ چاغدا، پادىشاھ ئىككىلەنمەسلىكى كېرەك، چۈنكى ئەمدى ھەرى-كەتكە ئۆتمەي، خەلقنىڭ ئىرادىسى بوشىشىپ كەتكەندىن كېيىن ھەرىكەتكە ئۆتسە، بۇزغۇنچىلىقلار بولۇپ بولغان، ئاپەت كېلىپ بولغان شارائىتتا، چىقىش يولىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.





دۈشمەن شەھەر سىرتىدا خەلقنىڭ مۈلكىنى ۋەيران قىلىۋاتقاندا، خەلق پادىشاھ بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىش نىيىتىگە كېلىدۇ. چۈنكى، خەلق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقاندا، تاجاۋۇزچىلار ئۇلارنىڭ مۈلكىنى ۋەيران قىلىۋاتقاندا، پادىشاھ خەلققە مەسئۇل بولۇشى لازىم. شەپقەت قىلىش بىلەن شەپقەتكە ئېرىشىشلەرنىڭ ھەممىسى ئادەمدە شاپائەتچىگە نىسبەتەن بۇرچ تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق ھېسسىيات ئادەتتە ھەرقانداق ئادەمدە بولىدۇ. تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىنچىكە ئىشلەنگەن، ئاشلىق ۋە قوغدىنىش ۋاسىتىلىرى يېتەرلىك بولغان شارائىتتا، چېچەن پادىشاھ دۈشمەن قورشاۋى ئىچىدە تۇرۇپمۇ خەلقنىڭ ئىرادىسىنى باشتىن - ئاخىر مۇستەھكەملەيدۇ. بۇنى قىلىش تەس ئەمەس.







## دىنىي جەمئىيەت پادىشاھلىقى

بىز دىنىي جەمئىيەت پادىشاھلىقى ئۈستىدە ھازىرغىچە توختالمىدۇق. بۇنداق دۆلەتنىڭ قىيىنچىلىقى ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى جەريانىدا، يەنى ئۇ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولىدۇ. بۇنداق دۆلەت ئىقتىدارغا ياكى تەقدىرنىڭ شاپائىتىگە تايىنىپ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئەمما، بۇنداق دۆلەتنى ساقلاپ قېلىشتا يۇقىرىقى ئىككى تەرەپكە تايىنىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ. چۈنكى، دىنىي جەمئىيەت پادىشاھلىقى دىنىي ئۆرپ ـ ئادەتكە تايىنىپ ھۆكۈم سۈرىدۇ. قەدىمىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئىنتايىن قۇدرەتلىك بولۇش بىلەن بىللە مۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە: ئۇ ئۆرپ ـ ئادەتلەر پادىشاھنىڭ ھەرىكىتى ۋە تۇرمۇشى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بەرىبىر پادىشاھنىڭ ھوقۇقىنى قوغدايدۇ. پادىشاھنىڭ ئىلكىدە دۆلەت بولسىمۇ، پادىشاھنىڭ قوغدايمەن دەپ باش قاتۇرۇشى بىھاجەت. پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىدە خەلق بار بولسىمۇ، باشقۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولۇشى بىھاجەت. شۇنداق ھالەتتىمۇ دۆلەتنى پادىشاھنىڭ قولىدىن ھېچكىم تارتىۋالمايدۇ. تىزگىنسىز پۇقرالارنىڭمۇ پادىشاھ بىلەن كارى بولمايدۇ. پادىشاھتىن يىراقلاش ياكى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش تېخىمۇ يوق گەپ. دېمەك، بۇنداق پادىشاھلىق بىخەتەر، تىنچ ۋە بەختلىك بولىدۇ.

ئەمما، بۇنداق دۆلەتنى ئىنسان قۇدرىتىدىن يۇكسەك بولغان ئىلاھىي قۇدرەت يۆلەپ تۇرغان بولىدۇ. مەن بۇ ھەقتە سۆزلىمەكچى ئەمەس. چۈنكى، بۇنداق دۆلەتنى خۇدا ئۆزى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە ھىمايە قىلىپ تۇرغان بولىدۇ. بۇ ھەقتە گەپ ئېچىش خۇدا ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن كۈپۈرلۈق بولىدۇ. بۇنداق ئەخمىقانە ئىشنى خۇددى يوق ئادەملەرلا قىلىدۇ. ئېھتىمال، بەزىلەر مۇنداق سوئال قويۇشى مۇمكىن: رۇم دىنىي جەمئىيىتى نېمە ئۈچۈن پانىي دۇنيانىڭ شۇنچە زور ھوقۇقىغا ئېرىشەلىدى؟ ئىتالىيەنىڭ غوجىسى① ھېسابلىنىدىغان پاپا ئالېكساندىر دەۋرىدىن ئىلگىرىلا ئاتالمىش غوجىلار، ئاشۇ ئەرزىمەس بارون ۋە بەگلىكلەرمۇ دىنىي جەمئىيەتنىڭ ھوقۇقىنى كۆزگە ئىلمايتتى. ئەمما، مۇشۇ كۈنلەردە فىرانسىيە پادشاھى ئۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقماقتا. چۈنكى، دىنىي جەمئىيەت فىرانسىيە پادشاھىنى ئىتالىيەدىن سۈرۈپ چىقىرىپ، ۋېنتسىيەنى ۋەيران قىلدى. بۇ ئەھۋال ھەممىگە ئايان بولسىمۇ، ئۇنى كىشىلەرنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇش ئارتۇقچە ئەمەس.

فىرانسىيە پادشاھى چارلىز VIII ئىتالىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرى②، ئىتالىيەنى رۇم پاپاسى، ۋېنتسىيەلىكلەر، ناپلېس پادشاھى، مىلان كىنەزلىكى ۋە فىلورېنسىيەلىكلەر بۆلۈپ ئىدارە قىلاتتى. ئۇلار مۇنداق ئىككى ئىشتىن پەخەس بولاتتى: بىرى، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ئىتالىيەگە بولغان قوراللىق تاجاۋۇزىدىن ساقلىنىش؛ يەنە بىرى، ئىتالىيەدىكى ھەرقايسى ھۆكۈمەتلەر ئۆزلىرىنىڭ زېمىن دائىرىسىنى كېڭەيتى-

---

① شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمدارلىرى.

② 1494 ـ يىلى فىرانسىيە پادشاھى چارلىز VIII نىڭ ھۇجۇم قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىتالىيە چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان.



ۋەتمەسلىكى كېرەك ئىدى. بۇ ھۆكۈمەتلەر ئىچىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدىغانلىرى پاپا بىلەن ۋېنتسىيەلىكلەر ئىدى. ۋېنتسىيەلىكلەرنىڭ بۇرنىدىن چۇلۇك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن (فېرراراني قوغدىغاندا ئوخشاش) ئۇلار بىرلىشىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار پانىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن رىمدىكى ئاقسۆڭەكلەردىن پايدىلاندى. بۇ ئاقسۆڭەكلەر ئىككى مەزھەپكە بۆلۈندى: ئورسىنې مەزھىپى ۋە كولونىنېسى مەزھىپى، بۇلار ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش بولۇپ تۇردى. ئىككى تەرەپ ھەممىشە قورال كۆتۈرۈپ پانىڭ ئالدىغا بېرىپ ھەيۋە سالاتتى. گەرچە، بەزىدە سىكستوس كەبى كەسكىن پاپا چىقسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئامەتى ۋە ئىقتىدارى پېشكەلچىلىكتىن قۇتۇلالمىدى. ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ قىسقا بولۇپ قېلىشى بۇنىڭ ئىچىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى. قائىدە بويىچە، پاپا 10 يىل ئەتراپىدا تەختتە ئولتۇراتتى. بۇ 10 يىل ئىچىدە ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىش ئارقىلىق ئىككى مەزھەپنىڭ بىرەرسىنى يوقىتىش لازىم ئىدى. مەسىلەن، پاپالارنىڭ بىرى كولونىنېسى مەزھىپىنى يوقىتاي دەپ قالغاندى، يېڭىدىن تەختكە چىققان يەنە بىر پاپا بولسا ئورسىنې مەزھىپى بىلەن قارشىلىشىپ قېلىپ، كولونىنېسى گۇرۇھىنىڭ تىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە، ئورسىنې مەزھىپىنى يوقىتىشقا پاپانىڭ چولى تەگدى.

بۇ پاپا ھوقۇقىنىڭ ئىتالىيەدە ئابرۇيى قازىنالماسلىقىدىكى سەۋەبنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئالېكساندىر VI تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن پاپانىڭ ئەھۋالىدا ئاز ـ تولا ئۆزگىرىش بولدى. مانا بۇ پۇل ۋە قورال كۈچى ئارقىلىق ئۆزىنى كۈچەيتكەن پاپا ھەققىدىكى تىپىك بىر مىسالدۇر: ئۇ ۋالونتىنو كىنەزنى قورال قىلىپ، فىرانسىيەنىڭ ئىتالىيەگە تاجاۋۇز قىلىشىدىكى پۇرسەت-

تىن پايدىلىنىپ، يۇقىرىدا كىنەز ھەققىدە سۆزلەنگەندە مەلۇم بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تاماملىدى. پاپانىڭ مەقسىتى ئوردىنىڭ كۈچىنى ئەمەس، بەلكى كىنەز (پاپانىڭ ئوغلى)نىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش بولسىمۇ، ئاخىر ئوردىنىڭ كۈچى زورىيىپ كەتتى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ۋە كىنەز يوقىتىلغاندىن كېيىن رۇم ئوردىسى ئالېكساندىر VI نىڭ مېۋىسىگە ئىگە بولدى. ئارقىدىنلا جۇلىئو تەختكە چىقتى. ئۇ دىنىي ھوقۇقنىڭ بەك كۈچەيىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. رومانا زېمىنى ئوردا تەرىپىدىن ئىدارە قىلىناتتى. شۇ چاغدا رۇم ئاقسۆڭەكلىرى باستۇرۇلغاندى. مەزھەپ ماجىرالىرى ئالېكساندىرنىڭ قاتتىق زەربىسى ئارقىسىدا يوقىتىلدى. ئۇ يەنە ئالېكساندىر دەۋرىدىن بۇيان ھېچكىم ئىشلەتمىگەن بېيىش ئۇسۇلىنى بايقاپ يەتتى. ئۇ بولسىمۇ، بايلارغا سىياسىي گۇناھ ئارتىپ چارە كۆرۈش، شۇندىلا ئۇلارنىڭ بايلىقىنى مۇسادىرە قىلغىلى بولاتتى. جۇلىئو بۇ ئۇسۇللارنى تېخىمۇ بېيىتتى. ئۇ ئوڭۇشلۇق ھالدا بولونىيانى تارتىپ ئالدى، ۋېنتسىيەلىكلەرنى باستۇردى. فىرانسىيەلىكلەرنى ئىتالىيەدىن قوغلاپ چىقاردى. جۇلىئو ئوردىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. چۈنكى، ئۇنىڭ قىلغانلىرى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئوردىنىڭ ئورنى ۋە ئىمتىيازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. پاپا جۇلىئو يەنە تېخى ئورسىنىي ۋە كولوننېسىيدىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپنىڭ پائالىيىتىنى ئۆزى بەلگىلىگەن دائىرە ئىچىگە كىرگۈزدى. بۇ ئىككى مەزھەپنىڭ ۋەزىيەت شەكىللەندۈرەلەيدىغان داھىيانە كىشىلىرى بولسىمۇ، ئۇلار مۇنداق ئىككى ئىش سەۋەبىدىن ئۇنداق قىلالمىدى: بىرى، ئوردىنىڭ كۈچىيىشى ئۇلارنى ئەندىشىگە سالدى؛ يەنە بىرى، بۇ ئىككى مەزھەپنىڭ ئادەملىرى كاردىناللار ئۈمىكىگە ئېلىندى.

چۈنكى، كاردىناللار مەزھەپلەر ئارىسىدىكى ماجىرانىڭ يىلتىزى ئىدى. ئەگەر، مەزھەپلەر كاردىنالغا ئەگە بولسا جىم تۇرمايتتى. كاردىناللار رۇمنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا شايكا توپلاپ كۈچنى ئاشۇراتتى - دە، ئاقسۆڭەكلەر ئۇلارنى ھىمايە قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. شۇنداق قىلىپ، روھانىيلارنىڭ قارا نىيىتى ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈگىمەس ماجىرانى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى. بۈيۈك پاپا لېئو[1] (پاپىلىقتىن ئىبارەت بۇ ئورۇننىڭ ئىنتايىن قۇدرەتلىك بولىدىغانلىقىنى بىلدى. كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە قورال كۈچى ئارقىلىق زورايتىلىدىغان پاپالىق لېئو)نىڭ ياخشىلىقى ۋە باشقا نۇرغۇن پەزىلەتلىرى ئارقىسىدا تېخىمۇ كۈچەيدى ۋە ھۆرمەت تاپتى.



① 1513 — 1521 - يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن. مۇئەللىپ مۇشۇ مەزگىللەردە مەزكۇر كىتابنى يازغان.



## ئارمىيە ياللاش خەتەرلىكتۇر

▲ ئەگەر، كىشى ئۆز دۆلىتىنى ياللانما ئارمىيە ئارقىلىق قوغدىسا، ئۇنىڭ ھوقۇقى بىخەتەر ۋە مۇقىم بولمايدۇ. چۈنكى، ياللانما ئارمىيە ئىتتىپاقسىز، ئىنتىزامسىز، قارا نىيەت كېلىدۇ. دوستلىرىغا ھۆركىرەپ، دۈشمىنى ئالدىدا تۈگۈلۈپ تۇرۇۋالىدۇ، ئۇلار خۇدادىن قورقمايدۇ، كىشىلەر بىلەن سەممىي ئۆتمەيدۇ. دۈشمەن ھۇجۇمنى كېچىكتۈرگەچكىلا ئۇلارنىڭ ھالاكىتى كېچىككەن بولىدۇ.

ھەر خىل ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى بايان قىلىندى (بۇنداق ھۆكۈمرانلىقلارنىڭ گۈللىنىش ۋە ھالاك بولۇش سەۋەبلىرى ئازدۇر – كۆپتۇر سۆزلەپ ئۆتۈلدى. يەنە ھۆكۈمرانلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كىشىلەر قوللانغان ئۇسۇللارمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى.) ئەمدى بىز ھۇجۇم قىلىش ۋە قوغدىنىش يوللىرى ھەققىدە سۆزلەيمىز. بىز باشتا سۆزلەپ ئۆتتۇقكى، ھۆكۈمدار ئۆزىنىڭ ئۇلىنى ئىنتايىن پۇختا سېلىشى كېرەك. بولمىسا ئۇ ھامان بىركۈنى بالا – قازاغا ئۇچرايدۇ. مەيلى كونا بولسۇن ياكى يېڭى بولسۇن ۋە ياكى ئارىلاش بولسۇن، ياخشى قانۇنى تەرتىپ بىلەن ياخشى ئارمىيە ھەرقانداق دۆلەتنىڭ پۇختا



ئاساسى بولۇپ سانىلىدۇ. ئىسىل ھەربىي قوشۇن بولمىسا ئىسىل قانۇن ـ تۈزۈم بولمايدۇ. ئوخشاشلا، قەيەردە سەرخىل قوشۇن بولىدىكەن، شۇ يەردە مۇنەۋۋەر قانۇن بولىدۇ. تۆۋەندە مەن قانۇن مەسىلىسى ھەققىدە توختالماي ئارمىيە ھەققىدە توختىلىمەن.

ئادەتتە، ھۆكۈمدارنىڭ دۆلەتنى قوغداشتا ئىشلەتكەن ئارمى- يەسى بىر بولسا ئۇنىڭ ئۆز ئارمىيەسىدىن ئىبارەت بولىدۇ، بىر بولسا ياللانما ئارمىيە ياكى ئارىلاشما ئارمىيەدىن ئىبارەت بولى- دۇ. ياللانما ئارمىيە بىلەن ياردەمچى ئارمىيە پايدىسىز بولۇپلا قالماستىن يەنە خەتەرلىكتۇر. ئەگەر، كىشى ئۆز دۆلىتىنى ياللانما ئارمىيە ئارقىلىق قوغدىسا، ئۇنىڭ ھوقۇقى بىخەتەر ۋە مۇقىم بولمايدۇ. چۈنكى، ياللانما ئارمىيە ئىتتىپاقسىز، قارا نى- يەت ۋە ئىنتىزامسىز بولىدۇ. دوستلىرىغا ھۆركىرىگىنى بىلەن دۈشمەن ئالدىدا تۈگۈلۈپ قالىدۇ، ئۇلار خۇدادىن قورقمايدۇ، كىشىلەر بىلەن سەمىمىي ئۆتمەيدۇ. دۈشمەن ھۇجۇمىنى كېچىكى- تۈرگەچكىلا ئۇلار كېچىكمەي ھالاك بولىدۇ. ئاقىۋەت مۇنداق بو- لىدۇ: سەن تىنچلىق مەزگىلىدە ياللانما ئارمىيەنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىغا ئۇچرايسەن، ئۇرۇش مەزگىلىدە دۈشمەننىڭ تالا- پىتىگە ئۇچرايسەن، ياللانما ئارمىيەدە ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلىدى- غان مائاشقا قىزىققاندىن باشقا ھېچنېمىگە ئەستايىدىل بولمايدۇ، سەن ئۇچۇن پىداكارلىق بىلەن ئۇرۇشۇشىدىن تېخىمۇ گەپ ئاچ- قىلى بولمايدۇ. ئۇرۇش يوق ۋاقىتتا، ئۇ ساڭا ئەسكەر بولۇشنى خالايدۇ. ئۇرۇش پارتلىغان ھامان قۇيرۇقنى خادا قىلىدۇ. بۇنى ئىسپاتلاش ئۇچۇن ھېچقانچە كۈچ كەتمەيدۇ. ئىتالىيەنىڭ پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتىشى باشقا سەۋەبتىن ئەمەس، بەلكى ياللانما قوشۇنغا تايىنىلغانلىقتىندۇر. گەرچە، ياللانما ئارمىيە مەلۇم كىشىلەرنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇچۇن زور تۆھپە

قوشۇپ، ئېلىشىشلاردا باتۇرلۇق كۆرسەتسىمۇ، ئەمما بۇ ئىچكى
سىياسىي كۈرەشلەردىلا ئىپادىلىنىدۇ، خالاس. ئەگەر، كۈچلۈك
سىرتقى دۈشمەنگە دۇچ كەلسە ياللانما قوشۇن ئۆزىنىڭ كارغا
كەلمەس ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. شۇڭلاشقا، فىرانسىيە پادى-
شاھى ئىتالىيەنى ئوڭايلا ئىگىلىۋالدى. بەزىلەر بۇنىڭ سەۋەبى
ئۆزىمىزدە دەپ قارىدى. بۇ ھەقىقەتەن توغرا ئىدى. ئەمما، ئۇلار-
نىڭ ئېيتقىنى ھېلىقىدەك سەۋەنلىك بولماستىن، بايا مەن دې-
گەندەك سەۋەنلىك تۈپەيلى بولغان. ئۇ دەل پادىشاھنىڭ سەۋەنلى-
كى بولۇپ، بۇنىڭ كاشىلىسىغا ئۇلارمۇ كەتكەن.

مەن ياللانما قوشۇننىڭ سەلبىي تەرىپىنى تېخىمۇ ئىلگىرى-
لىگەن ھالدا بايان قىلىپ ئۆتەي. ياللانما قوشۇننىڭ كاتتىباش-
لىرى ئىقتىدارلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئىقتىدارسىز بولۇشىمۇ
مۇمكىن. ئۇلار ئىقتىدارلىق بولغاندىمۇ سەن ھەرگىز ئۇلارغا تا-
يىنىشتىن ئۈمىد كۈتمە. چۈنكى، ئۇلار ھەمىشە كېڭىيىشنى
ئويلايدۇ. ئۇلار بىر بولسا غوجايىنىغا زۇلۇم سالىدۇ، بىر بولسا
باشقىلارغا زۇلۇم سالىدۇ. بۇ ئارقىلىق مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى
بولىدۇ. ياللانما قوشۇننىڭ باشلىقى ئىقتىدارسىز بولسا تۈگەش-
كىنىڭ شۇ. ئەگەر، بەزىلەر مەلۇم بىرى قوراللىق كۈچكە ئىگە
بولسا، بۇ قوراللىق كۈچنىڭ ياللانما ئارمىيە بولۇش - بولماس-
لىقىدىن قەتئىينەزەر ئاقىۋىتى ھامان شۇنداق بولىدۇ دېسە، مەن
بۇنىڭغا قارىتا مۇنداق دەيمەن: پادىشاھ ياكى جۇمھۇرىيەت سىرتقا
تېگىش قىلىپ، كۈچلۈك رەقىبىگە دۇچ كەلگەندە، پادىشاھ چو-
قۇم ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ بىۋاستە قوماندانلىق قىلىشى كې-
رەك، بەلكى يەنە جۇمھۇرىيەتنىڭ ئۆز پۇقرالىرىنى ئالدىنقى
سەپكە ئەۋەتىشى كېرەك. ئەگەر، ئەۋەتىلگەنلەر لاياقەتسىز چىقىپ
قالسا، دەرھال ئادەم ئالماشتۇرۇش كېرەك. ئەگەر، لاياقەتلىك

بولسا ئۇنى قانۇنىي يول بويىچە ھوقۇقىدىن ھالقىتماسلىق كې-
رەك. تارىخىي تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، پەقەت پادىشاھ ۋە
قوراللىق جۇمھۇرىيەتلا زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشەلەيدۇ.
ياللانما قوشۇن بولسا زىيانلىق رول ئوينايدۇكى، ھەرگىزمۇ پاي-
دىلىق رول ئوينىمايدۇ. بىر قوراللىق جۇمھۇرىيەتنى ئۇنىڭ مە-
لۇم بىر پۇقراسىغا بويسۇندۇرۇش چەت ئەل كۈچلىرى بىلەن
قوراللانغان دۆلەتكە بويسۇندۇرۇشتىن كۆپ قىيىن.

رىم بىلەن سپارتا تالاي ئەسىرلەردىن بېرى ئۆزىنىڭ
قوراللىق كۈچلىرىگە ئىگە بولغاچقا ئەركىن بولالىدى. شىۋېيت-
سارىيەلىكلەرنىڭ قوراللىنىشى تېخىمۇ ياخشى بولغاچقا، تېخىمۇ
زور ئەركىنلىكنىڭ ئىگىسى بولدى. كاتارجىنلىقلار ياللانما قو-
شۇن ئىشلىتىشكە ياخشى مىسالدۇر. كارتاجىنلىقلار ئۆزىنىڭ
پۇقراسىنى ياللانما قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى قىلىپ ئەۋەتكەن
بولسىمۇ، ئۇلار رىم بىلەن تۇنجى نۆۋەتلىك ئۇرۇش ئېلىپ بار-
غاندىن كېيىنلا ياللانما قوشۇنىنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىدى. ئېپامى-
نۇندا[①] ئۆلگەندىن كېيىن تېبىس ماكېدونىيەنىڭ پىلىپ[②] دېگەن
ئادىمىنى قوماندانلىققا تەكلىپ قىلدى. ئۇ بىر مەيدان غەلىبى-
لىك ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلغاندىن كېيىن تېبىسلىقلار ھۆر-
لۈكىنى تارتىۋالدى. كىنەز پىلىپ ئۆلگەندىن كېيىن مىلانلىقلار
فرانسىسكو سفورزانى ۋېنتسىيەلىكلەرگە قارشى ياللىدى.
سفورزا كاراچىئودا غەلىبە قىلىپ بولۇپ، ۋېنتسىيەلىكلەر بىلەن
ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۆزىنىڭ خوجايىنى بولغان مىلانلىقلارنى بو-

---

① ئېپامىنۇندا — (Epaminunda) مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىردە تې-
بىستا ئۆتكەن گېنېرال ۋە سىياسىيون.

② پىلىپ — (Phillp) مىلان كىنەزى (1412 — 1447 - يىللاردا تەختتە
ئولتۇرغان).

زەك قىلدى. سفورزانىڭ دادىسى بولسا ناپلېس ئايال پادىشاھى جىئوۋاننانىڭ قوشۇنىدا تۇرغانىدى. كېيىن ئۇ ئېچىپ كەتكەچكە، ئايال پادىشاھنىڭ قوشۇنلىرى تارقىلىپ كەتتى. ئايال پادىشاھ دۆلىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پادىشاھ كېراگوننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

ۋېنتسىيەلىكلەر بىلەن فىلورېنسىيەلىكلەر ياللانما قوشۇندىن پايدىلىنىپ زېمىنىنى كېڭەيتكەنىدى. غەلىبە قىلىپ بولۇپ، ياللانما قوشۇننىڭ ئاتامانى ئەسكەرلىرى ئارقىلىق ھەيۋە كۆرسەتمەستىن، ئەكسىچە غوجايىنىنى قوغدىدى. بۇنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ بۇ فىلورېنسىيەلىكنىڭ تەقدىرىنىڭ ھەممىتىگە ئېرىشكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. فىلورېنسىيەلىكلەرنى ئەندىشىگە سالىدىغان ياللانما قوشۇن سەركەردىلىرىنىڭ بەزىسى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالمىدى، بەزىسى باشقىلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، يەنە بەزىسى ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنى باشقا تەرەپلەردە كۆرسەتتى. جىئوۋاننى ئاكۇت[1] بولسا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالمىغانلاردىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ غوجايىنىغا بولغان ساداقىتى ئىسپاتلانماي قالدى. ئەمما، كۆپچىلىك بىردەك ئىقراركى، مۇبادا جىئوۋاننى غەلىبە قىلسا، فىلورېنسىيەلىكلەر ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن بولاتتى. ياللانما قوشۇننىڭ باشلىقى سفورزا باشتىن - ئاخىر براچىئو[2] جەمەتىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئىككىسى ھەمىشە قارشىلىشىپ بىر - بىرىنى چەكلەيتتى. يەنە بىر ياللانما قوشۇننىڭ باشلىقى فرانسېسكو ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنى لومباتىدا كۆرسەتتى. براچىئو بولسا دى-

① جىئوۋاننى ئاكۇت (1320 — 1394) ئەنگلىيە سەرۋازى يوھان خوكۋودنىڭ فىلورېنسىيەدىكى نامى.

② براچىئو جەمەتى — ياللانما قوشۇن سەركەردە جەمەتى.



نى ھۆكۈمەت بىلەن ناپلىس پادىشاھلىقىغا قارشى چىقتى.

يېقىندا يۈز بەرگەن بىر ئىشنى ئالايلى. فىلورېنسىيەلىكلەر پائولو ۋىتېللىنى قوماندان قىلىپ سايلىدى. بۇ ئادەم دىتى ۋە تەدبىرى كۆپ ئادەم بولۇپ، نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققىنىغا قارىماي ئەڭ ئۈستۈن ئورۇنغا مۇيەسسەر بولالىدى. ئەگەر، پىسانى ۋىتېللى ئىگىلىۋالغان بولسا فىلورېنسىيەلىكلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنىڭ بىلەن دوستانە ئۆتۈشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلمايتتى. چۈنكى، ئۇ فىلورېنسىيەلىكلەرنىڭ دۈشمىنى تەرىپىدىن ياللىنىپ قالسا، فىلورېنسىيەلىكلەر ئامالسىز قالاتتى. ئەمما، فىلورېنسىيەلىكلەر ئۇنى ياللاۋېرىدىكەن، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا توغرا كېلەتتى.

ۋېنتسىيەلىكلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە نەزەر سالساق شۇنى كۆرۈۋېلىمىزكى، ئۇلار دۈشمىنى بىلەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئۇرۇش قىلغاندا، يوللۇق ۋە شەرەپلىك ئىش قىلدى. بۇ ۋېنتسىيەلىكلەر چوڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلىشتىن بۇرۇنقى ئىش، ئۇلار ئاقسۆڭەكلىرى ۋە قوراللانغان پۇقرالىرىنى ئىشقا سېلىپ، باتۇرانە ئۇرۇش قىلدى. بىراق، ۋېنتسىيەلىكلەر چوڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلىشقا باشلىغاندا، بۇ خىل ئۇسۇلدىن ۋاز كېچىپ، ئىتالىيەلىكلەرنىڭ ئۇرۇش ئادىتىنى قوللاندى. ۋېنتسىيەلىكلەر چوڭ قۇرۇقلۇقتا زېمىننى كېڭەيتىشكە باشلىغاندا، زېمىنى كىچىك، نام - شەرىپى چوڭ بولغاچقا قوماندانلىرىدىن قورقۇش ھاجەتسىز ئىدى. بىراق، ئۇلار كارماگنولار[1]نىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا زېمىننى كېڭەيتكەندىن كېيىن بىر خاتا-

---

① كارماگنولا Carmagnola — (1390 — 1432) ياللانما قوشۇن باشلىقى، باشتا مىلان ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، كېيىن ۋېنتسىيەگە خىزمەت قىلغان.





لىقنى سادىر قىلدى. ۋېنتسىيەلىكلەر كارماگنولارنىڭ قوماندان-
لىقىدا مىلان كىنەزلىكىنى يەڭگەن چاغدىلا ئۇنىڭ ئىقتىدارى
سېزىلدى. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋېنتسىيەلىكلەرگە كار-
ماگنولارنىڭ سۇس ھەم پاسسىپ بولۇشقا باشلىغانلىقى سېزىلدى-
دە، ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا غەلىبە قىلىشقا مۇمكىن بولمايدىكەن
دەپ قارىدى. ئۇلار ئۇرۇشتا ئېرىشكەنلىرىنى يوقىتىپ قويماس-
لىق ئۈچۈن ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا رايى بارمايتتى ھەم
ئۇنداق قىلالمايتتى. ۋېنتسىيەلىكلەر ئۆزلىرىنى قوغداپ قېلىش
ئۈچۈن ئاخىر كارماگنولارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. كېيىن ئۇلار بېرگا-
مو[1]، سېۋېرىنو[2]، پىتلىئانو[3]، گىراف قاتارلىقلارنى ۋە شۇلاردەك
كىشىلەرنى قوماندانلىققا تەيىنلىدى. ئۇلار مەغلۇپ بولۇشتىن
زىيادە ئەنسىرىگەنلىكتىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى، ئەكسىچە
قولدىن بەردى. كېيىن ۋىلا ئۇرۇشىدا يۈز بەرگەندىكى ئەھۋال
بۇنىڭ ئوبدان دەلىلى، ئۇلار 800 يىلدىن بېرى مىڭ تەستە ئې-
رىشكەنلىرىنى بىر يىل ئىچىدىلا يوقاتتى. سەۋەب نەدە؟ ياللانما
قوشۇننى ئۇرۇشقا سالغانلىقتا، ئۇلارنىڭ بىراقلا غەلىبە قىلى-
شىنى ئۈمىد قىلغىلى بولمايتتى. ياللانما قوشۇننى ئىشقا سې-
لىشنىڭ ئۈنۈمى ئاستا بولىدۇ ھەم يوق ھېسابتا بولىدۇ، ئەك-
سىچە زىيىنى تاسادىپىي ھەم مۆلچەرلىگۈسىز بولىدۇ. يۇقىرىقى
ئىشلار ماڭا ياللانما ئارمىيە تەرىپىدىن ئۇزۇندىن بېرى كونترول

---

① بېرگامو — Bergamo (1400 — 1475) ۋېنتسىيەدە ياللانما قوشۇن باش-
لىقى بولغان. كېيىن گېنېرال بولۇپ، مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەن.

② سېۋېرىنو — Severino (1419 — 1487) ۋېنتسىيە ئۈچۈن جەڭ قىلىپ
ئۆلگەن.

③ پىتلىئانو — Pitgliano (1442 — 1510) ۋېنتسىيە ئۈچۈن جەڭ قىلى-
دىغان ياللانما قوشۇننىڭ سەركەردىسى بولغان.

قىلىنىپ كېلىنىۋاتقان ئىتالىيەنى ئەسلەتتى. شۇڭا، مەن ياللانما ئارمىيە مەسىلىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈپ، كىشىلەرگە ياللانما ئارمىيەنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتىنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچى، ئاندىن ئۆزىمىزنى رۇسلاش ئۈچۈن تەجرىبەلەردىن ساۋاق قوبۇل قىلىمىز.

پەرزىمىزچە، سىز يېقىنقى دەۋردىكى ئىتالىيەنى چۈشەنمەي قالمايسىز. ئىتالىيەدە پادىشاھنىڭ ھوقۇقى ئاجىزلىشىشقا باشلاپ، پاپانىڭ ھوقۇقى تېز ئۆستى. ئىتالىيەمۇ نۇرغۇن دۆلەتلەرگە پارچىلاندى. نۇرغۇن شەھەرلەر قوراللىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۆز ئېلىدىكى ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى تۇردى. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئاقسۆڭەكلەر پادىشاھنىڭ شەپقىتى ئاستىدا پۇقرالارنى ئېزەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىنىي جەمئىيەتمۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئېزىش ھەرىكىتىنى ھىمايە قىلىپ، ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتمەكچى بولاتتى. باشقا نۇرغۇن شەھەرلەردە پۇقرالار ھۆكۈمدارغا ئايلاندى. نەتىجىدە، ئىتالىيە خۇددى دىنىي جەمئىيەتلەر ۋە شەھەر جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا كىردى. دىنىي جەمئىيەتنى باشقۇرۇۋاتقان پوپلار بىلەن جۇمھۇرىيەتنى باشقۇرۇۋاتقان پۇقرالار ھەربىي ئىشلارنى بىلمىگەچكە، چەت ئەل ئادەملىرىنى تەكلىپ قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. بۇنداق قوشۇننىڭ تۇنجى نۆۋەتتە ئابرۇيىنى كۆتۈرگەن كىشى رومانالىق ئابرىگودا كونىئو[1] بولدى. براچىئو، سفورزا ۋە باشقىلارنى مۇشۇ ئادەم تەربىيەلەپ چىققاندى. بۇ ئىككىسى ئەينى ۋاقىتتا ئىتالىيەگە ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. ئۇلاردىن كېيىن

---

① كونىئو (1344 — 1409) كونىئو گىرافى، ئىتالىيەچە ياللانما قوشۇننىڭ ئاساسچىسى.

ياللانما قوشۇن باشلىقلىرى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كىرىپ، ئىتا-
لىيە ئارمىيەسىگە باشتىن ـ ئاخىر قوماندانلىق قىلىپ كەلدى.
ياللانما ئارمىيەنىڭ كۆرەڭلەپ كېتىشىنىڭ ئاقىۋىتى شۇ بولدى-
كى، ئىتالىيە فىرانسىيە پادىشاھى چارلىز VIII[1] ۋە لۇئى XII[2]
تەرىپىدىن خانىۋەيران قىلىندى، ئىتالىيە يەنە فېردىناندونىڭ
زوراۋانلىقى ۋە شىۋېيتسارىيەلىكلەرنىڭ بوزەك قىلىشىدەك ئې-
چىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالدى. ياللانما قوشۇننىڭ باشلىقى ئالدى
بىلەن پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ كۈرسىنى چۈشۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئاب-
رۇيىنى كۆتۈرەتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب شۇ-
كى، ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلىتى بولمىغاچقا، ياللىنىپ كۈن ئۆتكۈزەت-
تى. ئادەم سانى ئاز بولغان پىيادە ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى
كۆتۈرەلەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ سانى كۆپ
بولۇپ كەتسە بېقىش تەسكە توختايتتى. شۇڭا، ئۇلار ئاتلىق
ئەسكەرلەرگە تايىناتتى. ئۇلار چەكلىك ساندىكى ئاتلىق ئەسكەر-
لەرنى ئوبدان قامدىيالايتتى ۋە شۆھرىتىنى كۆتۈرەلەيتتى. نەتى-
جىدە، 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ ئىچىدە پىيادە ئەسكەرلەر-
نىڭ سانى 2000 بارمايتتى. ئۇلار ھەر خىل ئاماللار بىلەن جاپا ـ
مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەردىن ساقلىنىشقا تىرىشىدۇ. ئۇرۇش-
تا قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارماي دۈشمەنلىرىنى ئەسىرگە ئالىدۇ
ھەمدە تۆلەم ئالمايلا ئازاد قىلىۋېتىدۇ. ئۇلار شەھەرلەرگە كېچى-
دە تېگىش قىلمايدۇ، شەھەرنى قوغدىغۇچى ئەسكەرلەرمۇ كېچىدە

---

[1] چارلىز VIII (1470 ــ 1498): 1494 ــ 1496 يىللاردا فىلورېنسىيە، ناپې-
لىس قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلغان.

[2] لۇئى XII (1498 ــ 1515) مىلاننى بېسىۋالغان. ئىسپانىيە پادىشاھى بىلەن
بىرلىكتە ناپلېسنى بۆلۈشۈپ ئالغان.

ئۇرۇش قىلمايدۇ. ئۇلار لاگېر ئەتراپىغا قاشا تىكمەيدۇ ياكى خەندەك كولىمايدۇ، قىش كۈنلىرىدە ئۇرۇشقا چىقمايدۇ. بۇلار ياللانما قوشۇننىڭ قائىدە - مىزانلىرىدا بار ئىشلار بولۇپ، ئۇلار ئاۋارىچىلىك ۋە خەتەردىن قېچىش ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى. ئاقىۋەتتە، ئىتالىيە مەھكۇملۇق ۋە خورلۇققا چۈشۈپ قالدى.









## باشقىلارنىڭ ئارمىيەسىنى ئارىيەتكە ئېلىش — ئۆزىنىڭ پۇتىغا پالتا چاپقانلىق

▲ ئەگەر، ياردەمچى قوشۇن مەغلۇپ بولسا، سەن تەكلىپ قىلغۇچى بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن تۈگەشكەن بولىسەن. ئەكسىچە، ئۇلار غەلىبە قىلسا، سەن مۇقەررەر ھالدا ئۇلارنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىسەن.

▲ ئۆزگىلەرنىڭ ھەربىي كىيىمى ساڭا چوڭ كېلىپ قالىدۇ ياكى كىچىك كېلىپ بىئارام قىلىدۇ.

▲ ئۆز كۈچىگە ئاساسلانمىغان ھوقۇق ۋە شان - شەرەپ ئەڭ بىچارىدۇر.

مەلۇم بىر ئەل سىرتقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغاندا، كۈچلۈك قوشنىنىڭ ئەسكەر كىرگۈزۈپ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلسا، بۇنداق ئارمىيە ياردەمچى ئارمىيە دېيىلىدۇ. بۇنداق ئارمىيە يالانما ئارمىيەگە ئوخشاشلا پايدىسىز. پاپا جۇلىئو II مۇنداق قىلغان: ئۇ فېرراراغا يۈرۈش قىلغاندا يالانما ئارمىيەنىڭ دەردىنى تارتىپ چەت ئەلنىڭ ياردەمچى ئارمىيەسىدىن ياردەم تەلەپ قىلغانىدى. ئۇ ئىسپانىيە پادشاھى فېردىناندونىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈنگەنىدى. بۇ قوشۇن ياراملىق ۋە

سەرخىل بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ئۇ ياردەم كۈتۈۋاتقان تەرەپكە نىسبەتەن زىيانلىق بولۇشى مۇمكىن. ياردەمچى قوشۇن مەغلۇپ بولسا، سەن تەكلىپ قىلغۇچى بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن تۈگىشى-شىڭ مۇمكىن. ئەكسىچە، ئۇلار غەلىبە قىلسا، سەن ئۇلارنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالىسەن. گەرچە، تارىختا بۇنداق مىساللار تالاي بولسىمۇ، پاپا جۇلىئو II گە دائىر مىسالنى نەزەردىن سا-قىت قىلىۋەتكۈم كەلمىدى. چۈنكى، ھېچكىم ئۇنىڭدەك ئەخمىقا-نە قارار چىقارمىغانىدى. ئۇ فېررارانى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزى-نى چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ چاڭگىلىغا تۇتۇپ بەردى. بىراق، ئۇ-نىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئۈچىنچى بىرسى قول تىققاچقا چوڭ زىيان تارتمىدى. ئۇنىڭ ياردەمچى ئارمىيەسى راۋېننادا فىرانسىيە ئارمىيەسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن شىۋېيتسارىيەلىكلەر فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقاردى — بۇ ئاقىۋەت جۇلىئو ۋە باشقىلارنىڭ ئويلى-غىنىدىن تامامەن ئەكسىچە بولدى. شۇڭلاشقا، جۇلىئو ئۆزى چا-قىرىپ كەلگەن دۈشمەن ياردەمچى قوشۇنىنىڭ ئەسىرى بولمىدى. باشقا قىسىملارنىڭ غەلىبىسىمۇ ئۇنى بۇ خىل قىسمەتتىن ساقلاپ قالدى. يەنە بىر مىسال ئالايلى: فىلورېنسىيەلىكلەر قورالسىز تۇرۇقلۇق 10 مىڭ كىشىلىك فىرانسىيە قوشۇنىنى پىساغا ھۇجۇم قىلىشقا ياللىدى. بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن تەۋەك-كۈلچىلىك ئىدى. قوشنىسىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كونستانتىن-پول پادشاھى 10 مىڭ كىشىلىك تۈركىيە ئەسكىرىنى يۇنانغا ئەۋەتتى، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تۈركىيە ئەسكەرلىرى-نىڭ يۇناندىن قايتىپ كەتكۈسى كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن يۇنان-لىقلار يات دىن مۇخلىسلىرىنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىدى.

ئەگەر، ئەركىنلىك بىلەن غالىبىيەتنى ياخشى كۆرمىسەڭ،

چەت ئەلنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرىنى خاتىرجەم تەكلىپ قىلى-
ۋەرگىن. بۇنداق قوشۇن يالل انما قوشۇنغا قارىغاندا تېخىمۇ خە-
تەرلىك. ياردەمچى قوشۇن زېمىنىغا قەدەم قويغان شۇ كۈندىن
باشلاپ، ۋەيرانچىلىق سېنىڭ قىسمىتىڭگە ئايلانغان بولىدۇ. چەت
ئەل ياردەمچى قوشۇنلىرى ئىناق ھەم ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇ-
قىنى ئاڭلايدىغان بولىدۇ. ئەمما، يالل انما قوشۇن ئۆزگىچە بولى-
دۇ: يالل انما قوشۇن غەلىبە قىلىپ بولۇپ غوجايىنىغا قەست
قىلماقچى بولسا، ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە مۇۋاپىق پۇرسەت كۈتى-
دۇ. كېسىپ ئېيتقاندا، يالل انما قوشۇن ئىناق بىر گەۋدە بولۇپ
شەكىللىنەلمەيدۇ، ئۇلار ساڭا يالل ىنىپ، سەندىن خىراجەت ئالى-
دۇ، ئۇلارغا سەن تەيىنلىگەن ئۈچىنچى بىر كىشى باشچى بولى-
دۇ. بۇ ئادەم قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ساڭا قەست قىلغۇدەك
ئىمتىياز ۋە كۈچكە دەماللىققا ئېرىشەلمەيدۇ. يالل انما قوشۇننىڭ
خەتىرى ئۇنىڭ قورقۇنچاقلىقىدا، چەت ئەل ياردەمچى قوشۇنىنىڭ
خەتىرى ئۇنىڭ باتۇرلۇقىدا.

پاراسەتلىك ھۆكۈمدار بۇنداق قوشۇننى ئىشلىتىشتىن ھە-
زەر ئەيلەيدۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ قوشۇنىغا تايىنىدۇ. ئۇ ئۆز قوشۇ-
نىغا تايىنىپ ئۇرۇش قىلىپ مەغلۇپ بولۇشقا رازىكى، ھەرگىز-
مۇ يات قوشۇنلارغا تايىنىپ غەلىبە قىلىشنى خالىمايدۇ. چۈنكى،
چەت ئەل كۈچلىرىگە تايىنىپ ئېرىشىلگەن غەلىبە ھەقىقىي غە-
لىبە بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. بۇ يەرگە كەلگەندە مەن چىسارى بور-
جىئانىڭ بىر ئىشىنى مىسال كەلتۈرىمەن. بۇ كىنەز چەت ئەل
كۈچلىرىگە تايىنىپ روماناغا تاجاۋۇز قىلدى. ئۇلار فىرانسىيە
ئەسكەرلىرى ئىدى. ئۇ يەنە ئۇلارغا تايىنىپ يىمارو ۋە پۇرىغا تا-
جاۋۇز قىلدى. ئۇ بۇ قوشۇننىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلىپ، يالل انما قوشۇندىن پايدىلىنىش نىيىتىگە كەلدى. كىنەز

ياللانما قوشۇننىڭ خەتىرى ئاز دەپ قارايتتى ـ دە، ئورسىنى
ۋىتېللىنىڭ قوشۇنلىرىنى ياللىدى. كېيىن كىنەز يەنە ئۇلارنى
باشقۇرۇشنىڭ ئاۋارىچىلىك ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئۇلار گۇماندـ
لىق، ساداقەتسىز بولۇپ، خەتەرلىك ئىدى. كىنەز ئۇلارنى دەرھال
يوقاتتى ـ دە، ئۆزىنىڭ كۈچىگە تاياندى. كىنەز فىرانسىيەلىكـ
لەرنى، ئورسىنى ۋە ۋىتېللىنىڭ ياللانما قوشۇنلىرىنى، شۇنداقلا
ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئىشقا سالغاندا، قازانغان شان ـ شە ـ
رىپىمۇ ئوخشاش بولمىدى. كىشىلەر كىنەزنىڭ ئۆز ئارمىيەسىـ
نىڭ تولۇق غوجايىنى بولغانلىقىنى بايقىغان چاغدىلا، كىنەزنىڭ
شان ـ شەرىپى زورايدى ۋە ھۆرمەت تاپتى، بۇ ھەرقانداق دەۋر ـ
دىكىدىن ئالاھىدە ئىدى.

ئىتالىيەدە يېقىندا يۈز بەرگەن بەزى ئىشلارنى نەزەردىن
ساقىت قىلغۇم يوق بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتـ
كەن شەخس سىراكۇسالىق يېروناغا سەل قارىمايمەن. ھىراكۇسا ـ
لىقلار بۇ ئادەمنى سەردار قىلىپ سايلاشتى. ئۇ بىزنىڭ ئىتالىيە
ياللانما قوشۇنلىرىدەك تەشكىللەنگەن ياللانما قوشۇنىنىڭ پايدىـ
سىزلىقىنى بايقىدى. ئۇلارنى ساقلاپ قېلىش ياكى تارقىتىۋېـ
تىشنىڭ بەرىبىر خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىـ
لەن، يېرونا ياللانما قوشۇننى پاك ـ پاكىز قىرىۋېتىشكە مەجـ
بۇر بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ باشقىلارنىڭ قىسىملىرىغا
ئەمەس، ئۆزىنىڭ قىسمىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئۇرۇش قىلدى.
«ئىنجىل» كونا ئەھدىدە بۇ ئىشلارغا دائىر بىر ھېكايەت بار.
داۋۇت سۇلايمان پادىشاھتىن جەڭگە چاقىرغان فىنكىيەلىك گو ـ
رىياغا قارشى جەڭگە چۈشۈشنى ئۆتۈندى. سۇلايمان پادىشاھ
داۋۇتقا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى
ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى. بىراق، داۋۇت ئۇنى بىر كىيىپ بېقىپ

دەرھاللا رەت قىلدى، ئۇ مۇنداق دېدى: بۇنى كىيسەم جەڭنى ياخشى قىلالمىغۇدەكمەن، مەن ئۆزۈمدىكى ماناجاق ۋە شەمشەرلىرىم بىلەن رەقىبىمگە تاقابىل تۇرىمەن. باشقىلارنىڭ ھەربىي كىيىمى كىشىنىڭ ئۇچىسىدىن چۈشۈپ قالىدىكەن ياكى ئېغىر كېلىپ، بەدەننى سىقىپ قويىدىكەن.

فىرانسىيە پادىشاھى لۇئى XI نىڭ دادىسى چارلىز VII ئۆزدىنىڭ تەلىيى ۋە باتۇرلۇقى بىلەن فىرانسىيەنى ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرغانىدى. چارلىز VII ئۆزىنى ئۆز كۈچى ئارقىلىق قوراللاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز مەملىكىتىدە پىيادە قىسىملار ۋە ئاتلىق قىسىملار توغرىسىدىكى قائىدە ـ نىزاملارنى بېكىتتى. كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى لۇئى XI پىيادە قىسىملارنى ئىشلەتمەي، شىۋېيتسارىيەلىكلەرنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلدى. بىز كېيىن كۆرۈپ ئۆتكەندەك، بۇ خىل سەۋەنلىكلەر تۈپەيلى دۆلەت خەۋپ ئىچىدە قالدى. پادىشاھ لۇئى شىۋېيتسارىيە ئەسكەرلىرىگە ئارتۇقچە ئىناۋەت بەرگەچكە، فىرانسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى. لۇئى ئۆز ئېلىنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرىنى بىكارچى قىلىۋەتتى. نەتىجىدە، ئاتلىق قىسىملار چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ياردىمىگە قاراشلىق بولۇپ قالدى. فىرانسىيە ئاتلىق قىسىملىرى شىۋېيتسارىيە ئەسكەرلىرى بىلەن ماسلىشىپ كۆنۈپ قالدى. ئاخىر، فىرانسىيە پىيادە قىسىملىرى شىۋېيتسارىيە ئەسكەرلىرى بولمىسا، غەلىبە قىلالمايدىكەنمىز دېگەن چۈشەنچىگە كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، فىرانسىيە ئەسكەرلىرىدە شىۋېيتسارىيە ئەسكەرلىرىگە تاقابىل تۇرغۇدەك ھالى قالمىدى. شىۋېيتسارىيەلىكلەرنىڭ ياردىمى بولمىسا ئۇلار باشقىلارغا قارشى تۇرۇشقا تەۋەككۇل قىلالمىدى. فىرانسىيە ئەسكەرلىرى ئارىلاشما ھالەتكە



چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ياللانما ئەسكەر، يەنە بىر قىسمى فرانسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت بولدى. مەلۇم نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇنداق قوشۇن ياللانما قوشۇن ياكى نوقۇل ياردەمچى قوشۇنغا نىسبەتەن كۆپ ياخشى. بىراق، ساپ ئۆز ئارمىيەگە نىسبەتەن كۆپ ناچار. ئەگەر، چارلىز VII نىڭ ھەربىي تۈزۈمى ئىجرا قىلىنغان ياكى داۋاملاشتۇرۇلغان بولسا فرانسىيە پادىشاھى يېڭىلمەس بولاتتى. بىراق، كىشىلەر يېڭىلىق ياراتقاندا ئېھتىياتچان بولالمايدۇ. ئىشنىڭ پايدىلىق تەرىپىنى كۆرۈپ، پايدىسىز تەرىپىنى ئەستىن چىقىرىپ قويىدۇ. بۇ خۇددى باشتا ئېيتىلغان سىكارلاتىنا بەزگىكىگە ئوخشاش مەسىلە.

ئەگەر، بىر پادىشاھ ئۆز دۆلىتىگە يېتىدىغان خەۋپنى ئالدىنئالا كۆرۈپ يېتەلمىسە، ئۇنداقتا، ئۇ ئەقىللىق پادىشاھ ھېسابلانمايدۇ. يىراقنى كۆرىدىغان بۇنداق ئاقىللار ناھايىتى ئاز ساندا بولىدۇ. ئەگەر، كىشىلەر رۇم ئىمپېرىيەسىنىڭ زاۋال تېپىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبنى تەكشۈرۈپ كۆرسە، شۇنى بايقايدۇكى، رۇم ھۆكۈمدارى گوتلۇقلارنى ئەسكەرلىككە ياللىغاندىن باشلاپ پالاكەتكە يول ئالغان. رۇم ئىمپېرىيەسىنىڭ كۈچى شۇنىڭدىن كېيىن سۇنۇشقا باشلىغان. رۇم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەسلىدىكى كۈچى گوتلۇقلارغا ئۆتكەن.

خۇلاسە كالام: ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ ئۆز ئارمىيەسى بولمىسا مۇقىم بولالمايدۇ. ئەكسىچە، ھەرقانداق بىر پادىشاھ قىيىن ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندا، ئىشەنچلىك مۇداپىئەسى بولمىسا تەلەيگە تايىنىشى كېرەك بولىدۇ. ئاقىللار ھەمىشە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز كۈچىگە تايىنىشى ئاساسىدا كەلمىگەن ھوقۇق ۋە شان - شەرەپ ئەڭ ئاجىز ۋە بەختسىزدۇر». ئۆزىنىڭ ئارمىيەسى دېگىنىمىز ئۆز پۇقرالىرىدىن تۈزۈلگەن قوشۇننى كۆرسىتىدۇ. قال-

غانلىرى يا ياردەمچى ئارمىيەنى، يا ياللانما ئارمىيەنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بىز يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكەن تۆت نەپەر شەخسنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرىنى كۆزەتسەك، ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ دادىسى پىلىپ ۋە باشقا كۆپلىگەن جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئارمىيە تەشكىللەش ۋە ئۇرۇش قىلىش ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرسەك، ئارمىيە قۇرۇشنىڭ يوللىرىنى ئوڭايلا بىلىپ ئالالايمىز. ئۇ بەرگەن ئىلھاملار چەكسىزدۇر.







## هەربىي مەسئۇلىيەت هۆكۈمدارلارنىڭ
## ئەڭ زور ئىشى

▲ بىر هۆكۈمدار پۈتۈن زېھنىنى ئۇرۇش، هەربىي تەشكىلات ۋە ئىنتىزام قۇرۇلۇشىغا مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەككى، هەرگىزمۇ باشقا مەقسەت ۋە پىكىرلەردە بولماسلىقى كېرەك. باشقا ئىشلارنى ئۆزىنىڭ كەسپى قىلىۋالماسلىقى كېرەك.

▲ هۆكۈمدارنىڭ ئۆز دۆلىتىنى يوقىتىپ قويۇشىدىكى سەۋەب هەربىي مەسئۇلىيەتكە سەل قارىغانلىقىدا. دۆلەت بەرپا قىلىشنىڭ چارىسىمۇ هەربىي مەسئۇلىيەتنى مۇكەممەل ئادا قىلىشتا.

▲ ئەي هۆكۈمدار، ئەگەر سەن ئۆزۈڭنى قوراللاندۇرۇپ ئارمىيەڭگە ئۆزۈڭ قوماندانلىق قىلمىساڭ، كەمسىتىشكە ئۇچرايسەن.

بىر هۆكۈمدار پۈتۈن زېھنىنى ئۇرۇش، هەربىي ئىشلار ۋە ئىنتىزام قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىشى كېرەك. ئۇ بۇنىڭدىن باشقا ئوي ۋە مەقسەتلەردە بولماسلىقى، بۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنى ئۆزىنىڭ كەسپى قىلىۋالماسلىقى كېرەك. چۈنكى، بۇ ئىشلار داھىي بولغۇچىنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى. بۇنداق ۋەزىپە (بۇرچ)





ھۆكۈمدارنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىشقا كاپالەتلىك قىلىپلا قال-
ماستىن، يەنە تەلەيلىك پۇقرانى ھۆكۈمدارلىق ئورنىغا كۆتۈرىدۇ.
مۇبادا ھۆكۈمدار ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىپ، ھەربىي
ئىشلار بىلەن كارى بولمىسا، دۆلەت مۇنقەرز بولىدۇ. دۆلەتنىڭ
ھالاك بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ھەربىي مەسئۇلىيەتكە سەل
قاراشتا، بىر ئادەمنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقىشىدىكى ئا-
ساسلىق سەۋەب ئۇنىڭ ھەربىي مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئىجرا
قىلىشىدا.

فىرانسىسكو سفورزا ھەربىي ئىشلاردا پۇختا بولغاچقا ئاد-
دىي پۇقرالىقتىن مىلانىنىڭ كىنەزلىكىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ
ئوغۇللىرى ھەربىي ئىشلاردىكى ئاۋارىچىلىك ۋە مۇشەققەتتىن
ئۆزىنى قاچۇرغاچقا، كىنەزلىكتىن پۇقرالىق دەرىجىسىگە چۈشۈپ
قالدى. سەن ھۆكۈمدار تۇرۇپ ئۆزۈڭنى قوراللاندۇرۇپ ئارمىيەگە
رەھبەرلىك قىلمىساڭ كىشىلەر سېنى كۆزگە ئىلمايدۇ. مانا بۇ
ھۆكۈمدارلار قەتئىي ساقلىنىشقا تېگىشلىك ھاقارەت. بىز بۇ
ھەقتە كېيىن توختىلىمىز. قوراللانغان ئادەم بىلەن قوراللانمى-
غان ئادەمنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.
قوراللىق ئادەمنىڭ قورالسىز ئادەمگە ئەل بولۇشى توغرىسىدىكى
تەسەۋۋۇر بىلەن قورالسىز ئادەمنىڭ قوراللىق ئادەمنىڭ قانتى
ئاستىدا تىنچلىق تېپىشى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرنىڭ ھەممىسى
بەرىبىر قۇرۇق گەپ. چۈنكى، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بىر تەرەپ
يەنە بىر تەرەپنى كۆزگە ئىلمايدۇ، يەنە بىر تەرەپ بۇ تەرەپتىن
گۇمان قىلىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ چىقىشىپ ئۆتۈشى مۇمكىن ئە-
مەس. ھەربىي ئىشلاردىن خەۋىرى بولمىغان ھۆكۈمدار يۇقىرىدا
دېيىلگەن بەختسىزلىككە دۇچ كېلىشتىن باشقا يەنە ئۆز ئەس-
كەرلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ ھەمدە ئۆز ئەسكەرلىرى-

دىن تەشۋىشلىنىدۇ.

ھالبۇكى، ھۆكۈمدار بولغۇچى ئۇرۇشقا دائىر تەلىم - تەر-بىيە مەسىلىسىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكى، بەلكىم ئۇ تىنچلىق مەزگىللىرىدە ئۇرۇش دەۋرىدىكىدىن بەكرەك ئىھتىياتچان بولۇ-شى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق ئىككى ئۇسۇلغا دىققەت قى-لىشى زۆرۈر: بىرى، ئەمەلىي ھەرىكەت؛ يەنە بىرى، تەتقىقات. ئەمەلىي ھەرىكەت جەھەتتە ئۇ ئادەملىرىنى ئىنتىزامچان قىلىپ تەشكىللەپ، ئىزچىل مەشىق قىلدۇرغاندىن باشقا يەنە ھەمىشە ئوۋ پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشى لازىم. شۇ ئارقىلىق بەدىنىنى تاۋلاپ جاپالىق ھەرىكەتلەرگە ماسلاشتۇرۇشى، تۈرلۈك يەر شارا-ئىتى بىلەن تونۇشۇشى، تاغ، جىلغا، دەريا ۋە تۈزلەڭلىكلەرنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ زور كۈچ سەرپ قىلىشتىن ئېرىنمەسلىك كېرەك.

يۇقىرىقى بىلىملەرنىڭ پايدىسى مۇنداق ئىككى تەرەپتە كۆ-رۈلىدۇ. ئالدى بىلەن، ئادەم ئۆز دۆلىتىنىڭ يەر شارائىتىنى بىلسە، ئۇ بۇ زېمىننى قوغداشنىڭ يوللىرىنى بىلىدۇ، ئىككىن-چىدىن، ئادەم ئايرىم يۇرت ۋە رايونلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلسە، باشقا جايلارغا بارغاندىمۇ ئاسان چۈشىنەلەيدۇ. مەسىلەن، توسكانا رايونىدىكى ئېدىرلىقلار، تاغ - جىلغىلار، تۈزلەڭلىكلەر، دەريا - ئېقىنلار باشقا رايونلارغا نىسبەتەن ئوخشاشلىقلارغا ئىگە. رو-شەنكى، بۇ رايوننىڭ تۈزۈلۈشىنى بىلگەن ئادەم باشقا رايونلارنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىنى ئاسانلا بىلەلەيدۇ. ئەگەر، بىر ھۆكۈمدار بۇنداق بىلىملەردىن خەۋەرسىز بولسا، ئۇنىڭدا بىر قوماندان‌دا بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي شەرت ھازىرلانمىغان بولىدۇ. چۈن-كى، بۇ خىل بىلىملەر ئۇنىڭغا دۈشمىنىنى چۈشىنىش ۋە باي-





قاشنى، بازا تالالاشنى، ئۇرۇش قىلىشنى، پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىشنى ئۆگىتىدۇ.

ئاكايالىقلارنىڭ ھۆكۈمدارى پىلوپومان[1]نىڭ يازغۇچىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىشىدىكى سەۋەب، ئۇ تىنچلىق يىللىرىدا ئۇرۇش تەييارلىقىنى ئىشلەپ تۇرغان. ئۇ دوستلىرى بىلەن يېزىدا تۇرغاندا دوستلىرىدىن سوراپ تۇرار ئىكەن: ئەگەر دۈشمەن تۆپىلىكتە بولۇپ، بىزنىڭ قوشۇنىمىز بۇ يەردە بولسا بۇ ئەھۋال كىمگە پايدىلىق، قوشۇنىمىز تەرتىپىنى قانداق قىلغاندا ساقلاپ قالالايمىز؟ چېكىنىشكە توغرا كەلسە قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ دۈشمەن چېكىنگەن ئەھۋال ئاستىدا بىز قانداق قوغلىشىمىز كېرەك؟ ئۇ يول يۈرگەندىمۇ بىر قوشۇن يولۇقىدىغان تۇرلۇك ئېھتىماللىقلارنى دوستلىرىغا چۈشەندۈرگەچ ماڭاتتى، دوستلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى سەۋر - تاقەت بىلەن ئاڭلايتتى ھەم ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى بايان قىلاتتى، دەلىل - ئىسپات كەلتۈرەتتى. ئۇ دائىم ئاشۇنداق ئىشلار ھەققىدە باش قاتۇرغاچقا، جەڭگە چىققاندا ھەرقانداق تاسادىپىيلىققا تاقابىل تۇرالايتتى.

ھۆكۈمدار ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تارىخ ئوقۇشى، تارىختىكى ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ۋە تاكتىكىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ جەڭگاھتا قانداق قىلغانلىقىنى ئۆگىنىشى، غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەكشۈرۈشى، شۇ ئارقىلىق مەغلۇبىيەتتىن سالىنىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ئاشۇ بۈيۈك كىشىلەردەك ھۆرمەت ۋە ماختاشقا سازاۋەر بىرەرسىنى تاللاپ ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭ تەدبىرلىرى ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلىنى ئۆزلەشتۈرۈشى لازىم. مەلۇم بولۇشىچە، ئىمپېراتور ئالېكساندىر (ئىس-



كەندەر) ئاكىللىسنى[1] ئۆلگە قىلغانىكەن، قەيسەر[2] بولسا ئالېكساندىرنى ئۆلگە قىلغانىكەن، سكىپىئو[3] بولسا جۇلىئوسنى ئۆلگە قىلغانىكەن. ئەگەر پادىشاھ جۇلىئوسنىڭ سېنوپون[4] تەرىپىددىن يېزىلغان تەرجىمىھالى (ئۆمۈر بايانى)نى ئوقۇساڭ، سكىپىئونىڭ ھاياتىغا جۇلىئوس ئېلىپ كەلگەن پارلاقلىقنى كۆرىسەن، ئۇنىڭدىكى ئالىيجانابلىق، مۇلايىملىق، ئادەمگەرچىلىك ۋە مەردلىك سېنوپوننىڭ قەلىمى ئاستىدىكى جۇلىئوسنىڭ پەزىلىتىگە ناھايىتى ئوخشايدۇ.

ئاقىل پادىشاھ ئاشۇ ئۇسۇللارغا ئەمەل قىلىشى كېرەك. ئۇ بولۇپمۇ تىنچلىق يىللىرىدا بىخەستەلىك قىلىپ بىكار يۈرمەسلىكى، بەلكى ئۇ بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ تەقدىرگە خىرىس بولمىش ھۆجۇملارغا تەييارلىق قىلىپ تۇرۇشى كېرەك.

---

① ئاكىللىس — «ئىلىئاد»دا تەسۋىرلەنگەن ئاپېنالىق قەھرىمان.

② قەيسەر (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 44 — 100) قەدىمكى رىمنىڭ ئاتاقلىق گېنېرالى ۋە سىياسىيونى.

③ سكىپىئو — (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 183 — 237) رىم سەركەردىسى، كېيىن مەمۇرى بولۇپ سايلانغان.

④ سېنوپون — (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 351 — 434) يۇنان پەيلاسوپى سوقراتنىڭ شاگىرتى.



## هۆكۈمدار زۆرۈر بولغان ياماننلىقلارنىمۇ قىلالىشى كېرەك

▲ قانداق ياشاش كېرەكلىكى بىلەن قانداق ياشىغانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى زور. بىر ئادەم رېئاللىقنى پى-رىنسىپ ئۈچۈن قۇربان قىلىۋەتسە، ئۇ ئۆزىنى قوغداپ قالالمايلا قالماستىن، بەلكى ھالاك بولىدۇ. چۈنكى، بىر ئادەم ھەرقانداق ئىشتا پاك بولىمەن دەپ تۇرۇۋالسا، رەزىل ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا كەلگەندە تۈگىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ھۆكۈمدار ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قالماقچى بولىدىكەن، ئۇ ئەخلاققا زىت ئىشلارنى قانداق ئەھۋالدا ئېلىپ بېرىشنى، پۇرسەتنى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىش قى-لىشنى بىلىشى كېرەك. بەزى ئىشلار قارىماققا ياخشى تۇرغان بىلەن ھۆكۈمدارغا تالاپەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن، بەزى ئىشلار قارىماققا رەزىلدەك كۆرۈنگەن بىلەن، ھۆكۈمدارغا ئامان-لىق ۋە بەخت ـ سائادەت كەلتۈرۈشى مۇمكىن.

كۆزىتىشكە تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ، ھۆكۈمدارنىڭ پۇقرالار ۋە دوستلار ئالدىدىكى مۇئامىلە ئۇسۇلى. بۇ ھەقتە باشقىلار نۇرغۇن نەرسىلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشقان، ئەمدى مەنمۇ ئۇن قوشماقچى بولۇۋاتىمەن. ئېھتىمال، مېنىڭ

دېمەكچى بولغانلىرىم باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاپ كەتمەس. شۇ سەۋەبتىن بەزىلەر مېنى ھاكاۋۇر ئىكەن دەپ ئويلاپ قېلىشار. لېكىن، مېنىڭ مەقسىتىم باشقىلارغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى يېزىپ قالدۇرۇش. مېنىڭچە، شەيئىلەرنىڭ تەسەۋۋۇردىكى تەرد-پىنى ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى ئەمەلىي ئەھۋالىنى بايان قىلىش كېرەك. كۆپلىگەن ئادەملەر ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولغانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىگەن ياكى بىلمىگەن جۇمھۇرىيەت ۋە پادىشاھلىق ھەققىدىكى خىيالىي نەرسىلەرنى ئىشتىياق بىلەن بايان قىلىش-تى. بىراق، قانداق ياشاۋاتقانلىق بىلەن قانداق ياشاش كېرەكلى-كى ئوتتۇرىسىدا پەۋقۇلئاددە چوڭ ئارىلىق بار. بىر ئادەم ئەمە-لىيەتنى قانداق قىلىش كېرەكلىكى ئۈچۈن قۇربان قىلىۋەتسە، ئۇ ئۆزىنى قوغداپ قالالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. كىشى ھەرقانداق ئىشتا ھالال بولىمەن دەپ قەسەم قىلىپ تۇرۇۋالسا، ئۇ رەزىل ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇشقا توغرا كەلگەندە ئۆزىنى مۇقەررەر يوسۇندا تۈگەشتۈرۈۋالىدۇ. دې-مەك، بىر ھۆكۈمدار ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قالىمەن دەيدى-كەن، ئەخلاقىقا يات قىلمىشلارنى قانداق ئىلىپ بېرىشنى بىلىشى ۋە ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇشنى ئوبدان بىلىشى كېرەك.

مەن ھۆكۈمدارلار ھەققىدە خىيالىي ئىشلارنى سۆزلىمەي، ئەمەلىي ئىشلارنى سۆزلەيمەن. مېنىڭچە، كىشىلەر تەرىپىدىن با-ھالانغانلار (بولۇپمۇ ھۆكۈمدارلار، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئورنى ئۇس-تۈن) روشەن ھالدا باشقىلارنىڭ ماختىشىغا ياكى ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ. بۇنداقچە ئېيتقاندا، بەزىلەر مەردلىكى بىلەن ماختاشقا سازاۋەر، بەزىلەر پىخسىقلىقى بىلەن لەنەتكە مەھكۇم (بۇ سۆز توسكا تىلىدىكى سۆز، چۈنكى بىزنىڭ شېۋىمىزدە، بۇلاڭچىلىق قىلىپ مال توپلىغانلار نەپسانىيەتچى ھېسابلىنىدۇ. بىراق، بىر

دەۋاتقان پىخسىقلىق ئۆزىنىڭ مۈلكىنى سەرپ قىلىشنى خالى-
ماسلىقنى كۆرسىتىدۇ.) بەزىلەر دىيانەتلىك دەپ قارىلىدۇ، بەزى-
لەر ئاچ كۆز شەخسىيەتچى دەپ قارىلىدۇ، بەزىلەر ياۋۇز دەپ قا-
رىلىدۇ، بەزىلەر رەھىمدىل دەپ قارىلىدۇ، بەزىلەر ۋەدىسىدە تۇر-
ماس دەپ قارىلىدۇ، بەزىلەر ۋەدىسىدە تۇرىدۇ دەپ قارىلىدۇ، بە-
زىلەر ئاجىز دەپ قارىلىدۇ، بەزىلەر باتۇر دەپ قارىلىدۇ، بەزىلەر
سەمىمىي، مېھرىبان دەپ قارىلىدۇ، بەزىلەر بوينى قاتتىق دەپ
قارىلىدۇ، بەزىلەر ئىشرەتخور دەپ قارىلىدۇ، بەزىلەر پاك دەپ
قارىلىدۇ، بەزىلەر ئوچۇق - يورۇق دەپ قارىلىدۇ، بەزىلەر چېچەن
دەپ قارىلىدۇ، بەزىلەر جاھىل دەپ قارىلىدۇ، بەزىلەر چىقىشقاق
دەپ قارىلىدۇ، بەزىلەر سالماق دەپ قارىلىدۇ، بەزىلەر يەڭگىلتەك
دەپ قارىلىدۇ، بەزىلەر تەقۋادار دەپ قارىلىدۇ، بەزىلەر ئىمانسىز
دەپ قارىلىدۇ... ۋەھاكازالار. ئەگەر، مەن ھۆكۈمدار ئېسىل پەزى-
لەتلەرنى نامايان قىلسا ئاۋام تەرىپىدىن ماختىلىدۇ دېسەم، ھەم-
مە ئادەمنىڭ بۇ گېپىمگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلىمەن. بىراق،
ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزى-
دىكى ئاجىزلىق تۈپەيلى مەيلى ئاددىي پۇقرا ياكى پادىشاھ بول-
سۇن، ئۇنداق ئېسىل پەزىلەتلەر بار بولغاندىمۇ، ئۇلارنى ھەمىشە
بىر خىل ساقلاپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا، ھۆ-
كۈمدار يىراقنى كۆرەر بولۇشى، ۋۇجۇدىدا دۆلەتكە ئاپەت ئېلىپ
كېلىدىغان ناچارلىقلار بولسا ئۇنى تۈزىتىشى كېرەك. ھەتتا زۆ-
رۈر تېپىلغاندا، دۆلەتكە نەپ كەلتۈرىدىغان يامان تەرەپلىرىنى
ئېپقېلىشى لازىم. ناۋادا ئۇنىڭغا مۇمكىن بولمىسا، ھۆكۈمدار
ئۆز مەيلىگە يول قويسا بولىدۇ.

ئەگەر، يامان ۋاستىلەرنى قوللانماي تۇرۇپ دۆلەتنى قۇتقۇ-
زۇشقا مۇمكىن بولمىسا، ھۆكۈمدارلار كېيىن كىشىلەرنىڭ يامان

ۋاستىلەرنى ئىشلەتتى دەپ ئەيىبلىشىدىن قورقماسلىقى كې-
رەك. بىر ئىشنى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلساق، مۇقەررەر ھالدا
شۇنى بايقايسەن: بەزى ئىشلار قارىماققا ياخشىدەك كۆرۈنگەن بى-
لەن شۇ ئىش ھۆكۈمدارنى ھالاك قىلىپ تاشلىشى مۇمكىن. يەنە
بەزى ئىشلار قارىماققا رەزىلدەك كۆرۈنگەن بىلەن ھۆكۈمدارغا
نۇسرەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.





## بېخىللىق دېگەن يامان ئاتاق سېنىڭ پەزىلىتىڭ بولسۇن

▲ بېخىللىق ھۆكۈمدارغا نىسبەتەن ئەيىب ئەمەس، چۈنكى ئۇ ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىشتىكى تالاي يامان قىلمىشنىڭ بىرى.

▲ سەن بىر ھۆكۈمدار بولۇشۇڭ مۇمكىن ياكى ھۆكۈمدار بولۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ئادەم بولۇشۇڭ مۇمكىن. ئەگەر سەن ئالدىنقىسىدىن ئىبارەت بولساڭ سېخىيلىق سەن ئۈچۈن زىيانلىق، ئەگەر سەن كېيىنكىسىدىن ئىبارەت بولساڭ سەن سېخىيلىق ئۈچۈن پايدىلىق.

▲ دۇنيادا سېخىيلىقنىڭ ئۆمرى ئەڭ قىسقا بولىدۇ. چۈنكى، سەن سېخىيلىق قىلىۋاتقىنىڭدا سېخىيلىقنى ئىشلىتىش ھوقۇقىدىن ئايرىلىۋاتقان بولىسەن، نەتىجىدە، سەن گادايلىقتا قېلىپ كەمسىتىلىسەن ياكى گادايلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاچ كۆز بولۇپ نەپرەتكە ئۇچرايسەن.

تۆۋەندە مەن يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتۈلگەن بىرىنچى خىل خىسلەتنى بايان قىلىمەن. مېنىڭچە، بىر ئادەمنىڭ مەرد دەپ قارىلىشى ياخشى ئىش بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، سېنىڭ مەردلى-



كىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى چۈشەنچىسىدىكى مەردلىك بولۇپ
قالسا، بۇ سەن ئۈچۈن زىيانلىق، ئەگەر مەردلىكنى جايىدا ئىش-
لەتسەڭ، ئاۋام بۇنى بىلمىسە، ئەكسىچە يامان ئاتاققا قالىسەن.
ئەگەر كىشى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە مەرد سانىلىمەن دەپ ئويلاي-
دىكەن، ئۇنداقتا، ئۇ ھەشەمەتلىك قىلمىشتىن خالىي بولالمايدۇ.
بۇنداق خىسلەتكە ئىگە ھۆكۈمدار ئۆزىنىڭ بايلىقىنى ئورۇنسىز
ئىسراپ قىلىپ تۈگىتىۋېتىدۇ. ئۇ ئەنە شۇ خىل مەردلىكىمنى
داۋاملىق ساقلاپ قالىمەن دەپ، خەلققە ئالۋان سېلىشقا مەجبۇر
بولىدۇ. نەتىجىدە، پۇل ئۈچۈن تالىلىماي ۋاستە قوللىنىپ
خەلقىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغاپ قويىدۇ. ئۇ ئۇزۇلۇپ قال-
سا ھېچكىم ياردەم قىلمايدۇ. دېمەك، بۇ خىل مەردلىكىنىڭ زى-
يىنىغا ئۇچرايدىغىنى كۆپ سانلىق خەلق، پايدىسىنى كۆرىدىغى-
نى ئاز ساندىكى كىشىلەر بولىدۇ. ئاخىر ئۇنىڭ دەردىنى تۈنجى
قېتىم ھۆكۈمدارنىڭ ئۆزى ھېس قىلىدۇ. خەۋپكە ئۇچراشتىمۇ
ھۆكۈمرانىنىڭ ئۆزى ئالدى بىلەن ئۇچرايدۇ. مۇبادا پادىشاھ يۇ-
قىرىقىدەك ساۋاقلارنى تونۇپ يېتىپ بۇرۇنقى قىلىقىدىن قول
ئۈزسە، ئۇ دەرھال بېخىل دېگەن بەتنامغا ئېرىشىدۇ.
ھۆكۈمداردا زىياننى ئۈستىگە ئالالايدىغان جاسارەت بولمىسا
مەردلىك بابىدا نام چىقىرالمايدۇ. ئەگەر، ھۆكۈمدار زېرەك بولسا
بېخىل دېگەن سۈپەتنى پىسەنتكە ئېلىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر، ھۆ-
كۈمدار تېجەشلىك بىلەن بايلىقىنى ئاشۇرسا، دۈشمىنىگە تاقابىل
تۇرغۇدەك ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، خەلققە باج ـ سېلىق
سالمىسا، ئۇنداقتا ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر ھۆكۈمدار-
نىڭ مەردلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىدۇ. نەتىجىدە، ھۆكۈمدار
پۇقرالارغا نىسبەتەن مەرد سانىلىدۇ، چۈنكى ئۇ پۇقرالاردىن باج
ئالمايدۇ. پۇقرالار جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ غوللۇق قىسمىدۇر.





ئەكسىچە، ھۆكۈمدار ئۆزى شەپقەت قىلمىغان ئادەملەرنىڭ نەزى-
رىدە بېخىل بولىدۇ. ئەمما، بۇلار ئاز ساندىكى كىشىلەردۇر.

دەۋرىمىزدىن كۆرۈپ ئالالايمىزكى، بېخىل دەپ قارالغانلار
ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلالىدى، باشقىلىرى مەغلۇپ بولدى. پاپا
جۇلىئو II سېخىيلىق نامى بىلەن تونۇلۇپ پاپالىق ئورنىغا
چىققاندى، كېيىن ئۇرۇش قوزغاش ئۈچۈن سېخىيلىق نامىنى
ئانچە قوغداپ كېتەلمىدى. ھازىرقى فىرانسىيە پادشاھى كۆپ
قېتىم ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، خەلققە سېلىق سالمىدى. چۈن-
كى، ئۇ ئۇزاق مۇددەت ئىقتىسادچانلىق قىلىپ ئارتۇق چىقىملار-
نى كۆتۈرەلىگۈدەك بولغانىدى. ھازىر ئىسپانىيە پادشاھىمۇ سې-
خىيلىق نامىغا ئىگە بولغان بولسا، مەقسىتىنى ئوڭۇشلۇق ئىش-
قا ئاشۇرالمىغان بولاتتى.

بىر ھۆكۈمدار خەلقنى شىلماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنى ئوڭۇش-
لۇق قوغداش ئۈچۈن، نامراتلىق پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ، ئىنا-
ۋىتىنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، يۇقىرىلارنى قاقتى -
سوقتى قىلماسلىق ئۈچۈن، بېخىللىق نامىنى ئېلىپ قېلىشنى
ئېغىر ئالماسلىقى كېرەك. چۈنكى، بۇ ھۆكۈمدارنى قوغداپ قا-
لىدىغان ناچار خۇلقلارنىڭ بىرى. بەزىلەر: «قەيسەرمۇ سېخىيلىق
قىلىپ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئېرىشكەن، باشقا نۇرغۇن كىشى-
لەرمۇ شۇنداق» دېيىشى مۇمكىن. مېنىڭ جاۋابىم مۇنداق: «سەن
بىر ھۆكۈمدار بولۇشۇڭ مۇمكىن ياكى ھۆكۈمدارلىقنى قولغا
كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ئادەم بولۇشۇڭ مۇمكىن. ئەگەر
سەن ئالدىنقىسى بولساڭ سېخىيلىق سەن ئۈچۈن زىيانلىقتۇر.
ئەگەر سەن كېيىنكىسى بولساڭ، سېخىيلىق نامىنى قازىنىش
سەن ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر. قەيسەر رۇمنىڭ ھۆكۈمدارلىق
ئورنىغا ئىنتىلىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىرى، ئەگەر ئۇ



ھۆكۈمدارلىق ئورنىغا چىقىپ بولۇپ، داۋاملىق سېخىيلىق قى-
لىپ، خەزىنىنى قۇرۇتۇۋەتسە ئىمپېرىيە ھالاك بولۇپ كېتەتتى.
بەزىلەر بۇ گېپىمگە مۇنداق رەددىيە بېرىشى مۇمكىن: دۇنيادىكى
نۇرغۇن ھۆكۈمدارلار ئورنىنى ھەربىي ۋاستىلەر ئارقىلىق تىك-
لىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەڭ سېخىي دەپ تەرىپلەنگەنىد-
دى. بۇنىڭغا قارىتا مېنىڭ جاۋابىم مۇنداق: ھۆكۈمدارلار سەرپ
قىلغان بايلىق بىر بولسا ئۆزى بىلەن خەلقنىڭ بايلىقىدىن ئى-
بارەت بولىدۇ. بىر بولسا باشقىلارنىڭ بولىدۇ. ئەگەر بايلىق ئۆ-
زىگە ۋە خەلققە تەۋە بولسا ھۆكۈمدار ئىقتىسادچان بولۇشى كې-
رەك. ئەگەر بايلىق باشقىلارغا تەۋە بولسا، ھۆكۈمدار سېخىيلىق-
نى كۆرسىتىشكە مۇمكىن بولىدىغان بارلىق پۇرسەتلەرنى چىڭ
تۇتۇشى كېرەك. ھۆكۈمران ئۇرۇشقا چىققاندا بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە
قاقتى ـ سوقتى قىلىپ باشقىلارنىڭ بايلىقى بىلەن ياشاشقا
توغرا كەلگەندە سېخىيلىقنى نامايان قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر،
بولمىسا ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا ئەگەشمەيدۇ. ئۆزۈڭ ۋە خەلقىڭگە تە-
ۋە بولمىغان بايلىقنى خۇددى جۇلىئۇس، قەيسەر، ئالېكساند-
دىرلاردەك بىمالال سەرپ قىلىۋەرسەڭ بولىدۇ. چۈنكى، باشقىلار-
نىڭ جۇۋىسىدا تەرلەش سېنىڭ شان ـ شۆھرىتىڭنى يىراقلارغا
تارىتىدۇ. پەقەت ئۆزۈڭنىڭ بايلىقىنى ئىسراپ قىلىۋەتسەڭ زى-
يانغا يولۇقىسەن. دۇنيادا سېخىيلىقتەك تېز ئاخىرلىشىدىغان
نەرسە بولمايدۇ. چۈنكى، سېنىڭ سېخىيلىق قىلىشىڭ ئۇنى
ئىشلىتىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇشۇڭدۇر. نەتىجىدە، سەن
نامراتلىقىڭ تۈپەيلى خورلۇققا قالىسەن ياكى نامراتلىقتىن قۇتۇ-
لۇش ئۈچۈن ئاچ كۆزلۈك قىلىپ، نەپرەتكە سازاۋەر بولىسەن.
ھۆكۈمدار چوقۇم كەمسىتىلىش ۋە نەپرەتتىن مۇستەسنا بولۇشى
زۆرۈر. بىراق، سېخىيلىق ھامان بىركۈنى بۇ ئىككىسىنى ئېلىپ

كېلىدۇ. ئاقىل كىشىلەر بېخىل نامىنى ئېلىشقا رازى بولىدۇكى، سېخىي نامىنى ئېلىشقا رازى بولمايدۇ. چۈنكى، بېخىللىق يامان ئاتاق بولسىمۇ، نەپرەت قوزغىمايدۇ، سېخىيلىقنى قوغلىشىش ئاخىر نەپسانىيەتچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، نەپسانىيەتچىلىك ياماق ئاتاق بىلەن نەپرەتنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ.







## رەھىمدىللىك رەھىمسىزلىكتىنمۇ يامان

▲ ھۆكۈمدار پۇقرالىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنى ئىشەنچكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن رەھىمسىز دېگەن ئاتاققا قېلىشتىن ئانچە ئەنسىرەپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. ئايرىم ئىشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالايمىقانچىلىق، قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق كەبى قىل-مىشلارنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى بىلەن كارى بولمايدىغان ئاتال-مىش رەھىمدىللىككە نىسبەتەن ئۇ تېخىمۇ رەھىمدىللىكتۇر. چۈنكى، كېيىنكى ئىشلارنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيانلى-رى كۆپ بولىدۇ. ئەكسىچە، ھۆكۈمدار ئۆلۈم جازاسى بەرسە، بۇ-نىڭ زىيىنى ئىنتايىن ئاز ساندىكىلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ. يېڭى ھۆكۈمدارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، رەھىمسىز دېگەن ئاتاقتىن ساقلىنىش تەس. چۈنكى، دۆلەت نۇرغۇن خەۋپ - خەتەرگە دۇچ كېلىۋاتقاندا، كەسكىن چارە قوللىنىش زۆرۈردۇر.

▲ بىر ھۆكۈمدارغا نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئەۋزەلمۇ ياكى تەپ تارتىشى ئەۋزەلمۇ؟ جاۋابىم شۇكى، ھەر ئىك-كىسىگە ئېتىبار بەر ۋە ئۇلارغا ئېرىش. تەپ تارتىش مۇھەببەت-تىن بىخەتەر.

▲ كىشىلەر ئۆزى تەپ تارتىدىغان كىشىلەرنى رەنجىتىش-تىن مۇمكىنقەدەر ساقلىنىشقا تىرىشىدۇ. ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان

ئادەمنى رەنجىتىپ قويۇش ئېھتىماللىقى مەۋجۇت.

▲ باشقىلارنىڭ مۈلكىگە قول تىقما، چۈنكى كىشىلەر ئا-
تىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاتىلنى ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتىدۇكى، ئۇ-
نىڭ مۈلكىنى تارتىۋالغان ئادەمنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ[1]

تۆۋەندە بىز ئادەمنىڭ يەنە بىر قارىمۇقارشى تەرىپىنى بايان
قىلىمىز. ئۇ بولسىمۇ رەھىمسىزلىك ۋە رەھىمدىللىك. مېنىڭ-
چە، ھەرقانداق ھۆكۈمدار كىشىلەر تەرىپىدىن رەھىمدىل دەپ
قارىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بىراق، ئۇ رەھىمدىللىك قىلىشتا
ئېھتىياتچان بولمىسا بولمايدۇ. چىسارى بورجىئا رەھىمسىز دەپ
قارالدى. بىراق، ئۇنىڭ رەھىمسىزلىكى روماناغا تەرتىپ ئېلىپ
كەلدى، بۇ رايوننى بىرلىككە كەلتۈردى، تىنچلىق ۋە ساداقەت-
مەنلىك كەيپىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ ھەقتە ياخشىراق
ئويلانساق شۇنى بايقايمىزكى، بورجىئا فىلورېنسىيەلىكلەردىن
كۆپ رەھىمدىل. فىلورېنسىيەلىكلەر رەھىمسىز دېگەن يامان ئا-
تاقتا قالماسلىق ئۈچۈن پىستوئىيە[2] رايوننى ۋەيران قىلىۋەت-
تى. شۇڭلاشقا، ھۆكۈمدار پۇقرالىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە
ئۇلارنى ئىشەنچكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن رەھىمسىز دېگەن ئاتاققا
قېلىشتىن ئانچە ئەنسىرەپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. بورجىئا ئايرىم
ئىشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالايمىقانچىلىق، قاتىللىق، بۇلاڭ-
چىلىق كەبى قىلمىشلارنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى كۆپ رەھىم-
دىل ئىدى. چۈنكى، كېيىنكى خىسلەت جەمئىيەتنى زىيان -
زەخمەتكە ئۇچرىتىدۇ. ئەمما، ھۆكۈمدار ئۆلۈم جازاسى يۈرگۈزسە

---

① بۇ ماكياۋېللىنىڭ مەشھۇر سۆزى بولۇپ، كېيىن شەرق، غەرب ئالىملىرى تەرىپىدىن تەنقىدلەنگەن.

② پىستوئىيە — (Pistoia) ئىتالىيەنىڭ بىر رايونى.

زىيان پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەر بىلەن تېزگىنلىنىدۇ. يېڭى ھۆكۈمدارغا نىسبەتەن رەھىمسىز دېگەن ئاتاقتىن خالىي بولۇش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى، دۆلەتكە خەۋپ يۈزلىنىپ تۇرغاچقا، كەسكىن چارىلەرنى يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. ۋىرگىل[1] دىدو ئىسىملىك بىر پېرسوناژنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق دېگەن:

«دۆلەت يېڭى بولسا ۋەزىيەت كەسكىن بولۇر
مۇداپىئە قاتتىق بولسا ئەل - يۇرت ئەمىن بولۇر.»

ھۆكۈمدار ئېتىقاد ۋە پائالىيەت جەھەتتە ناھايىتى پەخەس بولۇشى كېرەك. بىراق، ئېھتىياتچان بولدۇم دەپ ئارغامچىنى يىلان ئورنىدا كۆرۈپ كەتسىمۇ بولمايدۇ. ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەستايىدىل ئويلىنىپ، ئېنىق كۆزىتىپ، دىيانەت يولىنى تۇتۇشى كېرەك. ئۆزىگە زىيادە ئىشىنىپ كېتىپ تەنتەكلىك قىلىشتىن ياكى گۇمانخورلۇق قىلىپ، كىشىلەرنى چەتكە قېقىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

بۇ مەسىلىدە مۇنداق بىر تالاش - تارتىش تۇغۇلۇشى مۇمكىن: بىر ھۆكۈمداردىن كىشىلەر سۆيۈنسە ياخشىمۇ ياكى نەپرەتلەنسە ياخشىمۇ؟ مېنىڭ جاۋابىم مۇنداق: مۇمكىنقەدەر ھەر ئىككى تەرەپنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك. بىراق، بۇ ئىككىسىنى تەڭشەپ مېڭىش ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ تەس. مۇبادا ئىككىسىدىن بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلسە، كىشىلەرنىڭ نەپرىتىنى

① ۋىرگىل (م. ب 19 — 70) قەدىمكى رىم شائىرى.




قوزغاش سۆيۈنۈشنى قوزغاشقا قارىغاندا بىخەتەر بولىدۇ. ئادەتتە ۋىجدانسىزلىق، تۇراقسىزلىق، ساختىپەزلىك، يالغانچىلىق، پايدىغا يۈگۈرۈپ زىياندىن قېچىش ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىدۇر. سەندىن مەنپەئەت يۇقسا كىشىلەر ساڭا ئۆزىنى بېغىشلايدۇ. قۇربان بېرىش پۇرسىتى مەۋھۇم ھەم يىراق بولغان ئەھۋال ئاستىدا، كىشىلەر قېنىنى، مال ـ مۈلكىنى، ھاياتىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى ئايىمايدىغانلىقى ھەققىدە قورقماستىن قەسەم قىلىشىدۇ. بىراق، قەسىمىنى ئورۇنلاش راستتىنلا يېتىپ كەلگەندە ئۇلار سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ھۆكۈمدار باشقىلارنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپلا يۈرۈپ، تەييارلىق ھالىتىدە تۇرمىسا ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى قوم باسىدۇ. ئۇلۇغلۇق ۋە ئالىيجانابلىق بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە پۇل بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەن دوستلۇق ھەرگىز ئىشەنچلىك ئەمەس. بۇنداق دوستلۇق ھالقىلىق پەيتتە ئەسقاتمايدۇ. ئادەتتە ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنى رەنجىتىش ئۆزى قورقىدىغان ئادەمنى رەنجىتىشكە قارىغاندا كۆپ ئوڭاي. چۈنكى، ياخشى كۆرۈش تەشەككۇر رىشتىسى بىلەن چىڭ باغلانغان بولىدۇ. بىراق، ئىنسان شەخسىيەتچى مەخلۇق بولۇپ، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇنداق رىشتىنى ئۈزۈۋېتىشتىن ئايانمايدۇ. قورقۇش بولسا ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ جازادىن قورقۇش پىسخىكىسى بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، بۇنداق پىسخىكا ئەبەدىي يوقالمايدۇ.

ھۆكۈمدار كىشىلەرنى ئۆزىدىن تەپ تارتىدىغان قىلىش ئۈچۈن مۇنداق قىلىشى كېرەك: كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن ئەھۋالدا، كىشىلەرنىڭ نەپرىتىنى قوزغىماسلىق كېرەك. مانا بۇ ئاشۇ ئىككى خىل ئەھۋالنى ئەڭ ياخشى بىرلەشتۈرۈش ھالىتىدۇر. ھۆكۈمدار پۇقرالىرىنىڭ مال ـ مۈل-

كى ۋە خوتۇن - قىزلىرىغا زەرەر يەتكۈزمىسىلا بۇ پەللىگە بارالايدۇ. ھۆكۈمدار كىشىلەرنى ھاياتىدىن مەھرۇم قىلىشقا توغرا كەلگەندە، توغرا يېتەرلىك باھانە - سەۋەب كۆرسىتەلىشى كېرەك. لېكىن، ئالدىنقى شەرت شۇكى، كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكىگە ھەرگىزمۇ تەگمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، كىشىلەر ئا- تىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاتىلنى ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىدۇ، لېكىن مال - مۈلكىنى ئېلىۋالغان ئادەمنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكىنى تارتىۋېلىشنىڭ باھانە- سىنى تېپىش ئىنتايىن ئوڭاي، بىراۋ بۇلاڭچىلىق قىلىپ كۈن كەچۈرىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالسا، ئۇنىڭغا قىينالمايلا باھانە تاپالايدۇ. ئەكسىچە، باشقىلارنىڭ ھاياتىغا زامىن بولۇشنىڭ باھا- نىسىنى تېپىش بەكمۇ تەس. چۈنكى، ئۇنىڭ باھانىسى تېزلا غا- يىب بولۇپ كېتىدۇ.

ھۆكۈمدار ئادەم سانى كۆپ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغاندا، رەھىمسىزلىك قىلىشتىن ئېھتىيات قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەگەر ئۇنىڭ رەھىمسىزلىك بابىدىكى نام - ئاتىقى بولمىسا، ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى ئىناق، قەيسەر ۋە ئاكتىپ ھالدا ۋەزىپە ئىجرا قىلدۇرالمايدۇ. خەننىبال[1] پەۋقۇلئاددە ئىش ئىزلىرىدىن مۇنداق بىر مىسالنى ئۇچرىتىمىز: ئۇنىڭ قوشۇنى كۆپ مىللەت ئەسكەرلىرىدىن تەشكىل تاپقان زور قوشۇن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يات ئەللەردە ئۇرۇش قىلىۋاتقان بولسىمۇ، تەلەينىڭ ئوڭ ياكى تەتۈر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىتتىپاقسىزلىق

---

① خەننىبال (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 247 — 183) كارتاجىن ئارمىيە قوماندانى ئالپىس تېغىدىن ئۆتۈپ ئىتالىيەگە تاجاۋۇز قىلغان. سۈرىيەلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ رىملىقلارغا قارشى جەڭ قىلغان. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئۆلتۈ- رۈۋالغان.

ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى باشقا يەردە ئەمەس. دەل
خەننىبالنىڭ رەھىمسىز تەبىئىتىدە، يەنى ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە
ئىستىبداتى ھۆرمەت ۋە ئەيمىنىش پەيدا قىلغان. ئەگەر ئۇ رە-
ھىمسىز بولمىسا، نوقۇل ئىقتىدارىغا تايىنىش بىلەن بۇنداق ئۇ-
نۇمگە ئېرىشەلمەيتتى. بىراق، بۇ خىل ئەمەلىيەت ئۇستىدە يې-
تەرلىك ئويلانمىغان قەلەم ساھابىلىرى خەننىبالنىڭ نەتىجىلى-
رىگە ئاپىرىن ئوقۇش بىلەن بىللە، يۇقىرىقىدەك نەتىجىگە ئې-
رىشتۈرگەن ۋاستىلىرىنى تەنقىد قىلدى.

ئەگەر خەننىبالدا ئىقتىدارلا بولسا كۇپايە قىلمايتتى. بۇنى
بىز سكىپىئونىڭ ئىش ئىزلىرىدىن كۆرەلەيمىز. سكىپىئو ئۆز
دەۋرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەت تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان
شەخس. بىراق، ئۇنىڭ قوشۇنى ئىسپانىيەدە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈ-
دى. بۇنىڭ سەۋەبى باشقا يەردە بولماستىن، دەل ئۇنىڭ رەھىم-
دىل بولۇپ كەتكەنلىكىدە، ئۇ ئەسكەرلىرىگە ھەربىي نىزامغا زىت
بولغان ئارتۇقچە ئەركىنلىكنى بېرىۋەتكەن. ئاخىر ئۇ ئاقسااقاللار
كېڭەشىدە فابىئو ماسىمو تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى ھەم
ئۇنىڭ تەرىپىدىن رىم قوشۇنىنىڭ ھالاك قىلغۇچىسى دەپ ئە-
يىبلەندى. لوكورونس يۇقرالىرى ئەينى ۋاقىتتا سكىپىئونىڭ
بىر قوماندانىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. سكىپىئو بۇنىڭ ئۇچۇن
ئۇنى جازالاپ يۇقرالارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بەرمىگەنىدى.
قوماندانىنىڭ زوراۋانلىقى قانۇنىي تەقىبكە ئېلىنمىدى. بۇ سكى-
پىئو[1]نىڭ مىجەزىدىكى سىپايىلىكتىن بولغانىدى. شۇڭلاشقا،
ئۇنىڭ ئاقسااقاللار كېڭەشىدىكى ئاقلىغۇچىلىرى تادانلىق بىلەن
شۇنداق دېيىشكە مەجبۇر بولدى. نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلار

[1] سكىپىئو (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 234 ــ 183) رىم ئارمىيە قوماندانى بو-
لۇپ، ئىسپانىيەدە خەننىبالنى يەڭگەن.



ئۆزلىرى خاتالىق ئۆتكۈزمەيدۇ ھەم باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشنىمۇ بىلمەيدۇ. سكىپىئو رىم ئىمپېرىيەسىدىكى قوماندانلىق ئورنىنى ساقلاپ قالسا، ئاقساقاللار كېڭىشى ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلىۋەتمىگەندىمۇ، ئۇنىڭ رەھىمدىللىكتىن ئىبارەت خاراكتېرىلا بولىدىكەن، ھامان بىركۈنى زاۋال تاپماي قالمايتتى. ئاقساقاللار كېڭىشىنىڭ تەپتىشى سەۋەبلىك ئۇنىڭ خەتەرلىك خاراكتېرى يېپىلىپلا قالماستىن، بەلكى كەلگۈسىدىكى شان ـ شەرىپىمۇ قوغدىلىپ قالدى. خۇلاسە كالام: ھۆكۈمدارنى ياخشى كۆرۈش خەلق تەرەپتىن بولىدۇ. ھۆكۈمداردىن ئەيمىنىش ھۆكۈمدار سەۋەبىدىن بولىدۇ. شۇڭا، ئەقىللىق ھۆكۈمدار باشقىلارنىڭ ئىرادىسىگە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە تايىنىشى لازىم. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئىشى يۇقىرىقى قۇرلاردا دېيىلگەندەك نەپرەت قوزغاشتىن پەخەس بولۇش.





## هۆكۈمدار شىردەك قەيسەر، تۈلكىدەك هىيلىگەر بولۇشى لازىم

▲ زور ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان هۆكۈمدارلار ۋەدىسىدە ئاز تۇرغان، ئۇ سۇيىقەست ۋە هىيلە - مىكىرگە ناهايىتى ئۇستا كېلىدۇ. كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ، گاڭگىرىتىپ نېمە قىلىشنى بىلمەيدىغان هالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سادىقلىقنى ئۆز هاياتىنىڭ مىزانىغا ئايلاندۇرغان كىشىلەرنى بويسۇندۇرىدۇ.

▲ هۆكۈمدار يېرىم ئادەم، يېرىم هايۋان مەخلۇقنى پىر تۇتقانىكەن، ئۇ ئادىمىيلىك بىلەن هايۋانىيلىقنى قانداق ئىشقا سېلىشنى بىلىشى كېرەك. ئەستە تۇتۇش كېرەككى، بۇ ئىككى خۇسۇسىيەتنىڭ بىرى كەم بولۇپ قالىدىكەن، ئۇنداقتا، يەنە بىرىمۇ ئۇزۇن ياشىيالمايدۇ.

▲ هۆكۈمدار قورۇلغان تۇزاقنى بايقاشتا تۈلكىدەك قۇۋ بولۇشى، چىلبۆرىلەر بىلەن ئېلىشىشتا شىردەك باتۇر بولۇشى لازىم. پەقەت شىر بولۇشنىلا ئويلايدىغان كىشىلەر بۇ قائىدىنى چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا، بىر ئاقىل هۆكۈمدار هەرگىزمۇ ۋەدە قوغلاشمايدۇ.

▲ هۆكۈمدار هايۋانىي تەرىپىنى نىقابلاشنى بىلىشى، بۇ-



يۈك نىقابلانغۇچى ۋە ساختىپەزگە ئايلىنىشى كېرەك. كىشىلەر تولىمۇ ساددىلىق ۋە پاسسىپلىق بىلەن كۆز ئالدىدىكى ھاجىتىنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچرىماقتا، شۇڭلاشقا، ئالدامچىلار گول ئادەملەرنى ئىزدىسىلا تاپالايدۇ.

▲ كىشىلەر سىنىڭ قىياپىتىڭنى بىلىدۇ، بىراق قانداق ئادەملىكىڭنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز.

ئادەتتىكى ئامما ھۆكۈمدار ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ ھىيلە - مىكىر ئىشلەتمىسە، ئادالەت بىلەن ئىش قىلسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلىشىدۇ. بىراق، زامانىمىزدىكى تەجرىبە - ساۋاقلار شۇنداق ئۇقتۇرىدۇكى، ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلغان ھۆكۈمدارلار ۋەدىسىدە ئانچە تۇرۇپ كەتمىگەن. بەلكى ئۇلار ھىيلە - مىكىرنى ئۇستىلىق بىلەن ئىشقا سېلىپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى مۇجمەللەشتۈرىدۇ، كىشىلەرنى نېمە قىلىشنى بىلەلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ، گاڭگىرىتىپ تاشلايدۇ، شۇ ئارقىلىق سەمىمىي ساداقەتمەنلىكنى تۇرمۇش مىزانى قىلغان كىشىلەرنى بويسۇندۇرىدۇ.

بىلىشىڭ كېرەككى، دۇنيادا ئىككى خىل كۈرەش ئۇسۇلى بار: بىرى، قانۇندىن پايدىلىنىش، يەنە بىرى، قورال كۈچىدىن پايدىلىنىش. بىرىنچى خىل ئۇسۇل ئىنسانىي ئۇسۇلدۇر؛ ئىككىنچى خىل ئۇسۇل ياۋۇزلارچە ئۇسۇلدۇر. ئەمما، ئالدىنقىسى كۆپ ھاللاردا ئانچە ئۈنۈملۈك بولمىغاچقا، كېيىنكىسىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر ھۆكۈمدار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ياۋۇزلارچە ئۇسۇل ۋە ئىنسانىي ئۇسۇلنى قانداق قوللىنىشنى بىلىش ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ ھەقتە بۇرۇن ئۆتكەن ئەدىبلەر يوشۇرۇن رەۋىشتە بېشارەت بەرگەنىدى. تەسۋىرلىنىشچە، ئاكىللىس





ۋە باشقا نۇرغۇن ھۆكۈمدارلار كىرون ئىسىملىك يېرىم ئادەم، يېرىم ئات مەخلۇقنىڭ تەربىيەلىشىگە تاپشۇرۇلغان ھەم ئۇنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولغانىكەن. دېمەك، ئادەم بالىسى يېرىم ئادەم، يېرىم ئات مەخلۇقنى ئۇستاز تۇتقانىكەن، ئۇ ئادىمىيلىك بىلەن ۋەھشىيلىكنى ئۆگىنىشى كېرەك بولىدۇ، بۇ ئىككى خىل خىسلەتنىڭ بىرى يەككە - يېگانە ھالدا مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇ ھەرگىز ئۇزۇن داۋام قىلالمايدۇ.

ھۆكۈمدار ئۇچۇن ياۋۇزلۇقنى قوللىنىشنى بىلىش زۆرۈر بولغانىكەن، ئۇنداقتا، ئۇ تۈلكىدەك ھىيلىگەر، شىردەك قەيسەر بولۇشى لازىم. چۈنكى، شىر قاپقانغا چۈشۈشتىن خالىي بولمايدۇ، تۈلكە چىلبۆرىلەرگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئەمما، شىر چىلبۆرىلەرگە زەربە بېرەلەيدۇ، تۈلكە ئۆزىنى قاپقاندىن ئېلىپ قېچىشنى بىلىدۇ. دېمەك، ھۆكۈمدار خەۋپ - خەتەرلەردىن تۈلكىدەك ئەپلىك ساقلىنالىشى، چىلبۆرىلەرگە قارشى شىر كەبى كۆرەش قىلالىشى كېرەك. پەقەت شىر بولۇشنىلا ئويلىغان ئادەم بۇ ھېكمەتنى چۈشىنەلمەيدۇ. مەلۇمكى، پىشقان ھۆكۈمدار ۋەدىسىدە تۇرسا ئۆزىگە زىيان يېتىش خەۋپىنى سەزگەن ھامان ۋەدىسىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك. ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنىڭ شەرتلىرى قىممىتىنى يوقاتقان ئەھۋال ئاستىدا ۋەدىدە تۇرۇشنىڭ قىلچىمۇ ھاجىتى يوق. ئەلۋەتتە، ھەممە ئادەم ئوخشاشلا سەمىمىي ۋە ئاق كۆڭۈل بولسا مېنىڭ بۇ گېپىم ئەھمىيەتسىزدۇر. ئەپسۇسكى، ئادەملەر رەزىل كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ساڭا ھەمىشە بىردەك ۋاپادار بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، سېنىڭمۇ ئۇلارغا نىسبەتەن ۋاپادار بولۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق. بىر ھۆكۈمدارغا نىسبەتەن ۋەدىسىدە تۇرماسلىقنىڭ باھانە - سەۋەبلىرى كۆپ بولىدۇ. مەن بۇ ھەقتە يېقىنقى زامان تارىخىدىن نۇرغۇن مىساللارنى



كەلتۈرۈپ بېرەلەيمەن. بۇ مىساللار شۇ نۇقتىنى يورۇتۇپ بېرىدۇكى، نۇرغۇن بىتىملەر ھۆكۈمدارلارنىڭ يۈز ئۆرۈشى سەۋەبىدىن كۈچىدىن قالغان. يەنە نۇرغۇن ۋەدىلەر ھۆكۈمدارلارنىڭ يۈز ئۆرۈشى سەۋەبىدىن ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان. تۈلكىنىڭ خۇيى ـ پەيلىنى ئۇستاز تۇتقانلار ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى. ھۆكۈمدار بۇ خىل ياۋۇزلۇقنى چىرايلىق نىقابلاپ، ئۇلۇغۋار ئالدامچىغا ئايلىنىشنىڭ ئېپىنى بىلىشى كېرەك. ئاۋام شۇنداق بولىدۇكى، ئۇلار كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىڭ كونترول قىلىشىنى ئاسانلا قوبۇل قىلىدۇ. روشەنكى، مەككارلىق بىلەن باش كۆتۈرمەن دېگەن ئادەم ئۆزىنىڭ قاپقىنىغا ئاسانلا دەسسەيدىغان بىر توپ گول ئادەملەرنى ھەرقانداق چاغدا تاپالايدۇ.

مەن يېقىنقى بىر مىسالنى قەيت قىلماقچى، ئۇ بولسىمۇ ئالېكساندىر VI ھەققىدىكى ئىش. بۇ ئادەم ئالدامچىلىقتىن ئۆزگە ھېچ ئىش قىلغان ئەمەس ھەم قىلىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئالدامچىلىق قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ باقمىغان. چۈنكى، ھېچكىم ئۇنىڭدەك قەتئىي ۋەدە بېرەلمەيتتى. بىرەر ئىشنى قەسەم قىلىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ نۆۋىتى كەلگەندە تەڭدىشى يوق يۈزسىزمۇ بولالايتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ئالدامچىلىقى ئىزچىل ھالدا ئەمەلگە ئاشاتتى. ئۇ ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاجىز ھالقىلارنى پىششىق تونۇپ يەتكەچكە شۇنداق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىغانىدى.

بىر ھۆكۈمدار ئىنساندىكى ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىمەن دەپ تۇرۇۋالسا بولمايدۇ. ئەمما، ئۇ كىشىلەرگە گوياكى ئاشۇ ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ كامىل ئىگىسى بولۇپ كۆرۈنەلىشى كېرەك. قاپ يۈرەكلىكىمنى كەچۈرۈڭلاركى، ئاشۇ ئې-

سىل پەزىلەتلەرگە ئېرىشىپ دائىم شۇ بويىچە ئىش قىلمەن دېيىش ناھايىتى خەتەرلىك. ئەمما، ئاشۇنداق پەزىلەتلەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ كۆرۈنۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلسا ئەھۋال پايدىلىق بولىدۇ. قارىماققا رەھىمدىل، ۋاپادار، ئىنسانپەرۋەر، سەمىمىي، تەقۋادار بولۇش ۋە دائىم شۇنداق بولۇشقا مايىل بولۇپ كۆرۈنۈش ياخشىراق ئىپادە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆڭلۈڭدە پۇختا تەييارلىق بولسۇن: مۇبادا ئۇلارنىڭ ئەكسىنى قىلىش ئېھتىياجى تۇغۇلسا سەن دەرھال شۇنداق قىلىشقا قادىر بولالىشىڭ كېرەك. شۇنى بىلىش كېرەككى، بىر ھۆكۈمدار، بولۇپمۇ يېڭى بىر ھۆكۈمدار ياخشى ئادەملەر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى دائىم قىلىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ھۆكۈمدار دۆلەتنى ئۇزاق مۇددەت ئامان - ئېسەن تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن رەھىمدىللىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە دىنىي ئېتىقاد پىرىنسىپلىرىغا خىلاپلىق قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھۆكۈمدار مۇنۇ گەپنى ئېسىدە چىڭ ساقلىشى كېرەك: ئۇ شامالغا قاراپ كېمە ھەيدەشنى بىلىشى، بەلكى مەن باشتا ئېيتقاندەك، مۇمكىنقەدەر دىيانەتتىن تايماسلىقى، بىراق زۆرۈرىيەتتى تۇغۇلغاندا رەزىل ئىشلارنىمۇ قىلالىشى كېرەك.

ھۆكۈمدار ناھايىتى ئېھتىيات قىلىشى كېرەككى، بەش خىل پەزىلەت (رەھىمدىللىك، ۋاپادارلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك، سەمىمىيلىك، تەقۋادارلىق)كە زىت كېلىدىغان ئىبارىلەرنى ھەرگىزمۇ ئاغزىدىن چىقارماسلىقى كېرەك. بەلكى ھۆكۈمدارنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ۋە ئاڭلاپ تۇرىدىغان كىشىلەر ئۇنى رەھىمدىل، ۋاپادار، ئىنسانپەرۋەر، سەمىمىي، تەقۋادار ئىكەن دېگەن تەسىراتقا كېلىشى كېرەك. ھۆكۈمدارغا نىسبەتەن تەقۋادارلىقتىنمۇ زۆرۈر پەزىلەت بولمايدۇ. چۈنكى، كىشىلەر كۆپ ھاللاردا قولى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى كۆزى ئارقىلىق ھۆكۈم



قىلىدۇ. كۆرەلەيدىغانلار كۆپ بولىدۇ، چۈشىنەلەيدىغانلار ئاز بولىدۇ، قولىنى ئىشقا سېلىپ تەسىر قىلىدىغانلاردىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ تەس. ئىپادەڭگە قارايدىغانلار كۆپ بولسىمۇ، تېگى - تەكتىڭنى چۈشىنىدىغانلار ناھايىتى ئاز بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئاز ساندىكىلەر كۆپ ساندىكىلەرنىڭ پىكرىگە قارشى تۇرۇشقا پېتىنالمايدۇ. چۈنكى، بۇ كۆپ ساندىكىلەر دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولغانلاردۇر. كىشىلەرنىڭ قىلمىشىغا، بولۇپمۇ ھۆكۈمدارنىڭ قىلمىشىغا قارىتا سوتقا ئەرز سۇنغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدىكى مەقسەت ۋاستىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت. دېمەك، بىرەر ئەلنى بويسۇندۇرۇش ۋە ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلغان ھۆكۈمدار قانداق ۋاستە قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر، بۇلار مەزكۇر ھۆكۈمدارنىڭ شان - شەرىپى سۈپىتىدە مەدھىيىلىنىدۇ. گول خەلقلەر ھەمىشە تاشقى ھالەت ۋە ئاقىۋەتكە جەلپ بولىدۇ، بۇ جاھاننىڭ ئادەملىرى ئومۇمەن نادان ۋە گالۋاڭ كېلىدۇ. گالۋاڭ كىشىلەر ھۆكۈمدارنىڭ قېشىدا كېرىلىپ كەتكەندە، ئاز ساندىكى سەگەك كىشىلەر ئۇلاردىن ئۆزىنى تارتىدۇ. زامانىمىزنىڭ ھۆكۈمدارى[1] (بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتمىگىنىم ئۇچۇن ئۆزرىلىكمەن) كۆرۈنۈشتە كۈنبويى تىنچلىق ۋە ۋاپادارلىق قىلىپ ئولتۇرغاندىن باشقا ھېچ ئىش قىلمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاشۇ ئىككى خىل پەزىلەتنىڭ دۈشمىنى ئىدى. ئەگەر ئىككىسىدىن بىرەرسىگە راستىنلا ئەمەل قىلغان بولسا، دۆلىتى ۋە شان - شەرىپىنى قولدىن بېرىپ قويۇشتەك تالاي خەۋپ - خەتەرلەرگە يولۇققان بولاتتى.

---

① ئىسپانىيەدىكى «كاتولىك مۇخلىسى» فېردىناندونى كۆرسىتىدۇ. ئۇ 1516 - يىلى 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۆلگەن. ماكياۋىللى ئۇچۇن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاشكارا قەيت قىلىش زىيانلىق ئىدى.



## مەنسىتمەسلىك ۋە غەزەپ - نەپرەتتىن قەتئىي خالىي بولۇش لازىم

▲ خەلقنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىماسلىق ھۆكۈمدارنىڭ سۈيىقەستىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئالدىنقى ئۇسۇلى. چۈنكى، مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ھۆكۈمدارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشى پۇقرانى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ.

▲ پادىشاھ مەسئۇلىيەتلىك ئىشلارنى باشقىلارغا قىلغۇزۇپ، شاپائەت ۋە دىيانەت ئىشلىرىنى بىۋاسىتە ئۆز قولى بىلەن يەتكۈزۈشى كېرەك.

▲ ھۆكۈمدارنىڭ ئايرىم كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىماي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، بىراق، ئۇلار خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىدىن ساقلىنىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىسا، ھەرقانداق ئاماللار بىلەن كۈچلۈك تەرەپنىڭ غەزەپ - نەپرىتىدىن ساقلىنىشى كېرەك.

▲ ئەگەر سەن ئورنۇڭنى ساقلاپ قالماقچى بولىدىكەنسەن، كېرەكلىك ئادەملىرىڭ (ئامما بولامدۇ، ئەسكەر بولامدۇ، ئاقسۆڭەك بولامدۇ)نىڭ چىرىكلىشىپ يولدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ يول بەرسەڭ، بۇنداق ياخشىلىق ساڭا ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.



يۇقىرىدا ھۆكۈمداردا بولۇشقا تېگىشلىك مۇھىم ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە توختالدىم، ئەمدى باشقا ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە توختىلىمەن. يۇقىرىدا دېيىلگەندەك ھۆكۈمدار كىشىلەرنىڭ نەپرىتى ۋە مەنسىتمەسلىكىدىن ساقلىنىشى لازىم، بۇ خىل ساقلىنىش ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشقان بولسا، ھۆكۈمدار مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، باشقا رەزىل قىلمىشلار ھېچقانداق خەۋپ ئېلىپ كەلمەيدۇ. ھۆكۈمدار ئاچ كۆزلۈك، پۇقرانىڭ مال - مۈلكىنى ۋە خوتۇن - قىزلىرىنى تارتىۋېلىشى سەۋەبلىك ئاسانلا نەپرەتكە ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ھۆكۈمدار بۇنداق ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. پۇقرالارنىڭ مۈلكىگە ۋە غۇرۇرىغا چېقىلمىغان كىشىلەرلا خەلقنى رازى قىلالايدۇ، ھۆكۈمدار پەقەت ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ قارا نىيىتىگە قارشى تۇرسىلا بولىدۇ، ھۆكۈمدار كۆپ خىل ئەپچىل چارىلەر بىلەن ئۇلارنى باشقۇرۇپ كېتەلەيدۇ. ناۋادا ھۆكۈمدار ئۆزگىرىشچان (تايىنسىز)، شاللاق، توخۇ يۈرەك ۋە يۇمشاقباش بولۇپ قالسا خەلقنىڭ مەنسىتمەسلىكىگە ئۇچرايدۇ. ھۆكۈمدار بۇنى خۇددى كۆزگە قادالغان مىختەك خەتەرلىك دەپ تونۇشى كېرەك. ھۆكۈمدار ئۆزىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدە ئۇلۇغۋارلىق، باتۇرلۇق، تەمكىنلىك ۋە ئىرادىلىك بولۇشتەك پەزىلەتلەرنى تىرىشىپ نامايان قىلىشى، باشقۇرۇش جەھەتلەردە چىقارغان قارارلىرىدىن قەتئىي يانماسلىقى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتمەسلىكى كېرەك. ئۇ كىشىلەرگە شۇنداق تەسىرات بەرسۇنكى، ئۇلار ھۆكۈمدارنى ئالداش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، دەيدىغان بولسۇن.





بۇنداق ھۆكۈمدار مۇقەررەر ھالدا پۇقرالىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. ئىناۋىتى ئۈستۈن كىشىلەرگە قارشى تۇرۇش بەكمۇ تەس، ئەگەر ھۆكۈمدار پۇقرالىرى تەرىپىدىن قابىلىيەتلىك دەپ قارىلىپ ھۆرمەتلەنسە، ئۇنىڭ ھوجۇمغا ئۇچرىشى يوق ھېسابتا بولىدۇ. ھۆكۈمدار مۇنداق ئىككى ئىشتىن غەم قىلالىشى لازىم: بىرى، پۇقرالىرىدىن ئىبارەت ئىچكى ئامىل؛ يەنە بىرى، تاجاۋۇزچىلاردىن ئىبارەت تاشقى ئامىل. ھۆكۈمدار چەت ئەل كۈچلىرىگە نىسبەتەن خىللانغان قورال كۈچ ۋە ياخشى دوستقا تايىنىپ ئۆزىنى قوغدىيالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەر خىل قورال كۈچى بولسىلا ياخشى دوستنى تاپقىلى بولىدۇ. دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سۇيىقەست بولمىسا، شۇنداقلا چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ تەھدىتى بولمىسا، دۆلەت تىنچ ـ ئامان بولىدۇ. چەت ئەل كۈچلىرى تاجاۋۇز قىلغان ئەھۋالدا، مەن دېگەندەك ئىش تۇتۇلسا، ئۇنىڭ ئۇلى مۇستەھكەم بولىدۇ ـ دە، ھەرقانداق زەربىگە تاقابىل تۇرالايدۇ. مەن باشتا سۆزلەپ ئۆتكەن سپارتالىق نابىس شۇنداق قىلغانىدى. تاشقى تەھدىت بولمىغان شارائىتتا، ھۆكۈمدار پەقەت ئۆز پۇقرالىرىنىڭ سۇيىقەستىدىن ئاگاھ بولسىلا بولىدۇ. بۇنداق قىلىشتا، ھۆكۈمدار پۇقرالىرىنىڭ نەپرىتى ۋە كەمسىتىشىنى قوزغىماي، ئۇلارنى رازى قىلالىسا سەلتەنىتى ئامان ـ ئېسەن بولىدۇ. باشتا تەكىتلەپ ئۆتكىنىمدەك، شۇنداق قىلىش ھۆكۈمدارنىڭ بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپىسى. خەلقنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىماسلىق سۇيىقەستنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى بىرىنچى ئۇسۇل. چۈنكى، مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ھۆكۈمدارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشى پۇقرانى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ. لېكىن،





سۈيىقەستچى ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويىدىكەنمەن دەپ قورقسا، نىيىتىدىن يانىدۇ. چۈنكى، ئۇنداق شارائىتتا، سۈيىقەستچى دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىق كۆپ بولىدۇ. تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدى: كۆپلىگەن قەستلەش ھەرىكەتلىرى ئاساسەن نەتىجىلىك بولمايدۇ. چۈنكى، قەستلەش ھەرىكىتى بىرلا ئادەم بىلەن بىجىرىلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈيىقەستچى ھۆكۈمداردىن نارازى ئاز ساندىكى كىشىلەردىن باشقا شېرىك تاپالمايدۇ. ئەگەر سەن ھۆكۈمداردىن نارازى بىرەر كىشىگە پىلانىڭنى ئاشكارىلاپ قويىدىكەنسەن، ئېنىقكى، ئۇنىڭ نۆۋەتتە كەلگەندە بىرەر خۇسۇسىي مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن بولىسەن، يەنە ئۇ ھۆكۈمدارغا سېنىڭ پىلانىڭنى پاش قىلىپ قويۇش ئارقىلىق ئۈملىغان بىرەر نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ. ئەگەر، چېقىمچى دوستۇڭ سېنىڭ سىرىڭنى پاش قىلىپ قويۇش ماڭا مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلىسا ھەقىقەتەن پاش قىلىدۇ، بىراق ئۇنداق قىلىش ھايات ـ ماماتىمغا خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلىسا، ساڭا ۋاپا قىلىپ پىلان بويىچە ماسلىشىدۇ. ئۇنداقتا، ئادەم بىر بولسا سېنىڭ تېپىلغۇسىز دوستۇڭغا ئايلىنىدۇ ۋە ھۆكۈمدارنىڭ ئاپىتىگە ئايلىنىدۇ.

تۆۋەندە بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىمىز. مېنىڭچە، سۈيىقەستچى ھودۇقۇش، ھەسەت، گۇمان، جازالىنىشتىن قورقۇش قاتارلىقلاردىن باشقا نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەيدۇ. ھۆكۈمدارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ خانلىق سەلتەنىتى، قانۇن، ئىتتىپاقداشلارنىڭ ھىمايىسى ۋە دۆلەتنىڭ قۇدرىتىگە ئىگە، ئەلۋەتتە. خەلقنىڭ ھۆكۈمدارغا بولغان ياخشى كۆرۈنۈشىنىمۇ

نەزەردە تۇتۇش كېرەك. شۇڭلاشقا، ھېچقانداق ئادەم سۈيىقەست ھەرىكىتىنى ئوڭايلىقچە ئېلىپ بارالمايدۇ. ئادەتتە، سۈيىقەستچى سۈيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئاۋۋال دەككە - دۈككىدە بولماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ خەلقنىڭ دۈشمىنى بولغاچقا، جىنايى قىلمىشىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن ۋەھىمە ئىچىدە يۈرىدۇ. دېمەك، ئۇ بىرەر پاناھگاھقا ئېرىشىشتىن ئۈمىد كۈتەلمەيدۇ.

بۇنىڭغا دائىر مىساللارنى تالايلاپ كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. بىراق، بىرنى كەلتۈرسەكمۇ كۇپايە بولار. ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى ياخشى بىلىدۇ. پولونىيەنىڭ پادشاھى مىزېر ئانىبالى بېنتىۋولى (بۈگۈنكى مىزېر ئانىبالىنىڭ بوۋىسى)نى كەنىنچى جەمەتى سۈيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. پادشاھ جەمەتىنىڭ بوۋاق بالىسى مىزېر جىئوۋاننىدىن باشقا ھېچكىم ئامان قالمىدى. بۇ سۈيىقەستتىن كېيىن خەلق قوزغىلىپ كەنىنچى جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. چۈنكى، بېنتىۋولى جەمەتى خەلقنىڭ قەلبىدە ياخشى تەسىر ئورناتقانىدى، ئۇ شۇنچىلىك مۇستەھكەم ئىدىكى، ئەنىبالى قەتلىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن خەلق سەلتەنەتتىكە ئىنتىلەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ جاجىسىنى بېرىپ ئامان قويمىدى. پولونىيە خەلقى فىلورېنسىيەدە بېنتىۋولى جەمەتىنىڭ بىر پۇشتى بار ئىكەن دەپ ئاڭلاپ (كىشىلەر ئۇنى تۆمۈرچىنىڭ ئوغلى دەپ قاراپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بېنتىۋولى جەمەتىدىن ئىدى)، ئۇنى پولونىيەگە ئېلىپ كەلدى ھەمدە شەھەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. شۇنداق قىلىپ بۇ شەھەر تاكى مىزېر

جىئوۋاننى چوڭ بولۇپ ئىش بىلگەنگە قەدەر ئۇنىڭ ئىلكىدە بولدى.

خۇلاسە كالام: ھۆكۈمدارنىڭ خەلق بىلەن مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ياخشى بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ھۆۋۈمدار سۇيىقەستتىن ۋەھىمە يەپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. ئەمما، ئەھۋال ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا ھەربىر ۋەقە، ھەربىر شەخستىن ئېھتىيات قىلىشى لازىم. تەرتىپلىك دۆلەت ۋە ئەقىللىك ھۆكۈمدار مۇنۇ تەرەپلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولىدۇ: ئاقسۆڭەكلەرگە چىقىش يولى بېرىش، خەلقنى رازى قىلىش كېرەك، مانا بۇ ھۆكۈمدار قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشلىرى.

فىرانسىيە زامانىمىزدىكى ئەڭ تەرتىپلىك دۆلەت. بۇ دۆلەتتە پادىشاھنىڭ ئەركىنلىكى بىلەن بىخەتەرلىكى نۇرغۇن ياخشى ئورگانلارنىڭ كاپالىتىگە ئىگە. بۇ ئورگانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى پارلامېنت ۋە ئۇنىڭ نوپۇزىدۇر. پادىشاھ ئاشۇ بىر تۈركۈم كاتتا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قارا نىيىتى ۋە تەكەببۇرلۇقىنى بىلگەچكە ئاشۇ ئورگاننى تەسىس قىلغان. بۇ ئاقسۆڭەكلەرگە سېلىنغان نوقتا ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئاقسۆڭەكلەردىن خەۋپسىرىگەچكە، ئۇلاردىن نەپرەتلىنەتتى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئىناق ئۆتۈشنى خالايتتى. بىراق، بۇ ئىشقا بىۋاستە ئۆزى ئارىلىشىشنى خالىمايتتى. پادىشاھ خەلقنى رازى قىلىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقسۆڭەكلەر نارازىلىقىدىن ساقلىنىش ۋە ئاقسۆڭەكلەرنى رازى قىلىش تۈپەيلى كېلىپ چىقىدىغان خەلق نارازىلىقىدىن ساقلىنىش





ئۈچۈن ئۈچىنچى بىر ھۆكۈم ئورگىنىنى — پارلامېنتنى قۇردى. بۇ ئورگان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىنى چەكلەپ، ئاجىز پۇقرالارنى قوغدايدۇ - دە، پادىشاھنىڭ ئوتقا بىۋاستە ئۆز قولىنى تۇتۇشى ھاجەتسىز. دۆلەت ۋە ھۆكۈمدار ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇنىڭدىنمۇ پۇختا، ئېھتىياتلىق چارە يوق. بۇنىڭدىن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇنداق بىر مىزانغا ئېرىشكىلى بولىدۇ: پادىشاھ مەسئۇلىيەتلىك ئىشلارنى باشقىلارغا قىلغۇزۇپ، شاپائەت ۋە دىيانەت ئىشلىرىنى بىۋاستە ئۆز قولى بىلەن يەتكۈزۈشى كېرەك. يەنە شۇنداق بىر يەكۈن بار: پادىشاھ ئاقسۆڭەكلەرگە ئىززەت - ئېكرام كۆرسىتىشى كېرەك. بىراق، خەلقنىڭ نەپرىتىگىمۇ قالماسلىق كېرەك.

بەزىلەر رۇم پادىشاھلىرىنىڭ ھاياتىنى كۆزىتىپ، مەن بىلەن ئەكسىچە تەسىراتقا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇلار بايقايدۇكى، رۇم پادىشاھلىرىنىڭ بەزىلىرى باشتىن - ئاخىر ئېسىل تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئۇلۇغۋار جازىبە پەيدا قىلغان. بىراق، ئۇلار ھاكىمىيەتنى قولدىن بېرىپ قويغان، بەلكى خەلق تەرىپىدىن ئۆزىگە قارشى قىلىنغان سۇيىقەستتە ئۆلگەن. بۇنىڭغا جاۋابەن مەن رۇم ئىمپېرىيەسىدىكى بەزى پادىشاھلارنىڭ مىجەز - خۇلقىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھالاكىتىدىكى سەۋەبلەرنىڭ يۇقىرىقى گېپىم بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايمەن، شۇنداقلا كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بەزى ئىشلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتىمەن. مەن رۇم ئىمپېرىيەسىگە ۋارىسلىق قىلغان پادىشاھلارنى، يەنى پەيلاسوپ ماركودىن ماكسىمىلىئانغا قەدەر



مىسال كەلتۈرسەم بولار. بۇلار ماركو[1]، ئۇنىڭ ئوغلى كىممودو[2]، پېرتىناس[3]، يۇلىئانو[4]، سېۋېرو[5]، ئۇنىڭ ئوغلى ئانتونىنو كاراكاللا[6]، ماكرىنو[7]، ئېلىئوگابالو[8]، ئالېكساندىر[9]، ماكسىمىنۇس[10] قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، باشقا ھۆكۈمدارلار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قارا نىيىتى ۋە خەلقنىڭ بويسۇنماسلىقىغا تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كەلگەن بولسا، رىم پادىشاھلىرى ئۈچىنچى بىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى: ئۇلار ئەسكەرلىرىنىڭ ۋەھشىيلىكى ۋە ئاچ كۆزلۈكىگە مۇرەسسە قىلمايتتى. دەل بۇنىڭ ئۆزى نۇرغۇن پادىشاھلارنى تۈگەتكەن سەۋەبتۇر. بۇ ناھايىتى قىيىن ئەھۋال بولۇپ، ئەسكەرلەر بىلەن خەلقنى بىرلا ۋاقىتتا رازى قىلىش مۇمكىن بولمايتتى. خەلق

---

① ماركو — (121 — 180) رىم پادىشاھى. 160 — 180 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇ ستوكىزمچى پەيلاسوپ.

② كىممودو (169 — 192) رىم پادىشاھى. تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى 180 — 192.

③ پېرتىناس — رىم پادىشاھى. تەختتە ئاران 87 كۈن ئولتۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

④ ئىيۇلىئانو — رىم پادىشاھى. تەختتە ئاران 66 كۈن ئولتۇرۇپ، ئاقساقاللار كېڭەشى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

⑤ سېۋېرو — (146 — 211) رىم پادىشاھى (193 — 211).

⑥ كاراكاللا — (146 — 217) 211 — 217 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان رىم پادىشاھى.

⑦ ماكرىنو — (164 — 218) رىم پادىشاھى. 217 — 218 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان.

⑧ ئېلىئوگابالو — (204 — 222) رىم پادىشاھى. 218 — 222 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان.

⑨ ئالېكساندىر — (208 — 235) رىم پادىشاھى. 222 — 235 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان.

⑩ ماكسىمۇس — (Maximinus، 173 — 238)، 235 — 238 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان.

تىنچلىقنى خالىغاچقا ئاق كۆڭۈل ھۆكۈمدارنى ياخشى كۆرەتتى. ئەكسىچە ئەسكەرلەر ئۇرۇشخۇمار ھۆكۈمدارنى خالايتتى. بۇنداق ھۆكۈمدار يەنە تەكەببۇر، ياۋۇز ۋە ئاچ كۆز بولۇشى كېرەك ئىدى. ئارمىيە ھەتتا ھۆكۈمدارنىڭ ئۆز خەلقىگە ئاچ كۆزلەرچە مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ھۆكۈمدار شۇنداق بولغاندىلا، ئارمىيە قوشلاپ نەپ ئالالايتتى، ئۆزلىرىنىڭ ئاچ كۆزلۈكىنى ۋە ياۋۇزلۇقىنى قاندۇرالايتتى. روشەنكى، نوپۇزىنىڭ تايىنى يوق، خەلق بىلەن ئەسكەرلىرىنى باشقۇرالمىغان پادىشاھلار ئاسانلا تۈگىشىدۇ. بۇ پادىشاھلار، بولۇپمۇ يېڭىدىن تەختكە ئولتۇرغانلار بىر - بىرىگە زىت بولغان قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، ئومۇمەن ئەسكەرلەرنىڭ تەلىپىنى قاندۇردى، ئەكسىچە، خەلقنىڭ نارازىلىقى بىلەن كارى بولمىدى. بۇنداق تاللاش مۇقەررەر ئىدى. چۈنكى، ھۆكۈمدارنىڭ قىسمەن كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىماي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىراق، ئۇلار ئالدى بىلەن خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىدىن ساقلىنىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىسا، ئۇ ھەرقانداق ئاماللار بىلەن ئەڭ كۈچلۈك تەرەپنىڭ غەزەپ - نەپرىتىدىن ساقلىنىشى كېرەك. يېڭىدىن تەختكە چىققان ھۆكۈمدارلار پەۋقۇلئاددە ھىمايىگە موھتاج، ئۇلار مۇۋاپىق بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، خەلققە ئەمەس، ئارمىيەگە بەكرەك موھتاج بولىدۇ. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھۆكۈمدارنىڭ ئارمىيە ئىچىدىكى ئابرۇيى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يىغىپ ئېيتقاندا، ماركو، پېرتىناس ۋە ئالېكساندىر قاتارلىق پادىشاھلار مۇلايىم ۋە كەڭ قورساق ئىدى. ئۇلار ئادالەتنى سۆيەتتى. ۋەھشىيەلىككە ئۆچ ئىدى، ئىنسانپەرۋەر ھەم رەھىمدىل

ئىدى. بۇلاردىن ماركودىن باشقىلىرى پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە قالدى. ماركو ھايات ۋاقتىدا ۋە ئۆلگەندىن كېيىنمۇ شانۇشەۋكەتلىك بولدى. چۈنكى، ئۇ جەمەت ئۇدۇمى بويىچە تەختكە چىققان بولۇپ، ئەسكەر ۋە خەلقلەرگە تايانمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ماركو نۇرغۇن پەزىلەتلەرنىڭ ئىگىسى ئىدى. ئۇ تەختتىكى مەزگىللىرىدە ئارمىيە بىلەن خەلقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى تىنچ ـ ئامان باشقۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ كىشىلەرنىڭ نەپرىتى ۋە كەمسىتىشىگە ئۇچرىمىغان. پېرتىناسنىڭ پادىشاھ بولۇشى ئارمىيەنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ئىدى. بۇ ئارمىيە پادىشاھ كىممودونىڭ قول ئاستىدا بەڭباش ياشاپ كۆنۈپ قالغان بولۇپ، يېڭى پادىشاھ پېرتىناس ئۇلارنى چەكلەپ ياۋاشراق قىلماقچى بولدى، ئەسكەرلەر بۇنىڭغا ئەلۋەتتە كۆنمەيتتى. ئەسكەرلەر غەزەپلىنىشكە باشلىدى، قېرىپ كەتكەن پېرتىناس كەمسىتىلىشكە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن تۈگىشىپ كەتتى.

كۆرۈش مۇمكىنكى، ياخشىلىقمۇ يامانلىققا ئوخشاشلا نەپرەت پەيدا قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا، مەن باشتا دېگەندەك، ھۆكۈمدار دۆلىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بەزىدە رەزىللىك قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەگەر سەن ئورنۇڭنى ساقلاپ قالماقچى بولىدى-كەنسەن، كېرەكلىك ئادەملىرىڭ (ئامما بولامدۇ، ئەسكەر بولامدۇ، ئاقسۆڭەك بولامدۇ) نىڭ چىرىكلىشىپ يولدىن چىقىپ كەتكەن-لىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە يول بەرسەڭ، بۇنداق ياخشىلىق ساڭا ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.

بىز ئالېكساندىرنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ باقايلى، ئۇ ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ داڭقى داستان بولغان ئىشلىرى-





نىڭ ئىچىدە مۇنداق بىر ئىشى بار: ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ 14 ـ يىلى ئىدى. تا مۇشۇ چاغقىچە، ئۇ بىرەر كىشىنى ناھەق ئۆلۈمگە بۇيرۇمىغانىدى. بىراق، ئۇ ئىقتىدارسىز، ئانىسىنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپلا يۈرىدىغان، مۇستەقىل كۆزقارىشى يوق دەپ قارىلىپ، كەمسىتىلدى. ئاخىر ئارمىيە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئەمدى بىز كىمودو، سېۋېرو، ئانتونئىو كاراكاللا، ماكسى-مىنۇس قاتارلىقلارنىڭ خۇلق ـ مىجەزى ئۈستىدە باشقا بىر تە-رەپتىن مۇھاكىمە يۈرگۈزەيلى. ئۇلار ئۇچىغا چىققان ۋەھشىيلەر ۋە ئاچ كۆزلەر، ئەسكەرلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار خەلققە ھەرقانداق زور زىيانلارنى كەلتۈرۈشتىن يانمايدۇ. كېيىن سېۋېرودىن باشقىلىرى ناھايىتى ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قالغاندا قالدى. سېۋېرونىڭ ئارمىيە بىلەن ياخشى مۇنا-سىۋەتنى ساقلاش جەھەتتە ئىقتىدارى بولغاچقا ساقلىنىپ قال-غان. ئۇمۇ خەلقنى ۋەھشىيانە ئەزسىمۇ يۇقىرىقىدەك مۇناسىۋەت ئارقىلىق خەلقنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىدارە قىلغان. ئۇ ئىقتىدارلىق بولغاچقا، ئەسكەرلەر ھۆرمەتلەيتتى، خەلق قورقاتتى. شۇڭا، ئۇ-نىڭ يېڭى ھاكىمىيىتى ئۇلۇغۋار تۇس ئالغان، مەن ئۇنىڭ تۈلكە بىلەن شىرنىڭ مىجەزىنى ئۆزىگە جەم قىلغانلىقىنى قىسقىچە با-يان قىلماقچى، بۇ ئىككى خىل مىجەز ھۆكۈمدار تەرىپىدىن ياخشى ئۆزلەشتۈرۈلۈشى كېرەك.

سېۋېرو پادىشاھ ئىيۇلىئانونىڭ قابىلىيەتسىزلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ئۇنى قايىل قىلىپ مارشاللىققا كۆتۈرۈلۈۋال-دى. ئەينى چاغدا ئارمىيە سىلاۋونىيەدە تۇراتتى، ئارمىيەنى رۇم-غا يۈرۈش قىلدۇرۇش ئۈچۈن رۇمدىكى ئوردا نۆكەرلىرى تەرىپە-





دىن ئۆلتۈرۈلگەن پادىشاھ پېرتىناسنىڭ قىساسىنى ئېلىشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇنداق باھانىسى بار بولغاچقا، پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىگە تىكىلگەن نەزىرى چانمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئارمىيەنى يېتەكلەپ رۇمغا يۈرۈش قىلدى. كىشىلەر بىلەن بولغۇچە ئۇ ئىتالىيەگە كىرىپ بولدى. سېۋېرو رۇماغا بارغاندىن كېيىن ئاقاقساللار كېڭىشى ئالاقزادە بولۇپ كەتتى ۋە سېۋېرونى رۇمنىڭ پادىشاھى قىلىپ تىكلەپ، رۇمنىڭ ئەسلىدىكى پادىشاھ ئېيۇلىئانونى ئۆلتۈرۈۋەتتى. سېۋېرو ئەمدى پۈتكۈل ئىمپېرىيەنىڭ غوجىسى بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. بىراق، ئۇ مەقسەتكە يېتىشتە مۇنداق ئىككى قىيىنچىلىق بار ئىدى: بىرى، ئاسىيادا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ مارشالى نىگرو[1] ئۆزىنى شۇ يەرنىڭ ھۆكۈمدارى دەپ جاكارلىغانىدى؛ يەنە بىرى، غەربتىكى ئالبىنو[2] ئىسىملىك بىرى رۇم ئىمپېرىيەسىگە كۆز تىكمەكتە ئىدى. سېۋېرو بىلىپ يەتتىكى، ھەر ئىككىسى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا دۈشمەنلىشىش ئىنتايىن خەتەرلىك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نىگروغا زەربە بېرىپ، ئالبىنونى ئالداشتىن ئىبارەت بىرىگە زەربە بېرىپ، بىرىنى ئۆزىگە تارتىش ھىيلىسىنى قوللىماقچى بولدى. ئۇ ئالبىنوغا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئاقساقاللار كېڭىشى تەرىپىدىن پادىشاھ قىلىپ سايلانغانلىقىنى، بۇ شان - شەرەپتىن ئالبىنو بىلەن بىرلىكتە بەھرىمەن بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى، ئالبىنوغا قەيسەر دەپ نام بېرىدىغانلىقىنى، ئاقساقاللار كېڭىشىنىڭ ئالبىنو سېۋېرونىڭ

① نىگرو — 194 - يىلى پادىشاھ دەپ ئاتىلىپ، 195 - يىلى ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

② ئالبىنو — 193 - يىلى پادىشاھ دەپ ئاتىلىپ، 197 - يىلى ئۆلتۈرۈلگەن.

سەپدىشى دەپ ئېلان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تۇزاقتا چۈشكەن
ئالبىنو قوبۇل قىلدى. لېكىن، سېۋېرو نىگرونى ئۆلتۈرۈپ،
شەرقنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن رومغا قايتتى ـ دە، ئالبىنو
ئۆزىگە قىلىنغان شەپقەتكە قانائەت قىلماي ماڭا قەست قىلماقچى
بولدى، دەپ ئاقساقاللار كېڭىشىگە شىكايەت سۇندى. شۇنداق قى-
لىپ، ئۇ ۋىجدانسىز ئالبىنونى جازالىماقچى بولدى. ئۇ قوشۇنىنى
باشلاپ فىرانسىيەگە كىردى ـ دە، ئۇ يەردە ئالبىنو بىلەن
ئۇچراشتى. سېۋېرو ئاخىر ئالبىنونىڭ ئورنى ۋە ھاياتىنى تارتىپ
ئالدى.

سېۋېرونىڭ ھەرىكىتىنى ئەستايىدىل كۆزەتكەندە شۇنى باي-
قىغىلى بولىدۇكى، سېۋېرو ھەم ياۋۇز شىر، ھەم ھىيلىگەر تۈل-
كە ئىدى. كىشىلەر ئۇنى قورقۇپ تۇرۇپ ھۆرمەتلەيتتى، ئارمى-
يەمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان تۇرۇپ-
مۇ شۇنچە زور ھوقۇققا ئىگە بولۇشى ھەيران قالارلىق ئەمەس
ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بۈيۈك شان ـ شەرىپى ئۇنىڭغا قالقان
بولدى. بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان
ئاۋام نەپرىتىدىن ساقلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئانتونىئومۇ مۇ-
نەۋۋەر شەخس بولۇپ، خەلقنىڭ نەزىرىدە كامىل پەزىلەت ئىگى-
سى ئىدى، ئەسكەرلەرمۇ ئۇنى ھىمايە قىلاتتى. ئۇ ھەربىي كۈچ-
كە ئېتىبار بېرەتتى، قاتتىق قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەت-
تى. ئېسىل تائام، ھەشەمەتلىك نەرسىلەرگە ئىنتىلمەيتتى.
شۇڭلاشقا، پۈتكۈل ئارمىيە ئۇنى ياخشى كۆردى. بىراق، ۋەھشىي-
لىكتە ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىدى. ئۇ جانلارغا تاش يۈرەكلىك
بىلەن زامىن بولاتتى، ئۇ روم ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىس-
مىنى ۋە پۈتكۈل ئالېكساندىرىيە ئاھالىسىنى قىرىپ تاشلىدى.



پۈتكۈل دۇنيا ئۇنىڭدىن نەپرەتلەندى، ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭدىن قورقۇشقا باشلىدى. ئاخىرى ئۇ ئۆزىنىڭ قوشۇنىدىكى يۈز بېشى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغىنى شۇكى، ھۆكۈمدارلار بۇنداق ئۆلۈمدىن خالىي بولالمايتتى. چۈنكى، بۇنداق سۈيىقەست قەتئىي نىيەت، ئىنچىكە پىلان ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشاتتى. ھەرقانداق ئادەم ئۆلۈمدىن قورقمىسىلا باشقىلارنى ئۆلتۈرەلەيتتى. بىراق، بۇ خىل ئۆلۈمدىن ھۆكۈمدارلار ئانچە ئەنسىرەپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى ئاز بولىدۇ، ھۆكۈمدارلار باشقىلارغا ئانتونىئوغا ئوخشاش ئېغىر زىيانكەشلىك قىلماسلىقى كېرەك. ئانتونىئو ئۆزىنىڭ ئارمىيەسىدىكى بىر يۈز بېشىنىڭ قېرىندىشىنى قاتتىق خورلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ھەر كۈنى يۈز بېشىغا تەھدىت سالاتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئانتونىئو تېخى بۇ يۈز بېشىنى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقلىق ئورنىدا تۇرغۇزۇۋەرگەنىدى. كېيىنكى ئەمەلىيەت ئانتونىئونىڭ ئەخمىقانە ئىش قىلغانلىقىنى دەلىللىدى.

ئەمدى كىممودو ھەققىدە توختىلايلى. ئۇ ماركونىڭ ئوغلى بولۇپ، رۇم ئىمپېرىيەسىنىڭ تەختىنى ئاسانلا قولغا كەلتۈرۈۋالدى. ئۇ دادىسىنىڭ قىلغانلىرى بويىچە، ئارمىيە بىلەن خەلقنى تەڭ رازى قىلىپ ماڭغان بولسا ئورنىنى تارتقۇزۇپ قويمايتتى. ئۇ تۇغما ياۋۇز ۋە ۋەھشىي بولغاچقا، خەلقنى ئاچ كۆزلەرچە بۇلىدى، ئارمىيەسىگە خۇشامەت قىلىپ خورىكىنى ئۆستۈرۈۋەتتى، يەنە كېلىپ ئۇ ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى قوغداشقا دىققەت قىلىپ كەتمەيتتى. ھەمىشە مەيدانغا چۈشۈپ گىلادىئاتورلار بىلەن ئېلىشاتتى. باشقىلارنىڭ كەمسىتىشىنى قوزغايدىغان، ئۆزىنىڭ





خانلىق سەلتەنىتىنىڭ ھەيۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان چاكىنا قىلمىقلاردىن باش تارتمايتتى. ئاخىرى ئەسكەرلەر ئۇنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولدى. نەپرەت ۋە كۆزگە ئىلماسلىقلار بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ قارشىلىققا ئايلاندى ـ دە، خەلق تەرىپىدىن ئۆلتۈ-رۈپ تاشلاندى.

ئەمدى ماكسىمىنۇسنىڭ خاراكتېرىگە كەلدۇق. ئۇ ئىنتايىن ئۇرۇشخۇمار ئىدى. باشتا ئېيتقاندەك، رۇم ئارمىيەسى پادىشاھ ئالېكساندىرنىڭ ئاجىزلىقىدىن نارازى بولۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت-تى ۋە ماكسىمىنۇسنى تەختكە چىقاردى. ئەمما، ماكسىمىنۇس پادىشاھ بولۇشنىڭ تەمىنى راۋۇرۇس تېتىيالمىدى. ئۇ مۇنداق ئىككى ئىش تۈپەيلىدىن خەلقنىڭ نەپرىتىگە ۋە كەمسىتىشىگە ئۇچرىدى: بىرىنچىدىن، ئۇ تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققانىدى. ئەسلىدە ئۇ تېرىس (Thrace) دېگەن يەردە پادىچى ئىدى. كى-شىلەر بۇنى ئوبدان بىلەتتى. ئىككىنچىدىن، ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن رۇم ئىمپېرىيەسىنىڭ خانلىق ئورنىنى قولىغا ئالماستىن، ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ رۇم ۋە ئىمپېرىيەسىنىڭ باشقا جايلىرىدا ۋەھشىيانە ئىشلارنى قىلىشىغا يول قويدى. نەتىجىدە، ئەل ئىچىدە ۋەھشىيلىك نامىنى ئالدى. كىشىلەر ئۇنى ئەسلىدىنلا كەمسىتەتتى، ئەمدى ئۇنىڭ ۋەھشىي-لىكى تۈپەيلى نەپرەتمۇ پەيدا بولدى، ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەتلەر ئالدى بىلەن ئافرىقىدا پەيدا بولدى. ئاندىن رۇمدىكى ئاقساقاللار كېڭىشىدە، رۇم ۋە ئىتالىيە خەلقلىرى ئارىسىدا، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئارمىيەسى ئىچىدىمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ ئارمىيەسىگە ئاكۇلىيەگە ھۇجۇم قىلىڭلار دەپ بۇيرۇق بەرگەن، ئارمىيە بۇ ئىشنى قىيىن دەپ قاراپ، ماكسىمىنۇسنىڭ يولسىزلىقىدىن غە-



زەپلەندى. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ شۇنچە كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئەسكەرلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن ئانچە ئەيمىنىپ كەتمىدى.

مەن ئېلىئوگابالو، ماكرىنو، ئىيۇلىئانولار ھەققىدە توختالماقچى ئەمەسمەن. چۈنكى، بۇلار سېپى ئۆزىدىن پەسكەشلەر ئىدى. شۇڭا، ئۇلار تېزلا بەربات بولۇشقان، بۇ يەردە باشتىكى بايانلارنى خۇلاسىلەشكە توغرا كەلدى. مېنىڭچە، دەۋرىمىزدىكى ھۆكۈمدارلاردا ئۆز ئارمىيەسىگە خۇشامەت قىلىپ پالاكەتكە ئۇچراش ئەھۋاللىرى بۇرۇنقى دەۋرلەرگە نىسبەتەن ئاز بولدى. گەرچە ئۇلار ئەسكەرلەرگە مۇئەييەن دەرىجىدە ئېتىبار بېرىشكە مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، دۇچ كەلگەن مۇشكۈلاتلىرىنى تېزلا ھەل قىلىشتى. چۈنكى، دەۋرىمىز ھۆكۈمدارلىرىدا قەدىمكى رۇم ئىمپېرىيەسىگە ئوخشاش ھۆكۈمەت مەمۇرىيىتى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن قورال كۈچى يوق. رۇم ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ئەسكەرلەرنى خەلقتىن مۇھىم دەپ بىلىش زۆرۈر دەپ قارالغان بولسا، بۇ پەقەت ھۆكۈمدار ئۈچۈن ئەسكەرلەرنىڭ بەكمۇ زۆرۈرلۈكىدىن بولغان. دەۋرىمىزدە تۈركىيە ۋە سۇدان پادىشاھلىرىدىن ئۆزگە پادىشاھلار خەلقنى رازى قىلىشنى ئەسكەرلەرنى رازى قىلىشتىن مۇھىم دەپ قارايدىغان بولدى. تۈركىيە پادىشاھىنى نەزەردىن ساقىت قالدۇرۇشۇمدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭ 12 مىڭ پىيادە ئەسكىرى، 15 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرى بار بولۇپ، پادىشاھلىقنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە قۇدرىتى شۇلارغا باغلىق ئىدى. شۇڭا، تۈركىيە پادىشاھى ئارمىيە بىلەن دوستانىلىقنى كۈچەيتىپلا قالغان

تەرەپلەر ھەققىدە باش قاتۇرمىسىمۇ بولاتتى. بۇ قائىدە سۇدان پادىشاھلىقىغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇ پادىشاھلىق پۈتۈنلەي ئەسكەرلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ، سۇلتان ئەسكەرلەرگە خۇشامەت قىلمىسا بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن، خەلقنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن كارى بولمايتتى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، سۇدان دۆلىتى باشقا ئەللەرگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ تۈزۈمى كاتولىك دىنىدىكى پاپا تۈزۈمىگە ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ دۆلەت ۋارىسلىق تۈزۈمىدىكى پادىشاھلىقلارغا ياكى يېڭى بارلىققا كەلگەن پادىشاھلىقلارغا ئوخشىمايتتى. پادىشاھ جەمەتلىرى پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا ۋارىسلىق قىلمايتتى، بەلكى پادىشاھ نوپۇزى بار بولغان ئاقساقاللار تەرىپىدىن تاللاپ بېكىتىلەتتى. بۇ بىر خىل قەدىمي تۈزۈم بولۇپ، يېڭى پادىشاھلىقلار ۋارىسلىق ھوقۇقى مەسىلىسىدە دۇچ كەلگەن ئاۋارىچىلىكلەر بۇ تۈزۈمنى يولغا قويغان دۆلەتتە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، پادىشاھ يېڭى بولسىمۇ، ھاكىمىيەت تەرتىپى قەدىمي ئىدى. يېڭى پادىشاھنىڭ تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمى مىراسخورلۇق تۈزۈمىدىكى پادىشاھنىڭ تەختكە چىقىشىدەك ھەشەمەتلىك بولاتتى.

بىز يەنە ئەسلىي گېپىمىزگە قايتىپ كېلەيلى. كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يۇقىرىقى تەرەپلەرنى تەتقىق قىلىپ كۆرسەت تەبىئىي ھالدا شۇنى بايقايدۇ: يۇقىرىقى ھۆكۈمرانلار بىر بولسا غەزەپ ـ نەپرەتكە يولۇققانلىقىدىن، بىر بولسا ئابرۇيىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىدىن ۋەيران بولغان. بۇنداق ۋەيران بولۇش قانداق يۈز بەرگەن دېگەن، پادىشاھلارنىڭ

#  ھۆكۈمدارلار دەستۇرى

قوللانغان ئۇسۇللىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، تاللانغان ئۇسۇل، ۋاستىلەرنىڭ مۇۋاپىق كېلىش - كەلمەسلىكىگە يارىشا بەزىلىرى قۇتلۇق بولاتتى، بەزىلىرى ھالاك بولاتتى. يېڭى ھۆكۈمدار ھېسابلىنىدىغان پېرتىناس بىلەن ئالېكساندىر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ۋارىسلىق ئورنىغا ئېرىشكەن ماركونى دوراش ئەھمىيەتسىزلا بولۇپ قالماي، يەنە زىيانلىق ئىدى. شۇنداقلا، كاراكاللا، كىممودو ۋە ماكسىمىنۇسلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سېۋېرونى دوراش خەتەرلىك ئىدى. چۈنكى، ئۇلاردا سېۋېرو كەبى ئىشلارنى ئېلىپ بارغۇدەك ئۇماچ يوق ئىدى. شۇڭا، يېڭى ھۆكۈمدار ماركو ياكى سېۋېرونى دورىماسلىقى كېرەك. ئەمما، ئۇ سېۋېرودىن دۆلەتكە پايدىلىق تەجرىبىلەرنى، ماركودىن شان - شەرەپكە كەلتۈرىدىغان تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىپ، قولىدىكى دۆلەتنى قوغداپ قېلىشى كېرەك.









## دۈشمىنىڭ بىلەن دوست بول

▲ نۇرغۇن كىشىلەر شۇنداق قارايدۇ: ئاقىل پادىشاھ پۇرسەت تاپقان ھامان مەخپىي ھالدا ئۆزىگە دۈشمەن تەييارلايدۇ ۋە ئۇلارنى يەكسان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئاشۇرىدۇ.

▲ ئۆز ھۆكۈمىتىدىن رازى بولغان، يېڭى ھۆكۈمدارغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسىدە بولغان كىشىلەرنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۆز ھۆكۈمىتىدىن نارازى بولغان، يېڭى ھۆكۈمدارغا ياردەم قىلغان كىشىلەرنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە نىسبەتەن كۆپ ئاسان!

▲ ھۆكۈمدار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ ياخشى قورغان خەلقنىڭ ھىمايىسىدۇر. ئەگەر خەلق سەندىن نەپرەتلەنسە قورغىنىڭ بولغان ھالەتتىمۇ، ئۇ قورغان سېنى قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ.

قولىدىكى زېمىنىنى مۇقىم ساقلاش ئۈچۈن بەزى ھۆكۈمدارلار قارام ئەلنىڭ پۇقرالىرىنى ئۆز ئارمىيەسىدىن مەھرۇم قىلىۋېتىدۇ، يەنە بەزى ھۆكۈمدارلار قارام ئەلنىڭ زېمىنلىرىنى نۇرغۇن بۆلەكلەرگە ئايرىۋېتىدۇ، بەزى ھۆكۈمرانلار باشقىلارنى قارىمۇقارشىلىققا سېلىپ قويۇپ ئوتتۇرىدىن نەپ ئالىدۇ، يەنە بەزى ھۆكۈمدارلار يېڭى ھاكىمىيەتنى يۈرگۈزۈشكە باشلىغاندا






## دۈشمىنىڭ بىلەن دوست بول

▲ نۇرغۇن كىشىلەر شۇنداق قارايدۇ: ئاقىل پادىشاھ پۇرسەت تاپقان ھامان مەخپىي ھالدا ئۆزىگە دۈشمەن تەييارلايدۇ ۋە ئۇلارنى يەكسان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئاشۇرىدۇ.

▲ ئۆز ھۆكۈمىتىدىن رازى بولغان، يېڭى ھۆكۈمدارغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسىدە بولغان كىشىلەرنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۆز ھۆكۈمىتىدىن نارازى بولغان، يېڭى ھۆكۈمدارغا ياردەم قىلغان كىشىلەرنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە نىسبەتەن كۆپ ئاسان!

▲ ھۆكۈمدار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ ياخشى قورغان خەلقنىڭ ھىمايىسىدۇر. ئەگەر خەلق سەندىن نەپرەتلەنسە قورغىنىڭ بولغان ھالەتتىمۇ، ئۇ قورغان سېنى قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ.

قولىدىكى زېمىنىنى مۇقىم ساقلاش ئۈچۈن بەزى ھۆكۈمدارلار قارام ئەلنىڭ پۇقرالىرىنى ئۆز ئارمىيەسىدىن مەھرۇم قىلىۋېتىدۇ، يەنە بەزى ھۆكۈمدارلار قارام ئەلنىڭ زېمىنلىرىنى نۇرغۇن بۆلەكلەرگە ئايرىۋېتىدۇ، بەزى ھۆكۈمرانلار باشقىلارنى قارىمۇقارشىلىققا سېلىپ قويۇپ ئوتتۇرىدىن نەپ ئالىدۇ، يەنە بەزى ھۆكۈمدارلار يېڭى ھاكىمىيەتنى يۇرگۈزۈشكە باشلىغاندا

ئۆزلىرىدىن گۇمان قىلىشقان كىشىلەرنى ئەپلەپ ئۆز يېنىغا تارتىدۇ. بەزى ھۆكۈمدارلارمۇ باركى، ئۇلار قورغان سالىدۇ، بەزىلىرى مۇداپىئە قورغانلىرىنى يەكسان قىلىپ تاشلايدۇ. گەرچە بۇ ھەقتە ئېنىق ھۆكۈم چىقارغۇدەك تەپسىلاتلارغا ئىگە بولمىساممۇ، شەرھلەپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

مەن يېڭى ھۆكۈمدارنىڭ ئۆز ئېلىنىڭ خەلقىنى قورالسىزلاندۇرغانلىقى ھەققىدە زىنھار ئاڭلاپ باقمىدىم. ئەكسىچە، ھۆكۈمدار ئۆز ئېلىنىڭ پۇقرالىرىنىڭ قورالسىز ئىكەنلىكىنى بايقىغان ھامان ئۇلارنى قوراللاندۇرىدۇ. چۈنكى، ئۆز ئېلىڭ قوراللانسا، بۇ قورال بەرىبىر سېنىڭ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ چاغدىلا سېنىڭ نەزىرىڭدىكى گۇمانلىق ئادەملەرمۇ ساڭا سادىقلىق بىلدۈرىدۇ، ساڭا بۇرۇندىنلا سادىق كىشىلەر ساداقىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ ئادەتتىكى پۇقرالىقتىن تەرەققىي قىلىپ سەمىمىي گۇماشتاڭغا ئايلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، پۇقرالىرىڭنىڭ ھەممىسىنى بىردەك قوراللاندۇرۇپ بولالمايسەن. شۇڭا، سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەلۇم ساندىكىلىرىنى قوراللىنىش ئىمتىيازىغا ئىگە قىلساڭ، قالغانلىرىغىمۇ تاقابىل تۇرالايسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەن ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن قىلغان ئاشۇ كىشىلەر سېنىڭ قىلغانلىرىڭنى بىلىپ، ساڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ. باشقىلار بۇنى توغرا چۈشىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئەڭ زور خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىدىغان ۋە زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان كىشىلەر ھامان ھۆكۈمدارنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق دەپ چۈشىنىدۇ. ناۋادا سەن ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرساڭ، ئۇلارنىڭ زىتىغا تەگكەن بولىسەن ۋە شۇنى ئىسپاتلىغان بولىسەن: سېنىڭ ئۇلارغا ئىشەنمەسلىكىڭ بىر بولسا ئاجىزلىقىڭدىن، بىر بولسا ئۆزۈڭگە بولغان ئىشەنچىڭنىڭ كەملىكىدىن بولغان بول-




دۇ. بۇلار ئاخىر ساڭا بولغان نەپرەتنى پەيدا قىلىدۇ. يەنە كېلىپ، سەن ھەمىشە قورالسىزلانغان ھالەتتە تۇرالمايسەن، ئۇنداق ھالەتتە ياللانما قوشۇنغا ھاجەتمەن بولۇپ قالىسەن. مەن ياللانما قوشۇن ھەققىدە باشتا سۆزلەپ ئۆتكەن، ياللانما قوشۇن ھەرقانچە خىللانغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ سانى بەربىر ئاز بولىدۇ-دە، كۈچلۈك دۈشمەنلەرگە ۋە گۇمانلىق پۇقرالارغا تاقابىل تۇرالمايدۇ ھەم سېنى قوغداشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. شۇڭا، بىر يېڭى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارى ئۆز ئېلىنىڭ پۇقرالىرىنى قوراللاندۇرماي قالمايدۇ. بۇنداق ئىشلار تارىختا كۆپ ئۇچرايدۇ.

بىراق، بىر ھۆكۈمدار باشقا بىر ئەلنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىپ، بۇ زېمىننى ئۆز دۆلىتىنىڭ قوشۇۋالغان قىسمىغا ئايلاندۇرغاندا، بۇ زېمىندىكى خەلقنى ئارمىيە كۈچىدىن مەھرۇم قىلىشى لازىم، سەن بىلەن بىر تەرەپتە تۇرغانلار ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا. ئەمما، قورالسىزلاندۇرۇش ھاجەتسىز بولغان ئاشۇ ئازساندىكى كىشىلەرنىمۇ ئېپىنى توغرىلاپ ئاجىزلاشتۇرۇشۇڭ ۋە قايتىدىن تەشكىللىشىڭ زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندىلا بۇ يېڭى زېمىنىنىڭ بارلىق كۈچى سېنىڭ ئىلكىڭگە ئۆتىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ۋە دانىشمەن ھېسابلانغان كىشىلىرىمىز شۇنداق ئېيتىشقان: پىستوياغا ئېرىشمەكچى بولساڭ گۇرۇھلار ماجىراسىدىن پايدىلان، پىساغا ئېرىشمەكچى بولساڭ قورغان ياسا. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئۆز پۇقرالىرى بار زېمىنغا ئاسان ئېرىشىش ئۈچۈن پۇقرالار ئارىسىغا زىددىيەت ئۇرۇقىنى چېچىشقان. بۇرۇن ئىتالىيە ھوقۇق تەڭپۇڭلاشقان بىر خىل ھالەتتە تۇرغان، ئەلۋەتتە بۇ ياخشى كەيپىيات، ئەمما مېنىڭچە بۇ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ئۈچۈن ھېكمەت بولالمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق بۆلگۈنچىلىكنىڭ بىرەر پايدىسى بارلىقىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ. ئەكسىچە دۈشمەن يې-

قىلىنىشىپ كەلگەندە ئىچكى جەھەتتە بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرغان بۇ شەھەر ئاسانلا ئىشغالىيەتكە ئايلىنىدۇ. چۈنكى، بۆلۈنمە ھالەت ئىچىدىكى ئاجىز تەرەپ دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى مۇم- كىن، بۇنداق بولغاندا باشقا تەرەپلەرمۇ پۇت تىرەپ تۇرۇشقا ئا- مالسىز قالىدۇ.

ئىشەنچىم كامىلكى، ۋېنتسىيەلىكلەر يۇقىرىقى تەكلىپنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۆزىگە قارام بولغان شەھەردە گۇئېلىف (Guelfe) ۋە جىبېللىن① (Gibelline) دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ گۇرۇھنى تەربىيەلەپ يېتىلدۈردى. ۋېنتسىيەلىكلەر بۇ گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى گەرچە قان تۆكۈش دەرى- جىسىگە كۆتۈرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىد- دىيەتنى چوڭايتىپ، پۇقرالىرىنى ئۆزئارا نىزا - ئاداۋەتكە سې- لىپ قويۇپ، ۋېنتسىيەلىكلەرگە پۇت ئاتقۇدەك چولىسىنى قويى- مىدى. ۋاھالەنكى، بۇنداق قىلىش ۋېنتسىيەلىكلەرگە پايدىلىق بولۇۋەرمىدى. ۋېنتسىيەلىكلەر ۋىيلا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن شەھەر پۇقرالىرىنىڭ بىر قىسمى ۋېنتسىيەلىكلەرنىڭ قولىدىن ئۆز دۆلىتىنى قايتۇرۇۋالدى. روشەنكى، بۇنداق ئۇسۇل- نى قوللىنىش ھۆكۈمدارنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاي- دۇ، خالاس. چۈنكى، كۈچلۈك بىر ھۆكۈمەت ھەرگىزمۇ ئۇ خىل بۆلۈنمە ھالەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويمايدۇ. ئۇ خىل بۆ- لۈنمە ھالەتتىن پەقەت تىنچلىق مەزگىللىرىدىلا نەپ ئالغىلى بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا پۇقرالارنى باشقۇرۇش ئوڭاي بولىدۇ. بىراق، ئۇرۇش باشلانسىلا ئۇنداق ئىستراتېگىيە تولىمۇ بىمەنە نەرسە بولۇپ قالىدۇ.

---

① 12 — 15 - ئەسىرلەر ئارىلىقىدا توقۇنۇشۇپ كەلگەن ئىككى چوڭ سىياسىي گۇرۇھنىڭ نامى.





شۈبھىسىزكى، ھۆكۈمدار ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە قارشىلىقلارنى يەڭگەندىن كېيىن ئۇلۇغۋارلىشىدۇ. تەلەي ئىلاھى يېڭى ھۆكۈمدارنى ئۇلۇغۋارلاشتۇرماقچى بولغاندا، ئۇ مىراسخورلۇق ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ھۆكۈمدارغا نىسبەتەن ئۇلۇغۋارلىق شان - شەرەپكە موھتاج بولۇپ تۇرغان بولىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا، تەلەي ئىلاھى يېڭى ھۆكۈمدارغا يېڭى دۈشمەنلەرنى تەييارلاپ قويىدۇ، ئۇ بۇ دۈشمەنلەر بىلەن كۈرەش قىلىدۇ، ئۇلارنى يېڭىدۇ، شۇنداق قىلىپ، دۈشمەنلىرى تەمىنلىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ بۈيۈك ئورۇنغا چىقىدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن كىشىلەر شۇنداق دەيدۇ: ئاقىل پادىشاھ پۇرسەت تاپقان ھامان مەخپىي رەۋىشتە ئۆزىگە دۈشمەن تەييارلايدۇ ۋە ئۇلارنى يەكسان قىلىپ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئاشۇرىدۇ.

ھۆكۈمدارلار، بولۇپمۇ يېڭى ھۆكۈمدارلار مۇنداق بىر ھادىسىنى بايقاشقان: ھوقۇقنى قولغا ئالغان دەسلەپكى چاغدا، ھۆكۈمدار تەرىپىدىن گۇمانلىق دەپ قارالغان كىشىلەر ئىشەنچلىك دەپ قارالغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ساداقەتمەن ۋە پايدىلىق بولۇپ چىقتى. سىينا پادىشاھى پاندولفو پېتروچى باشقىلارغا قارىغاندا گۇمانلىق سانالغان كىشىلەرنى كۆپ ئىشقا سالاتتى. ئەمما، بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشتا يەنىلا ئۆلۈك قوللانماي كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ تەتبىقلىغان تۈزۈك. مەن شۇنداق ئويلايمەن: بىر يېڭى ھۆكۈمەت ئىش باشلىغان چاغدىكى دۈشمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى قوغداپ قېلىشنى ئويلايدىغان كىشىلەردىن ئىبارەت بولسا، يېڭى ھۆكۈمدار ئۇلارنى ئۆزى ئۈچۈن ئاسانلا مايىل قىلالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ھۆكۈمدارغا بولغان ياخشى ئىشلىرى ئارقىلىق گۇماننى يۇيۇش كېرەك دەپ بىلگەچكە، ھۆكۈمدار ئۈچۈن ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلەشكە

مەجبۇر بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھۆكۈمدار بۇنداق كىشىلەردىن
ئېرىشكەن ياردەم باشقىلارنىڭ پايدىسىدىن كۆپ بولىدۇ. چۈنكى،
باشقىلار بولسا ھۆكۈمدارغا زور بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بىلەن
خىزمەت قىلىدۇ - دە، ھۆكۈمدارنىڭ خىزمىتىگە دىگەندەك كۆ-
ڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ.

يەرلىك خەلقنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملارنىڭ مەخپىي يار-
دىمى بىلەن يېڭى بىر ئەلگە ئېرىشكەن ھۆكۈمدار ئۇچۇن ئېيت-
قاندا، شۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىمەنكى، ئۇ ئۇلارنىڭ نىمە ئۇ-
چۇن شۇنداق قىلغانلىقى (ھۆكۈمدارغا يوشۇرۇن ياردەم قىلغانلى-
قى)نى ياخشى مۇھاكىمە قىلىشى لازىم. ئەگەر بۇ ياردەم مۇشۇ
ھۆكۈمدارغا بولغان تەبىئىي ھېسسىياتتىن كەلمەي، بەلكى ئۆزى-
نىڭ ھۆكۈمىتىگە بولغان نارازىلىقتىن كەلگەن بولسا، ئۇنداقتا،
ھۆكۈمدار يېڭى زېمىنغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن ياخ-
شى مۇناسىۋەتنى ئىزچىل ساقلاپ قېلىشنى، ئۇرغۇن تىرىشچان-
لىقلارنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى تولۇق ئو-
رۇنلاش مۇمكىن ئەمەس. تارىختا يۈز بەرگەن بۇ خىل ئىشلارنىڭ
سەۋەبىنى ياخشى كۆزەتكەندە شۇنى بايقىغىلى بولىدۇ: ئۆزىنىڭ
ھۆكۈمىتىدىن رازى بولۇپ يېڭى ھۆكۈمدارغا دۇشمەنلىك پوزىتى-
سىيەسىدە بولغان كىشىلەرنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش
ئۆز ھۆكۈمىتىدىن نارازى بولۇپ، يېڭى ھۆكۈمدارنىڭ بۇ ئەلنى
ئىگىلىشىگە ياردەم قىلغان كىشىلەرنىڭ دوستلۇقىنى قولغا
كەلتۈرۈشكە قارىغاندا كۆپ ئاسان!

يېڭى زېمىننى مۇقىم ساقلاش ئۇچۇن ھۆكۈمدارلار مۇنداق
قىلىشقا ئادەتلەنگەن: قەلئە ياساش خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش-
نىڭ قورالى بولدى، شۇنداقلا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمدىن مۇداپىئە-
لىنىدىغان پاناھگاھ بولدى. مەن بۇنداق قىلىشقا قوشۇلىمەن،





چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن بېرى ئىشلىتىپ كېلىنگەن ئۇسۇل. ئەمما، بىز ئۆز دەۋرىمىزگە دائىر ئىشلاردىن شۇنى كۆردۇقكى، مىزېر نىكولو ۋىتېللى ئۆز دۆلىتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن كاستېللو شەھىرىدىكى ئىككى قورغاننى بۇزۇۋەتتى. يەنە ئۇربىنو كېنەزى گۇيدو ئۇبالدو① چىسارى بورجىئا تەرىپىدىن قوغلىنىپ تارتىۋېلىنغان زېمىنغا قايتا ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى قورغانلارنىڭ ھەممىسىنى تۈزلىۋەتتى. چۈنكى، ئۇ شۇنى ھېس قىلغانكى، مۇشۇ قورغانلار بولمىغان بولسا، بۇ زېمىن ئۇنىڭ قولىدىن ئوڭايلىقچە كەتمىگەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بېنتۋولىمۇ پولونىيەگە قايتقاندىمۇ ئوخشاش چارە قوللاندى. چۈنكى، قورغان بەزىدە پايدىلىق، بەزىدە پايدىسىز. ئۇ مەلۇم چارىنى ئىشقا سېلىش ئارقىسىدا پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. يەنە باشقا مەلۇم بىر چارىنى قوللانغاندا زىيانلىق بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. ئەگەر ھۆكۈمدار ئۆز پۇقرالىرىدىن بەكرەك قورقسا چوقۇم قورغان ياسىشى لازىم، ئەگەر ھۆكۈمدار چەت ئەللىكلەردىن بەكرەك قورقسا قورغان سېلىش ھاجەتسىز.

فىرانسېسكو سفورزا ياسىغان مىلان قورغانلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا كەلتۈرگەن ئاۋارىچىلىكى دۆلەتكە كەلتۈرگەن ئاۋارىچىلىككە قارىغاندا زىيادە كۆپ بولغان. ھۆكۈمدار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى قورغان دەل خەلقنىڭ ھىمايىسىدۇر. ئەگەر خەلق سەندىن نەپرەتلەنسە، سېنى ھەرقانداق قورغان قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ. خەلق قولىغا قورال ئېلىپ ساڭا قارشى قوزغالغاندا چەت ئەل كۈچلىرى ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا خەلققە ياردەم قىلىدۇ. بۇنداق شارائىتتا، خەلق ھامان ئىتتىپاقداش تاپىدۇ. دەۋرىمىز-

① ئۇبالدو ــ (1472 ــ 1508) كىنەز ئوربىنونى كۆرسىتىدۇ.



## ھۆكۈمدارلار دەستۇرى

دىن قورغاننىڭ پايدىسىنى كۆرگەن بىرەر ھۆكۈمدارنى تاپالمايـ-
مىز. بىراق، گىراف خانىم فورلى بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇنىڭ ئېرى
جىرولامو قەتل قىلىنغاندىن كېيىن خەلقنىڭ غەزىپىدىن قور-
قۇپ قورغانغا كىرىۋالدى - دە، مىلاننىڭ ياردىمىنى كۈتتى ۋە
ئاخىر دۆلىتىنى ساقلاپ قالدى. ئەينى ۋاقىتتا قوزغىلاڭچىلارغا
چەت ئەل كۈچلىرى ياردەم قىلالمىغانىدى. كېيىن چىسارى بور-
جىئا ھۇجۇم قىلغانىدى، گىراف خانىمنىڭ قارشى چىققۇچىلىرى
چەت ئەللىكلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەندە گىراف خانىمغا نىس-
بەتەن قورغاننىڭ پايدىسى تەگمىدى. دېمەك، خەلقنىڭ نەپرىتىنى
قوزغىماسلىق قورغان ياساشتىنمۇ بىخەتەردۇر.

مەلۇمكى، مەن قورغان ياسىغان ياكى ياسىمىغان ھۆ-
كۈمدارلارنى ئۆز لايىقىدا مۇئەييەنلەشتۈرىمەن. مەن پەقەت قور-
غانغا ئىشىنىپ كېتىپ خەلقنىڭ نەپرىتىگە ئېتىبارسىز قارىغان
ھۆكۈمدارلارنىلا ئەيىبلەيمەن.





## ھۆرمەتكە ئېرىشىشنىڭ ئېپى ۋە دىپلوماتىيە تەدبىرلىرى

▲ ئۇلۇغۋار ئىش ۋە ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش ھۆكۈمدارنى تېخمۇ زور ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ.

▲ بىراۋنىڭ جەمئىيەتتە ياخشى - يامان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىرەر ئالاھىدە ئىشنى قىلغاندا، ئۇ (بېرنابو) پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قاتتىق جەلپ قىلىدىغان ئۇسۇللار بىلەن ئۇنى مۇكاپاتلايتتى ياكى جازالايتتى. بۇنداق قىلىش ھۆكۈمدارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسىتىشكە پايدىلىق ئىدى.

▲ بىر ھۆكۈمدار ھەرگىزمۇ زۆرۈرىيىتى بولمىغان ياكى مەجبۇرلانمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىدىن كۈچلۈكلەرگە ئىتتىپاقداش بولۇپ، باشقىلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىسۇن. چۈنكى، ئىتتىپاقدىشىڭ غەلىبە قىلسىلا، سەن ئۇنىڭ ئويۇنچۇقى بولۇپ قالىسەن. ھۆكۈمدار ئەڭ مۇھىمى باشقىلارنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشتىن ئىمكانقەدەر ئۆزىنى قاچۇرۇشى كېرەك. شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، ھۆكۈمدار ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز ھەيۋىتىنى ھەر ۋاقىت ساقلىشى زۆرۈر. بۇنى ھەرقانداق مەيدان ۋە ھەرقانداق چاغدا خىرەلەشتۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ.



ئۇلۇغ ئىشلار ۋە باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش ھۆكۈمدارنى كاتتا ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. زامانىمىزدىكى ئاراگونا شاھى فېردىناندو[1] ۋە ھازىرقى ئىسپانىيە شاھى ئوبدان مىساللاردۇر. ئۇنى يېڭى ھۆكۈمدار دېيىشكە بولاتتى. ئۇ پارلاق شان - شەرىپى بىلەن بىردىنلا ئادەتتىكى ئاجىز ھۆكۈمداردىن خىرىستىيان دۇنياسىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ھۆكۈمدارلىققا كۆتۈرۈلدى. ئۇنى تەكشۈرۈپ چىقساق شۇنى بايقايمىزكى، ئۇنىڭ بارلىق ئىش ئىزلىرى ئىنتايىن ئۇلۇغۋار بولغان. ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن دەسلەپكى چاغلاردا گىراناداغا ھۇجۇم قوزغىدى، بۇ ۋەقە ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزدى. ئۇ ئىشنىڭ بېشىدىلا سالماقلىق بىلەن ئىش تۇتتى، ھەرقانداق كاشىلا ۋە ئاۋارىچىلىكلەردىن قورقمىدى. ئۇ كاستېللاردىكى ئاقسۆڭەكلەرنى ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلدۈردى، ئىسلاھات ئىشلىرىنى قويۇپ مۇشۇ مەيدان ئۇرۇش ھەققىدە باش قاتۇرغۇزدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە نام - ئاتاق ۋە ئاقسۆڭەكلەرنى كونترول قىلىش ھوقۇقىغا تەڭلا ئېرىشتى، ئۇلار بۇنى سەزمەيلا قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دىنىي جەمئىيەت ۋە خەلق پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭ ئارمىيەسىنى ھىمايە قىلدى. ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش ئۇنىڭ ھەربىي كۈچى ئۈچۈن ئاساس تىكلىدى. بۇ كۈچ كېيىنچە ئۇنىڭ نام - شەرىپىنى تېخىمۇ زورايتىۋەتتى. ئۇ تېخىمۇ بۈيۈك ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن دىننى نىقاب قىلىپ تۇرۇپ، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى زوراۋانلىقتىن پايدىلاندى ۋە مورىسلىقلارنى ئۆز دۆلىتىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. ئۇلارنى بۇلاپ قۇرۇق قول قىلىپ قويدى. ئېھتىمال تارىخ-

---

① فېردىناندو (1452 — 1516) ئىسپانىيە پادىشاھلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئەسلى ئاراگونغا پادىشاھ ئىدى، 1492 - يىلى ئىسپانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرگەن.

تىن بۇنىڭدىنمۇ پاجىئەلىك ۋە ئۆزگىچە ۋەقەنى تاپقىلى بولماس. ئۇ ئوخشاشلا يەنە دىننى نىقاب قىلىپ تۇرۇپ ئافرىقىغا ھۇجۇم قىلدى، ئاندىن ئىتالىيەنى قولغا كىرگۈزدى، ئەڭ ئاخىرىدا فىرانسىيەگە تاجاۋۇز قىلدى. ئۇ بۈيۈك ئىشلارنى توختىماي ئېلىپ باراتتى، بۇ ئىشلار ئۇنىڭ پۇقرالىرىنى شۇ دەرىجىدە ھەيران قالدۇردىكى، ئۇلار ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىگە قىزىقىشتىن باشقىسىغا يېتىشەلمىدى. بۇنداق ئىشلار ئۇزۇلمەي بولۇپ تۇرغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلغۇدەك تىنچ پەيت تاپالمىدى.

ئىچكى سىياسەت جەھەتتە، مىلانلىق ماستېر بېرنابو[1]غا ئوخشاش بىرقانچە ھالقىلىق ئىشلار ئارقىلىق ئۇلۇغلۇقنى نامايان قىلىش ھۆكۈمدار ئۈچۈن پايدىلىق. بىراۋ جەمئىيەتتە ياخشى - يامان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىرەر ئالاھىدە ئىشنى قىلغاندا بېرنابو پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قاتتىق جەلپ قىلىدىغان ئۇسۇللار بىلەن مۇكاپاتلايتتى ياكى جازالايتتى. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ھۆكۈمدار ھەرقانداق شارائىتتا ئۇلۇغ ۋە ئاقىلانە ئوبرازىنى تىكلەش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك.

ھۆكۈمدار ئۆزىنى ھەقىقىي دوست ياكى دۈشمەن سۈپىتىدە كۆرسەتكەندە، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ مەلۇم كىشىلەرنى ھىمايە قىلىپ، مەلۇم كىشىلەرگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى مۇرەسسەسىز ھالدا كەسكىن جاكارلىغاندا، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ. كەسكىن بولۇش ئارىسالدى بولۇشتىن كۆپ ياخشى. مەسىلەن، ئىككى قوشنا ئەل ئۇرۇشۇپ قالسا، ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى غەلىبە قىلىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا، سەن غەلىبە قىلغۇچىدىن قورق ياكى قورقما، مۇشۇ

---

① بېرنابو (1354 ــ 1385) مىلان كىنەزى. ۋەھشىيلىك ۋە غەلىتىلىك بىلەن نام چىقارغان. سىياسىي تەدبىرلىرى ۋە سەگەكلىكى ئىنتايىن يامان.



ئىككى خىل ئەھۋالدا سەن ئۇلارغا پوزىتسىيەڭنى بىلدۈرۈپ، ئاشكارا جەڭ ئېلان قىلساڭ ياخشى بولىدۇ. چۈنكى، قورققان ئەھۋال ئاستىدا پوزىتسىيەڭنى ئېنىق بىلدۈرەلمەيسەن - دە، غەلىبە قىلغۇچىنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ قالىسەن. بۇ چاغدا مەغلۇپ بولغۇچى تەرەپ تاماشا كۆرىدۇ. سەنمۇ ئۆزۈڭنى ئاقلىغۇدەك ھېچقانداق باھانە - سەۋەب تاپالمايسەن. ساڭا ھېچكىم پاناھ بولمايدۇ. غەلىبە قىلغۇچىلارنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتمىغان كىشىلەرنى ياكى گۇمانلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە دوست قىلمايدۇ. سېنى مەغلۇپ بولغۇچى تەرەپمۇ پاناھىغا ئالمايدۇ، چۈنكى سەن ئۇلارغا ياردەم قىلمىغان.

ئانتىئو گىرېتسىيەگە بېرىپ رۇملۇقلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا ئانتىئوكىئونى ئەۋەتىدۇ. ئانتىئوكىئو رۇملۇقلارنىڭ دوستى ئاركايالىقلارنىڭ ئارىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئاركايالىقلارنى ئوتتۇرىدا تۇرۇشقا دالالەت قىلىدۇ. بىراق، ئاركايالىقلار رۇملۇقلارنى قولىغا قورال ئېلىپ ئۆزى بىلەن بىر سەپتە ئۇرۇش قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇ ئىش ئاركايالىقلارنىڭ يىغىنىدا مۇھاكىمىگە قويۇلىدۇ. يىغىندا ئانتىئوكىئونىڭ ئەلچىسى يەنىلا ئاركايالىقلارنى ئوتتۇرىدا تۇرۇشقا قايىل قىلماقچى بولىدۇ، بۇنىڭغا قارىتا رۇم ئەلچىسى مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «ئۇلار سىلەرنى بىزگە قوشۇلۇپ ئۇرۇش قىلىشتىن يالتايتماقچى، بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلارغا ئەڭ پايدىلىق دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، بۇنىڭدىنمۇ بىمەنە گەپ بولمىسا كېرەك. ئەگەر سىلەر ئۇرۇشقا ئاكتىپ قاتناشمايدىكەنسىلەر دوست ۋە ئىززەت - ھۆرمەتتىن مەھرۇم قالىسىلەر، شۇنداقلا غالىبلارنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىسىلەر.»

ئىشلار ئۇمۇمەن مۇنداق بولىدۇ: ئەگەر بىرى سىزنىڭ دوس-
تۇڭ ئەمەس ئەھۋالدا ئوتتۇرىدا تۇرۇشۇڭنى ئۇمىد قىلىدۇ. ئە-
گەر ئۇ سىزنىڭ دوستۇڭ بولسا قورال ئېلىپ ئۇرۇش قىلىشىڭنى
تەلەپ قىلىدۇ. تولا ئويلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمىگەن ھۆ-
كۈمدارلار كۆز ئالدىدىكى خەۋپتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئوتتۇرىدا
تۇرۇش پوزىتسىيەسىنى تاللىۋالىدۇ. بۇ ئاخىر بېرىپ، ئۇنىڭ
ھالاكىتىنىڭ سەۋەبىگە ئايلىنىدۇ. لېكىن، ھۆكۈمدار مەلۇم بىر
تەرەپكە يان باسىدىغانلىقىنى ئاشكارا جاكارلىغاندىن كېيىن ھۆ-
كۈمدار يان باسقان تەرەپ غەلىبە قىلسا، ئۇ كۈچلۈكلۈكىدىن
ئۇنى چەكلىگۈدەك ھالەتتە بولسىمۇ، يەنىلا تەشەككۈرانە پوزىت-
سىيەدە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دوستلۇق ئورنىتىلغان شارا-
ئىتتا كىشىلەر دوستىنى ئېزىپ بوزەك قىلغۇدەك دەرىجىدە
ۋاپاسىز بولۇپ كەتمەيدۇ. ئادەتتە ھەرقانداق غەلىبە تولۇق ۋە
ئۈزۈل - كېسىل بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، غەلىبە قىلى-
غۇچىلار ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىدىغان، ئادالەت دېگەن نەرسى-
نى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايدىغان دەرىجىدە ئەزۋەيلەپ كەتمەي-
دۇ. مۇبادا سىز يان باسقان تەرەپ مەغلۇپ بولسا، ئۇلار يەنىلا
سىزدىن مىننەتدار بولىدۇ - دە، كۈچى يەتكەن دائىرىدە ساڭا
ياردەم قىلىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە سىز قايتا باش كۆتۈرگەن چاغ-
دىكى بەخت ئىلاھىنىڭ شېرىكى بولۇپ قالىسەن. غەلىبە قىلى-
غۇچىدىن قورقىدىغان ئەھۋالدا، سىز كىمگە يان بېسىشىڭ كې-
رەكلىكىنى ئوبدان ئويلىنىشىڭ كېرەك. چۈنكى، سىز ئۇنىڭ
ياردىمىدىن پايدىلىنىپ باشقا بىر تەرەپنى يوقاتساڭ، ساڭا ياردەم
قىلغان تەرەپ ئاقىلانە بولسا، مۇقەررەر ھالدا سىز يوقاتقان تە-
رەپنى قۇتۇلدۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ رەقىبى ئۈستىدىن غەلىبە قىلى-
غاندىن كېيىن سىزنىڭ ياردىمىڭگە قەرزدارلىق ھېس قىلىپ،



سىنىڭ گېپىڭگە كىرىشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، بىر ھۆكۈمدار ھەرگىزمۇ زۆرۈرىيەتتى بولمىغان ياكى مەجبۇرلانمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىدىن كۈچلۈكلەرگە ئىتتىپاقداش بولۇپ، باشقىلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىسۇن. چۈنكى، ئىتتىپاقدىشىڭ غەلى- بە قىلسىلا، سەن ئۇنىڭ ئويۇنچۇقى بولۇپ قالىسەن. ھۆكۈمدار ئەڭ مۇھىمى باشقىلارنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشتىن ئىمكانقەدەر ئۆزىنى قاچۇرۇشى كېرەك. ۋېنتسىيەلىكلەر فىرانسىيەلىكلەرگە ئىتتىپاقداش بولۇپ مىلان كىنەزلىكىگە قارشى تۇردى. ئۇلار ئەسلىدە بۇنداق قىلمىسا بولاتتى. ئاقىۋەتتە ۋېنتسىيەلىكلەر ئۆزى خاراب بولدى. پاپا بىلەن ئىسپانىيەلىكلەر بىرلىشىپ لومباردىيەگە تاجاۋۇز قىلغاندا، فىلورېنسىيەلىكلەر دۇچ كەلگەن ھالدىكىدەك بىراۋ ئىتتىپاقداش بولۇشتىن ئۆزىنى تارتىشقا ئامالسىز قالسا، ئەھۋالغا قاراپ مەلۇم بىر تەرەپكە يان باسسا بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ھەممىگە باب كېلىدىغان چا- رىنى تېپىش ئىشەنچىسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەكسىچە دۆلەت ئۆزى قوللانغان تاكتىكىنىڭ گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى تە- سەۋۋۇر قىلالىشى كېرەك. بىز ھەمىشە بايقاپ تۇرىمىزكى، كى- شىلەر مەلۇم بىر خىل قىيىنچىلىقتىن قاچىمەن دەپ باشقا بىر خىل قىيىنچىلىققا تۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئېھتىياتچان ئۇسۇل پەقەت ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى چۈشىنىپ، زىيىنى ئەڭ ئاز بولغان تاكتىكا ياكى لايىھەنى تاللىۋېلىشتىن ئىبارەت.

ھۆكۈمدار دانىشمەنلەرگە تەقەززا بولۇپ تۇرۇشى، ئىقتىدار- لىق كىشىلەرنى ئىشقا سېلىشى، تۈرلۈك ساھەلەردىكى ئالاھىدە كىشىلەرگە شان - شەرەپ بېرىشى كېرەك. ئۇ كىشىلەرنى

سودا، دېھقانچىلىق ۋە باشقا كەسپلەردە بولامدۇ، ئىشقىلىپ، ئۆز ئورنىدا خاتىرجەم ئىشلەشكە، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى لازىم. شۇ چاغدىلا كىشىلەرنىڭ بۇلاڭ - تالاڭدىن قورقۇپ بايلىق ياراتماسلىقتەك ھالىتىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، باجدىن قورقۇپ يېڭى كەسپلەرنى ئېچىشتىن قورقۇش ئەھۋاللىرى يۈز بەرمەيدۇ. ھۆكۈمدار مۇشۇ خىل ساھەلەردىكى كىشىلەرنى ۋە شەھەر بىلەن دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان كىشىلەرنى مۇكاپاتلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر يىلى مۇۋاپىق پەسىللەردە خەلققە بايرام ۋە مۇسابىقىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىشى كېرەك. شەھەرلەر تۈرلۈك ئۇيۇشمىلار، تەبىقىلەر ۋە گۇرۇھلارغا ئىگە بولىدۇ. ھۆكۈمدار بۇ گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلار بىلەن بىر تەرەپ بولۇشى لازىم. ئەڭ ياخشىسى ئادەمگەرچىلىك ۋە ساخاۋەتتە باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ بېرىشى كېرەك. ئەمما، شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، ھۆكۈمدار ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز ھەيۋىتىنى ھەر ۋاقىت ساقلىشى زۆرۈر. بۇنى ھەرقانداق مەيدان ۋە ھەرقانداق چاغدا خىرەلەشتۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ!



## ۋەزىرلەر ھەققىدە

▲ كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمدار ۋە ئۇنىڭ پاراستى ھەققىدىكى تونجى تەسىراتى ھۆكۈمدارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى كۆزىتىشتىن كېلىدۇ.

▲ ھۆكۈمدارنىڭ ۋەزىر تاللىشىدا نۇرغۇن سىناقلاردىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئۇسۇلى بار: ئەگەر ۋەزىر سەن ئۈچۈن ئاز باش قاتۇرۇپ ئۆزى ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرسا، ھەممە ئىشتا پەقەت ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنىلا ئويلىسا، بۇنداق ئادەم سەن ئۈچۈن ياخشى ۋەزىر بولالمايدۇ، ساڭا ئەسقاتمايدۇ.

ۋەزىر تاللاش ھۆكۈمدار ئۈچۈن ئېيتقاندا، كىچىك ئىش ئەمەس. ۋەزىرنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ھۆكۈمدارنىڭ دانا ياكى دانا ئەمەسلىكى بىلەن باغلىق. كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمدار ۋە ئۇنىڭ پاراستى ھەققىدىكى تونجى تەسىراتى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى كۆزىتىشتىن كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر قابىلىيەتلىك ھەم ساداقەتمەن بولسا، كىشىلەر ھۆكۈمدارنى ئاقىل دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ھۆكۈمدارنىڭ قابىلىيىتى ئۇنىڭ چۆرىسىدىكىلەرنى تونۇپ يەتكەن ۋە ئۇلاردا ساداقەتمەنلىك پەيدا قىلالىغان بولىدۇ. ئەگەر ئەھۋال ئەكسىچە بولسا، كىشىلەر ھۆ-





كۈمدارغا سەلبىي قاراشتا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆتكۈزگەن تۈنجى
خاتالىق ۋەزىر تاللاشتا يۈز بەرگەن بولىدۇ.

سىينانىڭ ھۆكۈمدارى پاندولفو. پېترۇچچىنىڭ ۋەزىرى
ماسسېر ئانتىئونىئو دې ۋېنافرو[1] نى تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممە-
سى پاندولفونى ئاقىل پادىشاھ دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئانتونىد-
ئودەك قابىل ئادەمنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىپ تاللىيالىغان. ئادەتتە
مۇنداق ئۈچ خىل تىپتىكى كاللا مەۋجۇت: (1) باشقىلارنىڭ يار-
دىمىگە تايانماي ئۆزى بىۋاسىتە چۈشىنەلەيدىغان كاللا؛ (2) باش-
قىلار كۆرسىتىپ بەرگەن نەرسىلەرنى چۈشىنەلەيدىغان كاللا؛
(3) ئۆز ئالدىغا چۈشىنەلمەيدىغان، باشقىلار چۈشەندۈرۈپ قويى-
سىمۇ چۈشىنەلمەيدىغان كاللا. بىرىنچى خىل كاللا ئەڭ مۇنەۋ-
ۋەر كاللىدۇر. ئىككىنچى خىلىمۇ مۇنەۋۋەر كاللىغا ھېساب. ئۈ-
چىنچى خىل كاللا تامامەن ئەھمىيەتسىزدۇر. پاندولفو بىرىنچى
خىل تىپقا كىرمىگەندىمۇ چوقۇم ئىككىنچى خىل تىپقا تەۋە.
پاندولفو مۇنداق دىتقا ئىگە: كىم نېمىلەرنى دېسۇن ياكى قىلد-
سۇن، بۇلارنىڭ ياخشى - يامىنىنى ئايرىيالايدۇ. گەرچە ئۇنىڭدا
ئىجادىي پىكىر بولمىسىمۇ، ۋەزىرلەرنىڭ قىلمىشىنىڭ ياخشى -
يامان تەرەپلىرىنى روشەن ئايرىيالايدۇ. كېيىنكىسىنى رۇسلاپ،
ئالدىنقىسىنى رىغبەتلەندۈرەلەيدۇ. شۇڭلاشقا، ۋەزىرلەر كۆز بو-
ياشقا ئىنتىلمەي، ئۆزىنى پاك تۇتىدىغان بولغان.

ھۆكۈمدارنىڭ ۋەزىر تاللىشىدا نۇرغۇن سىناقلاردىن ئۆتكەن
مۇنداق بىر ئۇسۇلى بار: ئەگەر ۋەزىر سەن ئۈچۈن ئاز باش قا-
تۇرۇپ ئۆزى ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرسا، ھەممە ئىشتا پەقەت ئۆ-
زىنىڭ مەنپەئىتىنىلا ئويلىسا، بۇنداق ئادەم سەن ئۈچۈن ياخشى

---

① ۋېرنافرو — مۇنەۋۋەر قانۇنشۇناس بولۇپ، پادىشاھ پاندولفو پېترۇچچىنىڭ
پىشقان، ئىشەنچلىك ۋەزىرى.



ۋەزىر بولالمايدۇ، ساڭا ئەسقاتمايدۇ. كىم بولمىسۇن، باشقىلارنىڭ ئورنىدا دۆلەت ئىشىنى باشقۇرىدىكەن، ئۇ ئۆز مەنپەئىتىنى ئويلىماي، ھەر ۋاقىت، ھەر دەقىقە ھۆكۈمدارنى ئويلىشى، ھۆكۈمدار بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان ئىشلارغا كۆڭۈل قويماسلىقى كېرەك. يەنە بىر جەھەتتىن، ۋەزىرنى ساداقەتمەن بولسۇن دېگەن پادىشاھمۇ ۋەزىرلەرنى ئويلىشى، ۋەزىرلەرنى دۆلەتمەن قىلىشى، ۋەزىرلەرنى قەدىرلىشى، ئۇلارغا شان - شەرەپ، ۋەزىپە بېرىپ مىننەتدار قىلىشى كېرەك، ۋەزىرنى ھۆكۈمدار بولمىسا مېنىڭ بۇ كۈنۈممۇ بولمايتتى دېگەن تەسىراتقا كەلتۈرەلىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ۋەزىرلەر باشقا بايلىق ۋە شان - شەرەپلەرگە ئىنتىلمەيدىغان، ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدىغان ھالەتكە كېلىدۇ. ھۆكۈمدار بىلەن ۋەزىرلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئاشۇنداق دەرىجىگە كەلگەندىلا، ئاندىن ئۇلار بىر - بىرىگە ھەمكارلىشالايدۇ، تەقدىرداش بولالايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بۇنداق مۇناسىۋەت ھەممە تەرەپلەرگە ئوخشاشلا زىيانلىقتۇر.



## پېتىدىن چۈشمەي تۇرۇپ نەسىھەت قوبۇل قىلىش

▲ ھەممە ئادەم ساڭا راست گېپىنى قىلىشقا پېتىنالىغانىكەن، بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەققىي ھۆرمىتىدىن ئايرىلىپ قالغىنىڭنى كۆرسىتىدۇ.

▲ باشقىلار بەرگەن ئەقىل يەنىلا ھۆكۈمدارنىڭ ئەقلىنى شەرت قىلغان بولىدۇ. ھۆكۈمدارنىڭ ئەقلى ھەرگىزمۇ مەسلىھەتچىلەرنىڭ ئەقلىنى شەرت قىلمايدۇ.

مەن بۇ كىتابچىدا ھۆكۈمدارلارنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش سەنئىتى ھەققىدە توختالغانىكەنمەن، مۇنداق بىر مۇھىم مەسىلىدىن ئاتلاپ ئۆتكۈم يوق. چۈنكى، بۇ مەسىلىدە ھۆكۈمدارلار ئېھتىياتچان بولمىسا ياكى تاللاشنى مۇۋاپىق ئېلىپ بارمىسا، ئۇلارنىڭ خاتالىقلاردىن خالىي بولۇشى قىيىن گەپ بولىدۇ. بۇ مەسىلە شۇكى، ئوردا خۇشامەتچىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بولىدۇ. كىشىلەر ئۆز ئىشىغا كەلگەندە خۇشامەتكە مەستانە ھالدا ئۆزلىرىمۇ سەزمەي ئۆز ـ ئۆزىنى ئالداپ، خۇشامەت دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتىدۇ ـ دە، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالمايدۇ. ھۆكۈمدارلار بۇ خىل كېسەللىككە قارشى تۇرماقچى بولىدىكەن،



ئۇنداقتا، ئۇلار كىشىلەر تەرىپىدىن كەمسىتىلىش خەۋپىگە تە-
ۋەككۇل قىلىنغان بولىدۇ. باشقىلارنىڭ خۇشامىتىنى رەت قىلماق-
چى بولغان ئادەم خۇشامەتچىلەرگە راست گەپتىن قەتئىي خاپا
بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا
ئامال يوق. بىراق، ھەممە ئادەم ساڭا راست گېپىنى ئېيتىۋېرى-
دىغان شارائىتتا، سەن ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىدىن ئايرىلىپ قالى-
سەن. شۇڭا، ئاقىل ھۆكۈمدار ئۈچىنچى خىل ئۇسۇلنى تاللىۋې-
لىشى كېرەك. يەنى ھۆكۈمدار ئەقىللىق كىشىلەرنى تاللىۋې-
لىپ، ھۆكۈمدارغا راست گەپ قىلىش ھوقۇقىنى پەقەت شۇلار-
غىلا بېرىشى لازىم. لېكىن، بۇ راست گەپلەرنىڭ دائىرىسىنى
ھۆكۈمدار ئۆزى دىتلىغان دائىرىدە چەكلەپ، باشقىسىغا يول
قويماسلىقى كېرەك. ئەمما، ھۆكۈمدار ئۇلاردىن ھەرقانداق
ئىشلارنى سورىشى، ئۇلارنىڭ بارلىق مەسىلىلەر ھەققىدىكى
قاراشلىرىنى ئاڭلاپ بېقىشى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز ئىدىيەسى بويى-
چە قارار چىقىرىشى لازىم. ئۇلارغا نىسبەتەن ھۆكۈمدار مۇنداق
پوزىتسىيە تۇتقان تۈزۈك. يەنى ئۇلارنى كىم ئەركىنرەك بولۇپ
كۆڭلىدىكى گېپىنى تولۇق ئېيتسا، شۇ كىشى ھۆكۈمدارنىڭ
قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدىكەن دېگەن چۈشەنچىگە كەلتۈرۈشى
كېرەك. ئۇ بۇنىڭدىن باشقا كىشىلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىماستىن،
قارار قىلىنغان ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى، ئۆزى چىقارغان
قاراردىن قەتئىي يانماسلىقى كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، خۇشا-
مەتچىلىرىنىڭ شېرىن - شېكەر سۆزلىرى تەنتەكلەشتۇرۇپ قو-
يىدۇ ياكى ئاڭلىغان پىكىرلىرى كۆپ بولغاچقا، كاللاڭ مۇجمەل-
لىشىپ، ئەتىگەن چىقارغان قارارىڭدىن كەچتە يېنىۋالىدىغان بو-
لۇپ قالىسەن، شۇنىڭ بىلەن ھۆرمىتىڭ توزۇپ كېتىدۇ.

بۇنىڭغا دائىر زامانىمىزدىكى بىر ئىشنى مىسال كەلتۈرى-





مەن. ھازىرقى رىم پادىشاھى ماكسىمىلىئانو[1]نىڭ ئامراق ۋەزىرى پرېت لۇكا[2] پادىشاھ توغرىسىدا سۆزلىگەندە، پادىشاھ ھېچكىم بىلەن مەسلىھەتلەشمەي ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىدۇ، دېگەندى. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇ يۇقىرىدا دېيىلگەن ئۇسۇلنىڭ ئەكسى بويىچە ئىش كۆرگەن. ئۇ مەخپىي ئىش قىلىشنى ياقتۇرغاچقا، مەقسەت ۋە پىلانلىرىنى باشقىلارغا ئېيتمايتتى ۋە باشقىلارنىڭ ھېچقانداق پىكرىنى ئاڭلىمايتتى، بۇ ئىشلار يولغا قويۇلغاندا خەۋەر تاپقان باشقىلار قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلايتتى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئەسلىدىكى مەقسەت - پىلانلىرىنى ئۆزگەرتەتتى. نەتىجىدە، ئۇ بۇگۈن پىلانلىغان ئىشنى ئەتىسى قىلمايدىغان بولۇپ قالاتتى. ھېچكىم ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەيتتى - دە، پادىشاھقا ئىشەنمەيدىغان بولاتتى.

شۇڭلاشقا ھۆكۈمدار ھەمىشە باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىشى، ئۇنى باشقىلارنىڭ رايى بويىچە ئەمەس، ئۆزىنىڭ رايى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. ھۆكۈمدار باشقىلارنىڭ پىكرىنى خالىمىغان شارائىتتا، ھەرقانداق كىشىلەرنى پىكىر بەرگۈدەك جاسارەتكە كەلتۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك. ئەمما، ئۇنىڭدا پىكىر ئاڭلاشتا ئۇلۇغۋار، سالماق بولۇشى كېرەك. پىكىر ئاڭلاشنى خالاپ قالغان چاغلىرىدا، راست گەپلەرنى سەۋر - تاقەت بىلەن ئاڭلىشى لازىم. ئۇ بىرئاز ئەنسىرەپ چىن سۆزىنى دېيەلمەيۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگەندە خاپا بولۇشى كېرەك. بەزىلەر ھۆكۈمدارنىڭ ئاقىل دېگەن مۇبارەك نامغا ئېرىشىشى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن مۇ-

① ماكسىمىلىئانو (1459 — 1519) 1486 - يىلى مۇقەددەس رۇم ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇپ سايلانغان، بىراق، تاج كىيىش مۇراسىمى ئۆتكۈزمىگەن.

② ئىمپېراتور ماكسىمىلىئانونىڭ چەت ئەلگە بارىدىغان ئەلچىسى.



ناسىۋەتلىك بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دانا مەسلىھەتچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. كېسىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل قاراش خاتا. مۇنۇ قائىدە مۇتلەق توغرىدۇر: ھۆكۈمدارنىڭ ئۆزى دۆت بولسا مەسلىھەتلىشىش ۋە پىكىر ئېلىش قاتارلىقلارنىمۇ قاملاشتۇرالمايدۇ. ئۇ ئۆزىنى بىرەرسىگە تاپشۇرغان، ئىشلارنى شۇ ئادەم ئورۇنلاشتۇرغان بولىدۇ. بۇ ئادەم ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار چىقىپ قالغاندىكى ئەھۋال بۇنىڭ سىرتىدا، بۇنداق ئەھۋالدا ھۆكۈمدار ياخشى ھۆكۈم سۈرۈشى مۇمكىن، بىراق ئۇ ئۇزاق داۋام قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇزاققا بارمايلا بۇ ئادەم ھۆكۈمدارنىڭ ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالىدۇ. ئەمما، ھۆكۈمدارغا مەسلىھەت بەرگەنلەر كۆپچىلىكتىن ئىبارەت بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمدارنىڭ ئۆزى ھاماقەت بولسا، بىرلىككە كەلگەن تەكلىپكە ئېرىشەلمەيدۇ ھەمدە مەسلىھەتچىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرەلمەيدۇ. مۇبادا مەسلىھەتچىلەر ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ مەسلىھەت بەرگەن بولسا ھۆكۈمدار تۈزەتىشكە ئامالسىز قالىدۇ، ئۇلارنىڭ سادىق ياكى ئاسىي ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالىدۇ. ئىش شۇنداقكى، كىشىلەر بىرەر مەنپەئەت ئېھتىياجى بىلەن ساڭا باغلىنىپ تۇرىدۇ، بولمىسا ئۇ سەندىن يۈز ئۆرۈشى مۇمكىن.

خۇلاسە كالام: باشقىلار بەرگەن ئەقىل يەنىلا ھۆكۈمدارنىڭ ئەقلىنى شەرت قىلغان بولىدۇ. ھۆكۈمدارنىڭ ئەقلى ھەرگىزمۇ مەسلىھەتچىلەرنىڭ ئەقلىنى شەرت قىلمايدۇ.



## دۆلىتىدىن ئايرىلىپ قالغان تۇخۇ يۈرەكلەر

▲ ئۇزاق يىللاردىن بېرى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان دۆلىتىنى قولدىن بېرىپ قويغان زامانىمىز ھۆكۈمدارلىرى تەقدىرنى ئادالەتسىز دەپ ئەيىبلىمەي، بەلكى ئۆزىنىڭ قابىلىيەتسىزلىكىنى ئەيىبلىشى كېرەك. ئۇلار تىنچ مەزگىللەردە بولغۇسى ئۆزگىرىشلەرنىڭ مۇمكىنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايتتى. ئېغىر كۈنلەر يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار قانداق قوغدىنىشنى ئويلىماستىن، پېشىنى قېقىپ قېچىشنىلا ئويلايدۇ.

ھۆكۈمدارلار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قائىدىلەرگە ئەستايىدىل رىئايە قىلسا، ھەتتا يېڭى ھۆكۈمدارمۇ خۇددى كونا ھۆكۈمدارلاردەك مەزمۇت بولۇپ كېتەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئورنى دۆلىتىنى قۇرغانغا ناھايىتى ئۇزۇن بولغان كونا ھۆكۈمدارنىڭكىدىنمۇ بىخەتەر ۋە مۇقىم بولىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر يېڭى ھۆكۈمدارغا كونا مىراسخورلۇق تۈزۈمگە ۋارىسلىق قىلغان ھۆكۈمدارغا نىسبەتەن بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. ناۋادا يېڭى ھۆكۈمدارنىڭ قىلمىش – ئەتمىشلىرى پەزىلەتلىك ئىكەن دەپ قارالسا، بۇ قەدىمكى جەمەتكە نىسبەتەن جازىبىلىك بولىدۇ – دە، كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپى-





غا زىچ ئۇيۇشىدۇ. كۆز ئالدىدىكى نەق ئىشلار بۇرۇنقى ئىشلارغا قارىغاندا بەكرەك دىققەت قوزغايدۇ. ئەگەر كىشىلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ياخشى بولسا، ئۇلار مەمنۇن بولىدۇ ـ دە، ئارتۇقچە نەرسىلەرنى ئىزدەپ كەتمەيدۇ. ھۆكۈمدار باشقا خاتالىقلارنى ئۆتكۈزمىسىلا كىشىلەر ئۇنى تىرىشىپ ھىمايە قىلىدۇ. ھۆكۈمدار يېڭى بىر دۆلەتنى قۇرۇپ، ئەۋزەل قانۇن، سەرخىل قورال، ياخشى دوست ۋە مۇنەۋۋەر ئۈلگىلەر ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرگەن بولغاچقا، ھەسسىلەپ شان ـ شەرەپ قازىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ۋارىسلىق ھوقۇقى بويىچە تەختكە چىققان ھۆكۈمدار ئېھتىياتچان بولماي ئورنىدىن ئايرىلىپ قالسا، ھەسسىلەپ نومۇسقا قالىدۇ.

زامانىمىزدا دۆلىتىنى قولدىن بېرىپ قويغان ناپلېس پادىشاھى، مىلان كىنەزى ۋە باشقىلاردەك كىشىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك شۇنى دەرھال بايقايمىز: ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارمىيەسىدە ئوخشاشلا بىر چاتاق بار. بۇ خىل چاتاقنىڭ سەۋەبىنى مەن باشتا ئىزاھلاپ ئۆتكەنىدىم. ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خەلق بىلەن زىتلىشىپ قالغان ياكى خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى بولغاندىمۇ، ئاقسۆڭەكلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمىغان، ھۆكۈمداردا بۇ خىل كەمچىلىكلەر بولمىسا ھەمدە جەڭ مەيدانىدا ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلالايدىغان ئىقتىدارى بولسا ھەرگىزمۇ دۆلىتىنى تارتقۇزۇپ قويمايدۇ. ماكېدونىيەلىك پىلىپنى ئالايلى (باشتا دېيىلگەن ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ دادىسى بولماستىن، بەلكى تىتو كۇنتى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان پىلىپ.) پىلىپنىڭ كۈچى ئۆزىگە تاجاۋۇز قىلغان رۇم ۋە يۇنانلىقلارغا قارىغاندا ئانچە زور ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئۇ ئارمىيەنىڭ ئىچىدىن چىققان ئادەم بولغاچقا خەلق بىلەن ياخشى





ئۆتۈشنى، ئاقسۆڭەكلەرنى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈشنى چوڭقۇر چۈشەنەتتى. شۇڭا، ئۇ رۇملۇقلار ۋە يۇنانلىقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشنى ئۇزاق يىل داۋام قىلدۇرالىدى، گەرچە بىرقانچە شەھەرگە بولغان ئىگىدارچىلىقىنى قولدىن بېرىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى ساقلاپ قالالىدى.

ئۇزاق يىللاردىن بېرى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان دۆلىتىنى قولدىن بېرىپ قويغان زامانىمىز ھۆكۈمدارلىرى تەقدىرنى ئادالەتسىز دەپ ئەيىبلىمەي، بەلكى ئۆزىنىڭ قابىلىيەتسىزلىكىنى ئەيىبلىشى كېرەك. ئۇلار تىنچ مەزگىللەردە بولغۇسى ئۆزگىرىشلەرنىڭ مۇمكىنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايتتى (خۇددى كىشىلەر ھاۋا ئوچۇق ۋاقىتتا بوران - چاپقۇننىڭ بولۇشىنى ئويلىمىغاندەك بىر ئىش. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق كېسىلى.) ئېغىر كۈنلەر يېتىپ كەلگەندە ئۇلار قانداق قوغدىنىشنى ئويلىماستىن پېشىنى قېقىپ قېچىشنىلا ئويلايدۇ. ھەتتا ئۇلار تەپتارتماستىن ئىستېلاچىلار تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىنغان خەلق مېنىڭ قايتىپ بېرىپ ھۆكۈمدار بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىدۇ دەپ ئويلىشىدۇ. ھېچقانداق ئامال بولمىغاندا شۇنداق ئويلاشنىڭ ئۆزى ئەقىلگە سىغار، بىراق، شۇنىڭغىلا تايىنىۋېلىپ، ساۋاق ئېلىش بولمىسا تولىمۇ قاملاشمىغان ئىش بولىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق ئادەم كۈنلەرنىڭ بىرىدە تىرىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئۆزلۈكىدىن تەختنى بىكار قىلىپ بەرمەيدۇ. تەختنى بىكارلاپ بېرىشمۇ ساڭا خاتىرجەملىك ئېلىپ كەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ باشقىلارغا تايىنىشتەك ئاجىزانە يول. پەقەت ئۆز كۈچۈڭگە تايانغاندىلا سېنىڭ قوغدىنىشىڭ ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ.





## تەقدىر ئايالغا ئوخشايدۇ

▲ تەقدىر بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنىڭ يېرىمىغا ئىگە، ئۇ قالغان يېرىمىغا ياكى تەخمىنەن يېرىمىغا ئۆزىمىزنى مەسئۇل قىلىدۇ.

▲ ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى دەۋر ۋە ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ تەلىپى بويىچە ئىسلاھ قىلالىغان ئادەم يامان ئاقىۋەتكە قالمايدۇ.

▲ ئىشەنچىم كامىلكى، باتۇرلۇق ئېھتىياتچانلىقتىن ياخشى، تەقدىر بىر ئايالغا ئوخشايدۇكى، ئۇنى كۈچ - قۇدرەت بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، ئۇ سوغۇققانلىقنى ئەمەس، بەلكى باتۇرلۇقنى خالايدۇ. شۇڭا، ئاياللار ياشلارنىڭ دوستىغا ئايلانغاندەك، تەقدىرمۇ باتۇرلارنىڭ دوستىغا ئايلىنىدۇ.

شۇنىڭدىن چوڭقۇر خەۋىرىم باركى، نۇرغۇن ئادەملەر مۇنداق قارايدۇ: بۇ جاھاندىكى ئىشلارنى تەقدىر بىلەن خۇدا ئورۇنلاشتۇرىدۇ، كىشىلەر ئەقىل - پاراسەت ئىشلىتىپمۇ ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئاخىر كىشىلەر شۇنداق قارارغا كېلىشكەن: ھەرقانداق تىرىشچانلىق بىكار، يەنىلا تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۈتكەن تۈزۈك. بۇنداق ئەقىدە زامانىمىزدا شۇقەدەر كەڭ تارالغانكى، ھېچكىم ئۇنىڭدىن گۇمانلانمايدۇ. تەئەججۇپ ئەمەسكى، قەدىمدىن





ھازىرغىچە يۈز بەرگەن ھەر خىل ئىشلار ۋە بۈگۈن يۈز بېرىۋاتقان چوڭ ۋەقەلەر كىشىلەرنىڭ پەرىزىدىن ھالقىپ كەتتى. ئاشۇ ھادىسىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلغان چېغىمدا، گاھىدا مەنمۇ يۇقىرىقىدەك قاراشقا كېلىپ قالىمەن. لېكىن، ئەركىن ئىرادىمىزنى بىراقلا يوقىتىپ قويساق بولمايدۇ. مېنىڭچە، مۇنداق قارىغان تۈزۈك: تەقدىر بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنىڭ يېرىمىغا ئىگە، ئۇ قالغان يېرىمىغا ياكى تەخمىنەن يېرىمىغا ئۆزىمىزنى مەسئۇل قىلىدۇ. مەن تەقدىرنى شىددەتلىك ئېقىپ تۇرغان، ئاسانلا يار ئېلىپ يامراپ كېتىدىغان دەرياغا ئوخشىتىشنى خالايمەن. ئۇ نەرە تارتىپ يامراشقا باشلىغاندا، تاغ ـ ئېدىرلار گۇمۇرۇلۇپ، ئىقلىملار قىيان ئاستىدا قالىدۇ؛ دەرەخلەر قومۇرۇلۇپ، ئۆيلەر غۇلايدۇ، كۆللەر لاتقىغا ئايلىنىدۇ. ئادەملەر قىياندىن قورقۇپ تىرىپىرەن بولۇشىدۇ، ئۇنىڭ دەھشەتلىك ئەلپازىغا ئىختىيارىنى تاپشۇرۇشىدۇ ـ دە، قارشىلىق قىلالمايدۇ. ئەھۋال شۇقەدەر ناچار بولسىمۇ، قىيان پەسلىگەندە، ئادەملەر ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى ياماپ، توسمىلارنى ياساپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە باشلايدۇ. بۇلار قايتا ئاپەت يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ بەئەينى تەقدىرگە مۇئامىلە قىلىشنىڭ مىسالىدۇر. كىشىلەر ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى قىلمىغاندا، تەقدىر ئۇزىنىڭ غايەت زور ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. ئۇنى توسۇيدىغان ئىنشائاتلار ياخشى قۇرۇلمىغان جايلاردا ئۇ ئاپەتكە ئايلىنىپ، بولۇشىغا قۇترايدۇ. ئەگەر سەن ئىتالىيەنى ئويلاپ باقساڭ (مۇشۇنداق ئۆزگىرىش بۇ يەردە بولۇۋاتىدۇ ۋە ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ) شۇنى بايقايسەنكى، ئىتالىيە سۇ باشلايدىغان ئۆستەڭمۇ يوق، توسمىلارمۇ يوق تۈزلەڭگە ئوخشاپ قالغان. ناۋادا ئىتالىيەمۇ گېرمانىيە، ئىسپانىيە ۋە فىرانسىيەلەردەك مۇۋاپىق مۇداپىئە



كۈچىگە ئىگە بولغان بولسا، بۇ ئاپەت ئۇنچە زور ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرمىگەن بولاتتى ياكى بۇ ئاپەتنىڭ ئۆزىمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى.

تەقدىرگە ئامال قىلىش توغرىسىدا يۈزەكى توختىلىپ ئۆتۈش كۇپايە بولغان ئەھۋالدا، يۇقىرىقى مۇھاكىمىمىزنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىكتۇر. پېقىر شۇ تاپتا دىققەتنى بەزىبىر ئالاھىدە ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرمەكچىمەن. ئەسكەرتىش لازىمكى، كىشىلەر بۈگۈن بەختىيار دەۋر سۈرگەن ھۆكۈمدارنىڭ ئەتىسى توساتتىنلا تۈگىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ. كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمدارنىڭ ماھىيەت جەھەتتە ياكى باشقا ئالاھىدىلىكلەر جەھەتتە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلمىگەچكە، بۇ ئىشنى تاسادىپىيلىق ھېس قىلىدۇ. ئىشىنىمەنكى، بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى مەن باشتا مۇزاكىرە قىلغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بولغان. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، تەقدىرنىڭ رايىغا يۆلىنىپ تۇرغان ھۆكۈمدار ئەنە شۇ تەقدىردە ئۆزگىرىش بولغان ھامان تۈگىشىپ كېتىدۇ. يەنە شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئىش ـ ھەرىكىتى دەۋرنىڭ تەلىپى ۋە يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇن بولغان ھۆكۈمدار نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. ئىش ـ ھەرىكىتى دەۋرنىڭ تەلىپىگە زىت بولغان، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىگە تەتۈر بولغان ھۆكۈمدارنى نەس باسىدۇ. كىشىلەر مەقسەتكە يېتىشتە، شان ـ شەرەپ ۋە باياشاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتىدە ئوخشىمىغان يوللارنى بېسىپ ئۆتىدۇ: بەزىلەر پۇختا ئويلاپ، پۇختا ئىش قىلىدۇ، بەزىلىرى ئالدىراپ ـ تېنەپ تەنتەكلەرچە ئىش قىلىدۇ، بەزىلىرى زوراۋانلىقتا تايىنىپ ئىش قىلىدۇ، بەزىلىرى مەككارلىق بىلەن ئىش قىلىدۇ، بەزىلىرى سەۋر ـ تاقەت بىلەن ئىش قىلىدۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا سەۋر ـ

تاقەتسىز ئىش قىلىدۇ، ھەربىر ئادەم ئۆز ئارزۇسىنى ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. كىشىلەر يەنە مۇنداق ئەھۋاللارنىمۇ ئۇچرىتىدۇ: ئىككى ئېھتىياتچان ئادەم بار. ئۇنىڭ بىرى پىلان بويىچە ئىش قىلىپ نەتىجە قازاندى، يەنە بىرى نەتىجە قازىنالمىدى؛ ئوخشاشلا مىجەزى ئوخشىمايدىغان ئىككى ئادەم بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ئېھتىياتچان، يەنە بىرى تەنتەك، ئۇلار ئوخشاش بىر ئىشتا ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن نەتىجە قازاندى، ھەر ئىككى ئادەمنىڭ مىجەزى ئۆز دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كەلگەن. يۇقىرىقىلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ئۇسۇل - تەلەپلىرىگە لايىقلاشقان، بەزىلىرى ئۇنداق بولمىغان. خۇددى مەن يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، بۇ خىل ئەھۋالنىڭ نەتىجىسى شۇنداق بولىدۇكى، ئىككى ئادەم ئوخشىمىغان ھەرىكەت بىلەن ئوخشاش ئۈنۈمگە ئىگە بولدى. ئىككى ئادەم ئوخشاش يول بويىچە ئىش كۆرۈپ، بىرى غەلىبە قىلدى، يەنە بىرى مەغلۇپ بولدى. گۈللىنىش بىلەن ھالاك بولۇش، غەلىبە قىلىش بىلەن مەغلۇپ بولۇش قاتارلىق ئۆزگىرىشلەرمۇ يۇقىرىقى پرىنسىپ بويىچە بولىدۇ. ئەگەر ئادەمنىڭ ئۆزى پۇختا ۋە ئېھتىياتچان بولۇپ، زامان ۋە مۇھىت قاملىشىپ بەرسە ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. زامان ۋە مۇھىت ئۆزگەرگەن ئەھۋالدا ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ پائالىيەت شەكلىنى مۇناسىپ رەۋىشتە ئۆزگەرتمىسە تۈگىشىدۇ. مۇنداق بىر خىل ئادەم ئەزەلدىن بولغان ئەمەس: ئۇ بولسىمۇ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە پۇختىلىق بىلەن تاقابىل تۇرغان ئادەم. چۈنكى، ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ پائالىيەت شەكلىنى تۇغما خاراكتېر بويىچە بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەلۇم بىر يولدا ئۇزاق ۋاقىت مېڭىپ كۆنگەن ئادەم ئۆز - ئۆزىنى يېڭىپ ۋەزىيەت ئېھتىياجى بويىچە يېڭىدىن يول تاللى-

يالماي قالىدۇ. شۇڭا، زىيادە ئېھتىياتچان ئادەم تەۋەككۈل قىلىشقا توغرا كەلگەندە گاڭگىراپ قېلىپ، ئاخىر مەغلۇپ بولىدۇ. ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى دەۋر ۋە ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ تەلىپى بويىچە ئىسلاھ قىلالىغان ئادەم يامان ئاقىۋەتكە قالمايدۇ.

پاپا جۇلىئو II ھەرقانداق ئىشتا ئالدىراڭغۇ ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ھەرىكەت شەكلى دەۋر ۋە شارائىت بىلەن بىردەك بولغاچقا ھەمىشە نەتىجە قازىناتتى. بىز ماسسۇجوئاننى بېنتىۋولى ھايات ۋاقتىدا، پاپا جۇلىئو II نىڭ بولونىيەگە قوزغىغان بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشىنى كۆزىتىپ باقايلى. بۇ ئىشتىن ۋېنتسىيەلىكلەر خۇرسەن بولۇپ كەتمىدى. ئىسپانىيەلىكلەرمۇ شۇنداق بولدى، پەقەت فىرانسىيەلىكلەرلا ئۇنىڭغا شېرىك بولدى. لېكىن، پاپا جۇلىئو II نىڭ مىجەزى چۇس ۋە تەنتەك بولغاچقا، يىراققا قىلىنغان يۈرۈشكە بىۋاستە ئۆزىلا قاتناشتى. پاپانىڭ بۇ ھەرىكىتى ۋېنتسىيەلىكلەر بىلەن ئىسپانىيەلىكلەرنى تەمتىرىتىپ نېمە قىلىشنى بىلمەيدىغان قىلىپ قويىدى. چۈنكى، ۋېنتسىيەلىكلەر پاپانىڭ كەسكىنلىكىدىن قورقاتتى. ئىسپانىيەلىكلەر پاپانىڭ بۇ قىلمىشىنى ناپلېسنى پەتھ قىلىش مەقسىتىمىزگە توسالغۇ بولىدۇ دەپ ئەنسىرەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، پاپا فىرانسىيە پادىشاھى بىلەن بىللە يۈرۈش باشلىدى. فىرانسىيە پادىشاھى پاپانىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشىش ئارقىلىق ۋېنتسىيەلىكلەرنى ئۆزىنىڭ گېپىنى ياۋاشلىق بىلەن ئاڭلايدىغان قىلماقچى بولدى. فىرانسىيە پادىشاھى پاپا بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا يۈز ئۆرۈشمىگەنىكەنمىز، ئۇنىڭ ئارمىيەمىزنى ئارىيەتكە ئېلىش تەلىپىنى رەت قىلساق بولمايدۇ، دېگەن قارارغا كەلدى. شۇنداق قىلىپ، پاپا ئۇلۇغۋار بىر قېتىملىق ئىشنى چاقماق تېزلىكىدە تاماملىدى. بۇ ئىشنى باشقا پاپالار ئەڭ جايىدا پىلانلانغان تاكتى-

كىلار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بولاتتى. ئەگەر پاپا جۇلىئو II مۇ باشقا پاپالاردەك ھەممىنى جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىپ، ئاز-دىن رۇمدىن يۈرۈش باشلىغان بولسا ھەرگىزمۇ نەتىجە قازىنال-مايتتى. ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسا فىرانسىيە پادىشاھى ئار-مىيەسىنى ئارىيەتكە بەرمەسلىككە باھانە تاپقان بولاتتى، باش-قىلارمۇ زىيادە چۆچۈپ كەتكەن بولاتتى. مەن پاپا جۇلىئونىڭ باشقا ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەپ ئولتۇرماي، چۈنكى ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دائىرىگە كىرىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پاپا جۇلىئو II نىڭ قىسقا ئۆمۈر كۆ-رۈشىمۇ يۇقىرىقىلارغا يات سەرگۈزەشتىلەرنىڭ بولۇشىغا ئىمكان بەرمىدى. ئەگەر ئۇ ھايات بولغان بولسا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بى-لەن ئەستايىدىل ئىش كۆرۈش پەيتىمۇ تۇغۇلاتتى - دە، ئۇ ھالدا پاپانىڭ كەسكىنلىكى ۋە تەنتەكلىكى پالاكەت ئېلىپ كەلگەن بولاتتى. چۈنكى، ئۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى تەبىئىتىنى ئۆزگەرتەلمەيتتى.

خۇلاسە كالام: تەقدىر ئۆزگىرىش ئۈستىدە تۇرۇۋاتقاندا، كىشىلەر يەنىلا كونا ئۇسۇللارغا ئېسىلىۋېلىشى مۇمكىن. بۇ ئۇ-سۇللار ۋەزىيەتكە ماس كەلسە نەتىجە قازىنالايدۇ، ماس كەلمىسە مەغلۇپ بولىدۇ. ئىشىنىمەنكى، ئۇنى كۈچ بىلەن قولغا كەلتۈر-گىلى بولىدۇ. ئۇ سوغۇققانلىقنى ئەمەس، بەلكى باتۇرلۇقنى خالايدۇ. شۇڭا، ئاياللار ياشلارنىڭ دوستىغا ئايلانغاندەك، تەقدىر-مۇ باتۇرلارنىڭ دوستىغا ئايلىنىدۇ. چۈنكى، ياشلار زىيادە ئېھ-تىياتچان بولۇپ كەتمەيدۇ - دە، تەقدىرنى جاسارەتكە تايىنىپ بويسۇندۇرىدۇ.





## ئىتالىيەنى ياۋۇزلاردىن قۇتقۇزۇۋالايلى

▲ دۇئېل ۋە ئاز ساندىكى كىشىلەر قاتنىشىدىغان مۇسابى-
قىلەردە ئىتالىيەلىكلەر جىسمانىي كۈچ، چاققانلىق ۋە ئەقىل
جەھەتتە شۇقەدەر ئەۋزەل! بىراق، بۇ ئالاھىدىلىكلەر ھەربىي قو-
شۇن ئىچىدە ناچارلىشىپ كېتىدۇ.

▲ ئۇرۇشلاردا ساپ ئىتالىيەلىكلەردىن تۈزۈلگەن قوشۇن
مەغلۇپ بولۇپ كەلدى.

▲ جانابلىرى، ئەگەر سىلى دۆلىتىنى قۇتقۇزغان ئۇلۇغ
كىشىلەرنى ئۈلگە قىلماقچى بولىدىكەنلا، ئۇنداقتا، ئۆزلىرىنىڭ
ئارمىيەلىرىنى قۇرۇپ چىقىش ئاساسىنىڭ ئاساسىدۇر.

مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ
بولغاندىن كېيىن شۇنداق ئويلىدىم: ئىتالىيەنىڭ مۇشۇ مەزگىلى
يېڭى بىر ھۆكۈمدار ئۈچۈن ناھايىتى ئەۋزەل شارائىت سۈپىتىدە
چوڭقۇر پىكىرلىك. قابىلىيەتلىك ئادەملەرگە يېڭى تۈزۈم ئورنى-
تىپ شان ـ شەرەپ قوچۇشىغا، خەلققە بەخت ـ سائادەت كەل-
تۈرۈشكە يېتەرلىك پۇرسەت بېرەمدۇ ـ يوق؟ مېنىڭچە، يېڭى
ھۆكۈمدارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا شەرت بولىدىغان ئىشلار ئال-
لىبۇرۇن تەييار بولدى. شۇڭا، مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئىشنىڭ روياپقا

چىقىشى ئۈچۈن ھازىرقىدىنمۇ پايدىلىق پۇرسەتنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. خۇددى مەن باشتا ئېيتقاندەك، خۇدا مۇسانىڭ ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئىسرائىللارنى مىسىرلىقلارنىڭ قۇل قىلىشىغا ئۇچراتتى. يۇلۇسنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە باتۇرلۇقىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن پارسلارنى مېدىسلارنىڭ ئېزىشىگە ئۇچراتتى. تېسوسنىڭ ئۈستۈنلۈكى ئۈچۈن ئافېنالىقلارنى سەرگەردان قىلدى، مانا ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ شۇنداق پەيت يېتىپ كەلدى: ئىتالىيەدىكى مەلۇم بىر تالانت ئىگىسىنىڭ ئىقتىدارىنى تونۇتۇش ئۈچۈن ئىتالىيەنى مۇنداق ھالەتكە چۈشۈردى، ئۇ بولسىمۇ، يەھۇدىيلاردىنمۇ بەكرەك مەھكۇملۇقتا قېلىش، پارسلاردىنمۇ بەكرەك زۇلۇم تارتىش، ئافېنالىقلاردىنمۇ بەكرەك سەرسان بولۇش، يەنى باشپاناھسىز قېلىش، قالايمىقانچىلىقتا يولۇقۇش، ھۇجۇم ۋە بۇلاڭ - تالاڭغا قېلىش، بۇلۇپ ئېلىش ۋە بوزەك قىلىنىشقا ئۇچراش، يوقىتىش خاراكتېرلىك زەربىلەرگە يولۇقۇش بۈگۈنكى ئىتالىيەنىڭ تەقدىرى بولۇپ قالدى.

مەن يېقىندا ئۈمىدلەنگەن ھالدا، خۇدا ئىتالىيەنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بۇ كىشى[①]نى ئەۋەتىپتۇ دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، ئۇ ھالقىلىق پەيتتە تەقدىرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىتالىيە ئۆلۈك ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئىتالىيە بىر ئادەمنىڭ چىقىپ ئۇنىڭ يارىسىنى داۋالىشىنى، لومباردىيەلىكلەرنىڭ كۆيدۈرۈپ قىرغىن قىلىشى ۋە ناپلېس پادىشاھلىقى، توسكانا رايونلىرىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى توسۇپ، ئۆزۈندىن بۇيانقى روھىي جاراھەتلىرىنى داۋالىشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتەتتى. ئۇ خۇدادىن ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىق ۋە بوزەك قىلىشقا

---

① چىسارى بورجىئانى كۆرسىتىدۇ.

ئۇچراشتەك خورلۇق ـ ھاقارەتتىن قۇتقۇزىدىغان بىرەر ئادەم
ئەۋەتىشىنى تىلەيتتى. روشەنكى، بايراق كۆتۈرۈپ چىقىشقا جۈر-
ئەت قىلىدىغان ئادەم چىقسىلا باشقىلار ئەگىشىشكە تەييارلا ئى-
دى. شۇ تاپتا ئىتالىيە جانابلىرىنىڭ[1] پارلاق ئوردىلىرىدىن باش-
قا قۇتقۇزغۇچى تاپالمايدۇ. جانابلىرىنىڭ بەخت ـ ئىقبالى ۋە ئە-
قىل ـ پاراسىتى شۇقەدەر مۇنەۋۋەركى، ئۆزلىرى خۇدانىڭ نەزى-
رىگە چۈشكەن ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن،
ئۆزلىرى ھەم ئاشۇ دىنىي جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمدارىنى. مۇشۇ
تەييار شەرتلەرنىڭ بىرلىشىشى جانابلىرىنى ئىتالىيەنى قۇتقۇ-
زۇش شەرىپىگە ئىگە قىلىپ تۇرۇپتۇ. مۇبادا مەن قەيت قىلىپ
ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئەسلەپ كۆرسىلە، مەزكۇر
ئىشنى قىلىش ئاسان دەيدىغان ئىلھامغا مۇيەسسەر بولىلا. تا-
رىختا كەم ئۇچرايدىغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قىلغانلىرى ئەپسانى-
دەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇلار ئىلاھ ئەمەس، ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۇس-
تىگە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھېچقانداق بىرى ھازىرقىدەك قولاي
پۇرسەتكە ئېرىشىپ باقمىغان. چۈنكى، ئۇلار ھەرقانچە قىلسىمۇ
ھازىر توغرا كەلگەندەك ئادالەتلىك ئىش ئېلىپ بارالماس،
ئىشلار ھازىرقىدىنمۇ ئوڭاي بولماس، خۇدا ئۆزگىلەرگە نىسبەتەن
ئۆزلىرىگە بەكرەك دوستانە بولماقتا، چۈنكى بۇ ئادالەتلىك ئىش
ئىدى. «ئۇرۇش زۆرۈر بولغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئادالەت-
لىك بولىدۇ. ئۇرۇش قىلىشتىن باشقا چارە قالمىغاندا، قورال
مۇقەددەستۇر»[2]. مانا بۇ ئۇلۇغ ئىستەكتۇركى، قەيەردە ئۇلۇغۋار
ئىستەك بولىدىكەن، ئۇ يەردە قىيىنچىلىق مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇ

① مۇقەددىمىدە ئۇچرىغان فىلورېنسىيە ھۆكۈمرانى لورېنزو مېدىچىنى كۆرسى-
تىدۇ.
② لىۋىنىڭ «رىم تارىخى»نىڭ توققۇزىنچى جىلدىغا قارالسۇن.




يەردە پەقەت جانابلىرىنىڭ مەن ھەدىيە قىلغان ئۇسۇللارنى ئىشلىتىشىلا قالدى. كىشىلەر خۇدا تەرىپىدىن ئورۇنلانلىغان مىسلىسىز مەنزىرىنى كۆرگەندى: دېڭىز ئۆركەشلىمەكتە، بۇلۇتلار يول كۆرسەتمەكتە، تاشلاردىن بۇلاقلار ئېتىلىپ چىقماقتا، رىزقىلار[①] يامغۇردەك ياغماقتا، مەۋجۇداتلار ئۇلۇغلۇقلىرىنىڭ جارى بولۇشى ئۈچۈن خىزمەتكە تەييار تۇرماقتا. ئەمدىكى ئىشلار جانابلىرىنىڭ ئىختىيارىدا قالدى. خۇدا ئەركىنلىك ئىرادىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىز ئۈچۈن ۋە بىزگە تەۋە شان - شەرەپنى ئۆزى ئېلىۋالماسلىق ئۈچۈن ھەممە ئىشنى بىۋاستە ئۆزى قىلمايدۇ!

بۇرۇنقى ئىتالىيەلىكلەر جانابلىرىغا نېسىپ بولۇۋاتقان پارلاق ئىشقا مۇيەسسەر بولغان ئەمەس. ئىتالىيەدە شۇنچە كۆپ ئىنقىلاب بولدى، شۇنچە كۆپ ئۇرۇش بولدى. بۇ جەرياندا ئىتالىيەنىڭ ھەربىي كۈچى گويا مەۋجۇت ئەمەستەكلا ھېچقانداق رول ئوينىمىدى، چۈنكى كونا تۈزۈملەر زامانغا ماس كەلمىدى، يېڭىلىق يارىتالايدىغان ئادەم دۇنياغا ئېيتقاندا، بىر يۇرۇش يېڭى قانۇن ۋە تۈزۈملەرنى يولغا قويۇشتىن ئارتۇق شەرەپلىك ئىش بولمايدۇ. بۇ ئىش مۇۋاپىق ئاساستا ئۇلۇغۋارلىقتا ئىگە قىلىنسا، يېڭى ھۆكۈمدار كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە قايىللىقىغا ئېرىشىدۇ. ھازىرقى ئىتالىيەدە يېڭى ئىشلارنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىتى ۋە پۇرسىتى يېتەرلىك. پەقەت ھۆكۈمدار كالۋا بولمىسىلا، ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرسىلا بولدى. ھەمىشە كۆرىمىزكى، دۇئېل ۋە ئاز ساندىكى كىشىلەر قاتنىشىدىغان مۇسابىقىلەردە ئىتالىيەلىكلەر جىسمانىي كۈچ، چاققانلىق ۋە ئەقىل جەھەتتە شۇقەدەر ئەۋزەل! بىراق، بۇ ئالاھىدىلىكلەر ھەربىي قوشۇن ئى-

---

① رىزىق — «تەۋرات»تا سۆزلىنىشچە، يەھۇدىيلار مىسىردىن قېچىپ چىقىۋاتقاندا، باياۋاندىمۇ خۇدا تەرىپىدىن تائام بېرىلگەن.



چىدە ناچارلىشىپ كېتىدۇ. بۇلار قوماندانىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن كېلىپ چىققان. چۈنكى، قوشۇن ئىچىدىكى قابىللار قوماندانلىققا بويسۇنمايدۇ، بەلكى ھەربىر ئادەم مەنلا بولسام، دەيدۇ. تا ھازىرغا قەدەر ھېچكىم ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە تەلىيىگە تايىنىپ ئالاھىدە بولغان ئەمەس ھەم باشقىلارنى ئۆزىگە مۇتلەق بويسۇندۇرغان ئەمەس. شۇڭا، ئۆتكەنكى 20 يىللىق ئۇرۇشتا قوشۇن ساپ ئىتالىيەلىكلەردىن تۈزۈلگەن بولسا مەغلۇپ بولدى. مەسىلەن، تارو ئۇرۇشى (1495 — 1513)، ئالېكساندىرا ئۇرۇشى (1499)، كاپۇبا ئۇرۇشى (1501)، گېنۇيا ئۇرۇشى (1507) ۋىيلا ئۇرۇشى (1509)، بولۇنىيە ئۇرۇشى (1511)، مېستىرى ئۇرۇشى (1513) قاتارلىقلار.

جانابلىرى، دۆلىتىنى قۇتقۇزغان ئۇلۇغ كىشىلەرنى ئۈلگە قىلماقچى بولىدىكەنلا، ئۇنداقتا، ئۆزلىرىنىڭ ئارمىيەلىرىنى قۇرۇپ چىقىش ئاساسىنىڭ ئاساسىدۇر. چۈنكى، ئۆز ئارمىيەسىدىنمۇ سادىق ۋە ئەۋزەل ئارمىيەنى تاپقىلى بولمايدۇ. گەرچە قوشۇن ئىچىدىكى ھەربىر ئەسكەر شۇنچە نادىر بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز ھۆكۈمدارىنىڭ قوماندانلىق قىلغانلىقىنى كۆرسە، ھۆكۈمدار ئۆز قولى بىلەن ئوردىېن تارقاتسا ۋە مۇكاپاتلىسا، ئۇلار ئىتتىپاقلىشىپ مۇنەۋۋەر قوشۇنغا ئايلىنىدۇ. شۇڭا، چەت ئەللىكلەرگە ئىتالىيەلىكلەرنىڭ كۈچى تاقابىل تۇرۇش ۋە دۆلىتىمىزنى قوغداش ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر قورالنى تەييار قىلىش زۆرۈر. گەرچە، شۋېيتسارىيە ۋە ئىسپانىيە پىيادە ئەسكەرلىرى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە قورقۇنچلۇق بولسىمۇ، كەمچىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. ئۈچىنچى خىل تىپتىكى ئارمىيە تەشكىللەش ئۇسۇلى ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى كەمچىلىكلەرنى يېڭەلەيدۇ. چۈنكى، ئىسپانىيەنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى ئاتلىقلارنىڭ ھۇجۇمىغا

تاقابىل تۇرالمايتتى. شىۋېيتسارىيەلىك پىيادە ئەسكەرلەر ئۆزىگە تاقابىل تۇرغۇدەك پىيادە قىسىملارنى كۆرسە يۈرىكى چىقىپ كەتكۈدەك قورقۇپ كېتىشەتتى. تەجرىبىلەر ئىسپاتلايدۇكى، ئىسپانىيەلىكلەر ئىتالىيە ئاتلىق قىسىملىرىغا تاقابىل تۇرالايدۇ. شىۋېيتسارىيەلىكلەر ئىسپانىيە پىيادە قىسىملىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدۇ. گەرچە كېيىنكىسىگە دائىر مۇكەممەل مىسالنى ھازىرغىچە تاپقىلى بولمىسىمۇ، رېۋېننا ئۇرۇشى بىزنى دەلىل بىلەن تەمىنلىدى: ئاشۇ مەيدان ئۇرۇشتا ئىسپانىيە پىيادە قىسىملىرى شىۋېيتسارىيە قىسىملىرىنىڭ تەشكىللىنىش ئۇسۇلى بىلەن تامامەن ئوخشاش بولغان گېرمانىيە قىسىملىرى بىلەن ئېلىشتى. ئىسپانىيە ئەسكەرلىرى چەبدەسلىكى ۋە قالقانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن نەيزە ـ شەمشەرلەر ئورماندەك تۇرغان گېرمانىيە ئەسكەرلىرى سېپىگە سۇقۇنۇپ كىردى ـ دە، ئۇلار تەييارلىق يوق ھالەتتە تۇرغاندا، بەخىرامان ھۇجۇم باشلىدى. ئەگەر، ئىسپانىيەلىكلەر ئاتلىق قىسىملارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىمىغان بولسا گېرمانىيە قىسىملىرىنى پۈتۈنلەي تارمار قىلغان بولاتتى. دېمەك، بۇ ئىككى خىل پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ كەمچىلىكىنى تونۇغاندىلا، ئاندىن ئۈچىنچى خىل پىيادە ئەسكەرلەرنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. بۇنداق پىيادە ئەسكەرلەر ئاتلىق قىسىمغا تاقابىل تۇرۇش بىلەن بىللە باشقا پىيادە قىسىملاردىن قورقمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قورال ۋە تەشكىلىي ئۇسۇل تاللاش لازىم. بۇ ئىشلار يولغا قويۇلغان ھامان يېڭى ھۆكۈمدارغا ئۈمىد ۋە ئۇلۇغۋارلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

دېمەك، پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك كېرەك. ئۇزاق مۇددەت يېغلىق يۈز بەرگەن ۋە پارچىلاپ ئېلىنغان ئىتالىيەگە نىجات يولتۇزى بەخش ئېتەيلى. شۇنى ئىپادىلەشكە ئاجىزمەنكى، يات





مىللەتنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان بۇ زېمىنىنىڭ خەلقى ئۆزىنىڭ نىجات يولتۇزىنىڭ كۆرۈنۈشىنى نەقەدەر سۆيۈنچ، قىساس تەشنالىقى، تەۋرەنمەس ئەقىدە ۋە ئىسسىق كۆز ياشلىرى بىلەن كۈتمەكتە. بۇنى كىممۇ ئىنكار قىلالىسۇن؟ ئۇنىڭدىن كىممۇ باش تارتالىسۇن؟ قايسىبىر ھەسەت ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا پېتىنالىسۇن؟ قايسى بىر ئىتالىيەلىك ئۇنىڭغا سادىق بولۇشتىن باش تارتسۇن؟ يات مىللەتنىڭ ياۋۇز ھۆكۈمرانلىقى ھەربىر ئىتالىيەلىكنى قاتتىق بىزار قىلدى. شۇڭلاشقا، جانابلىرى ئۆزلىرىنىڭ پارلاق سەلتەنىتى ۋە ئادالەتلىرىدىن كەلگەن باتۇرلۇق ۋە ئۈمىدنى قورال قىلىپ، تارىخي ۋەزىپىنى ئۈستىلىرىگە ئالغايلا، ۋەتىنىمىزنىڭ قەددىنى ئادالەت بايرىقى ئاستىدا دەس تۇرغۇزغايلا، شائىر پېتراكا[1] نىڭ مۇنۇ خىتابىنى ئەمەلگە ئاشۇرغايلا:

«ياۋۇزلۇققا باتۇرانە قارشى تۇرايلى.
قول ـ قوللارغا قورال ئالايلى.
ئۆتۈپ كېتەر بۇ ئۇرۇش پەيتى!
ئىشىنىمىز ئەجدادلارنىڭ روھىي قۇدرىتى
ئويغىنىشقا ئۇندەيدىغان خىتاب، دەۋىتى
ئىتاليان يۈرىكىدىن ئۆچمىدى تېخى.»

---

① پېتراكا — (1304 — 1374) ئىتالىيەنىڭ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى.



قوشۇمچە:

# ھازىرقى زامان ھۆكۈمدارلار دەستۇرى

ئانتونئو گىرامشى

ئانتونئو گىرامشى (1937 ـــ 1981، Antonio Gramisci) ئىتالىيەلىك مۇتەپەككۇر، 20 ـ ئەسىردىكى مۇھىم ماركسىزىمچىلار-نىڭ بىرى. ئۇ 1929 ـ 1935 ـ يىللاردىكى تۇرمە ھاياتىدا «تۇرمە خا-تىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مۇستەقىل پىكىر كۈچى جەھەتتىكى ئاجايىپ تالانتىنى نامايان قىلدۇ. ئۇ ئىجاد قىلغان «زوراۋانلىق»، «ئورگان زىيالىيلىرى»، «لاگېر ئۇرۇشى» دېگەندەك ئۇ-قۇملار زور نەزەرىيەۋي قىممەتكە ئىگە بولغان. گىرامىش 20 ـ ئە-سىردىكى ھەقىقىي بىلىم قەھرىمانى دەپ سۈپەتلىنىدۇ.



... خەلقنىڭ تەبىئىتىنى چوڭقۇر تونۇغان ئادەم ھۆكۈمران بولۇشى كېرەك. ھۆكۈمراننى چۈشەنگەن ئادەم خەلق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

— نىككولو ماكياۋىللى

بېقىندى بىر سىنىپ ھەققىي مۇستەقىل بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئېرىشكەن شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئۇنىڭ يېڭى تىپتىكى دۆلەتكە ئايلىنىش تەلپىگە يارىشا شۇنداق بىر خىل كونكرېت ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ: يېڭى بىلىم ۋە ئەخلاق تەرتىپىنى، يەنى يېڭى تىپتىكى جەمئىيەتنى بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئەڭ ئومۇملاشقان، ئەڭ روشەن ۋە نۇقسانسىز ئىدېئولوگىيە قورالىغا ئېرىشىش كېرەك.

— ئانتونىئو گىرامشى

ماكياۋىللى فاشىزىم زۇلمىتى تازا ئەۋج ئالغان مەزگىلدە گىرامشىغا كەلگۈسى زامان پېئىلىدا سۆزلىدى. ھازىرقى زامان ھۆكۈمدارىنىڭ نۇرى يېڭى ھۆكۈمدارلارنى يورۇتۇپ بەردى.

— لۇئىس ئالتۇسىر







## ماكياۋېللى پولىتكىسى ھەققىدە خاتىرە

«ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»نىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ قانداقتۇر بىر سىستېمىلىق بايان ئەمەس، بەلكى تىرىك بىر پارچە كىتابتۇر: سىياسىي ئىدېئولوگىيە بىلەن سىياسىي پەن دەل مۇشۇ كىتابتا دىراماتىك «ئەپسانە» شەكلىدە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. بۇ كىتاب ئوتوپىيە ۋە مەدرىسە تەلىماتلىرىغا يەنى سىياسىي پەنلەر ماكياۋېللىدىن بۇرۇن قوللانغان ئىپادىلەش شەكىللىرىگە زادىلا ئوخشاشمايدۇ. ماكياۋېللىنىڭ بايانى ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە خىيالى ۋە بەدىئىي تۈس ئاتا قىلغان بولۇپ، نەتىجىدە ۋەزخانلىق ۋە ئەقلىي ئامىللار بىر ياللانما ئارمىيە قوماندانىنىڭ ۋۇجۇدىدا[1] مۇجەسسەملىنىپ كوللېكتىپ ئىرادىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئىپادىلەنگەن. ئېنىق كوللېكتىپ ئىرادىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئېنىق بىر سىياسىي نىشان بىلەن ماس ھالەتتە بولىدۇ، ھالبۇكى بۇ ماكياۋېللىنىڭ كىتابىدا پائالىيەت پىرىن-

① بۇ مۇشۇنداق سالاھىيەت بويىچە «پۇقرالىقتىن ھۆكۈمدارلىققا كۆتۈرۈلگەن» چاسارى بورجا (Cesare Borgia 1476 — 1507) نى كۆرسىتىدۇ، ئۇ پاپا ئالېكساندىرنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان ئوغلى بولۇپ، رىمدا يېڭى، كۈچلۈك پادىشاھلىقنى قۇرۇپ چىقىدۇ، كېيىن پۈتۈن ئىتالىيەنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا غەلىبە بوسۇغىسىدا مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇ ماكياۋېللى تەرىپىدىن غايىۋىلەشتۈرۈلگەن — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.



سىپى ۋە ئۆلچەملىرى توغرىسىدىكى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن نەزەرديە ياكى ئۆلۇمالارچە تۈرلەپ بايان قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولماستىن، بەلكى كونكرېت بىر شەخسنىڭ پەزىلىتى، خاراكتېرى، مەسئۇلىيىتى ۋە مۇھىملىقى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. نەتىجىدە ماكياۋىللى ئۆزى قايىل قىلماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ كونكرېت شەكىلگە ئىگە قىلغان[1].

ئەمدى بىز ماكياۋىللىنىڭ «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»نى تۇتقا قىلىپ، ئۇنى جورجى سورېل (Geroges sorel[2] 1847 — 1922)

---

① بىلىش كېرەككى، ماكياۋىللىدىن ئىلگىرى ھېچكىم «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»دەك ئەسەرنى يېزىپ قالدۇرمىغان. بۇ ئەسەرنىڭ خاتىمە قىسمىدا «ئەپسانە» (ئىدېئولوگىيە) خاراكتېرى قويۇق بولۇپ، غايىۋى رەھبەرنىڭ پورترېتى بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇنۇملۇك ئىبارىلەر ئارقىلىق رەھبەرلەرنىڭ تارىخىي كۈچ بولۇشى مۇراجەت قىلىنغان. بۇ پۈتۈن كىتابقا تەسىرى كۈچ بېغىشلىغان. لۇيجى رۇسسو (Luigi Russo) ئۆزىنىڭ «ماكياۋىللىغا مۇقەددىمە» دېگەن ئەسىرىدە، ماكياۋىللىنى پولىتىكا (سىياسىي ئىلىم) ساھەسىدىكى سەنئەتكار دەپ تەرىپلىگەن — ئەسلى مەنىدىكى ئىزاھات.

② جورجى سورېل — فىرانسىيەلىك پەيلاسوف ۋە سىندىكالىست (ئىشچىلار غوجىلىقىنى تەشەببۇس قىلغۇچى). ئۇ تارىخچىلىق ۋە ئىقتىسادچىلىققا قارشى بولۇپ، ئومومىيۈزلۈك ئىش تاشلاش ۋە زورلۇق كۈچ ئىنقىلابىنى قوللىنالايدىغان ئىشچىلار ئاپتونومىيەسى تەشكىلاتىنىڭ زۆرۈرلىكىنى دەلىللەپ چىققان. ئۇ «زورلۇق كۈچ» (1906) ناملىق ئەسىرىدە، ئىش تاشلاشنىڭ ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدىكى قىممىتى ھەققىدە ئالاھىدە توختالغان. «بۈيۈك ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان ئادەملەر ئادەتتە بىر يۈرۈش ئوبرازلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى پائالىيىتىدىن بىشارەت بېرىدۇ ھەم ئۆزلىرىنىڭ غالىبىيىتىگە ئىشىنىدۇ. مەن تارىخچىلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىلىمنى «ئەپسانە» دەپ ئاتىدىم. سىندىكالىستلار ئېلىپ بارغان ئىش تاشلاشلار ۋە ماركسنىڭ كوممۇنىزم تەلىماتى مۇشۇنداق ئەپسانىگە كىرىدۇ. سورېل «ئەپسانە» دېگىنىدە بىرخىل ئاڭ فورمىسى (ئىدېئولوگىيە)نى كۆزدە تۇتقان بولۇپ، ئۇنى نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ ۋاستىسى دەپ قارىغان — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.





ئېيتقان «ئەپسانە»نىڭ تارىختىكى نەمۇنىسى سۈپىتىدە يەنى سىياسىي ئىدېئولوگىيەنىڭ بىر ئۆلگىسى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىپ باقايلى: ماكياۋېللىنىڭ ئىپادىلىگىنى سوغۇققان ئوتوپىيە ئەمەس، قۇرۇق قائىدىمۇ ئەمەس، بەلكى چاك - چېكىدىن بوشىلىپ كەتكەن بىر خەلقنىڭ كوللېكتىپ ئىرادىسىنى كونكرېت ئارزۇ ئارقىلىق ئويغىتىش ۋە تەشكىللەش. «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»نىڭ ئوتوپىيەلىك خاراكتېرى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ھۆكۈمدار تارىختا بولغان ئەمەس، ئىتالىيە خەلقىنىڭ ئالدىدا كونكرېت ئايان بولغانمۇ ئەمەس، ئۇنىڭدىكى ھۆكۈمدار نەزەرىيە خاراكتېرلىك ئابستراكت كىشى بولۇپ، بىر داھىي ياكى غايىۋى رەھبەرنىڭ سىمۋولىدۇر①. لېكىن كۈچلۈك دىراماتىك ئۇنۇمنىڭ تۈرتكىسىدە، مەزكۇر كىتابچىغا باشتىن - ئاياغ سىڭگەن ھېسسىيات ۋە ئەپسانىۋى ئامىللار تۈگەنچە قىسمىدا «رېئال بىر ھۆكۈمدار»نىڭ پەيدا بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش ئىستىكى بىلەن ۋايىغا يېتىپ، ھاياتى كۈچكە ئىگە بولغان. كىتاپتا، ماكياۋېللى ھۆكۈمدارنىڭ خەلقنى يېڭى دۆلەت قۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولىغا يېتەكلىشى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، مۇھاكىمىلەر پۇختا مەنتىقىلىق ۋە ئىلمى ئادىللىقتا ئىگە. كىتابنىڭ ئاخىرىدا، ماكياۋېللى ئۆزى خەلققە ئايلىنىپ، خەلق بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن: بۇ يەردىكى «خەلق» ئادەتتىكى مەندىكى خەلق بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تەلىماتلىرى تەرىپىدىن تەربىيەلەنگەن خەلق ئىدى، ماكياۋېللى خەلقنىڭ تىلىغا ئايلىنىدۇ ھەمدە ئۆزى بىلەن خەلقنىڭ بىردەكلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

① بۇ ھەقتە لۇئىس ئالتۇسسېر (Louis Althusser) ماكياۋېللى ئوتوپىيەسىنىڭ باشقا ئوتوپىيەگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ قانداقتۇر سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيەلىك ئوتوپىيە ئەمەس، بەلكى، نەزەرىيەۋى ئوتوپىيە دېگەن ئىدى — ت.



مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ يەردىكى مەنتىقى جەريان پەقەتلا خەلقنىڭ
ئۆزى ھەققىدىكى ئويلىنىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ دەل خەلق-
نىڭ ئېڭىدىكى ئىچكى يەكۈن (دىراكسىيە)دۇر. ئۇ كىتابنىڭ
تۆگەنچە قىسمىدا، ئۇ ئۆزىنى تۇتىۋالالمىغان ھالدا خەلققە چا-
قىرىق قىلىدۇ. كىتابتىكى ھاياجان ئۆزى ھەققىدىكى مەنتىقى
خۇلاسىدىن تەرەققىي قىلىپ، كۈچلۈك ھاياجان، قىزغىنلىق ۋە
پائالىيەت مەپتۇنلىقىغا ئايلىنىدۇ. دەل شۇنداق بولغاچقا، «ھۆ-
كۈمدارلار دەستۇرى»نىڭ خاتىمىسى قانداقتۇر ئارتۇقچە ئىستى-
لىستىكىلىق نەرسە بولماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئەسەرنىڭ زۆرۈر
بىر قىسمىغا ئايلىنالىغان بولۇپ، بۇ تەركىبنى پۈتكۈل كىتاب-
نىڭ ھالقىلىق يېرى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مۇشۇ تەركىب تۈپەي-
لى، «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» بىر پارچە «سىياسىي خىتابنامە»
بولالىغان.

تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا شۇكى، سورېل نېمە
ئۈچۈن ئۆز قاراشلىرىنى ئىدىئولوگىيە — ئەپسانە نۇقتىسىدىن
تۇرۇپ، سىياسىي پارتىيە ئۇقۇمى دەرىجىسىگە كۆتۈرمەي، ئىش-
چىلار ئۇيۇشمىسى ئۇقۇمىدا تۇرۇپ قالغان نوقتا. دەرۋەقە، سو-
رېلنىڭ قارىشىچە «ئەپسانە»نىڭ ئالىي ئىپادىلىنىشى ئىشچىلار
ئۇيۇشمىسىنىڭ كوللېكتىپ ئىرادىسىنىڭ تەشكىللىنىشىدە ئە-
مەس، بەلكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەمەلىي ھەركىتىدە، يەنى
ئاللىبۇرۇن سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلگەن كوللېكتىپ ئىرادىنىڭ
ئەمەلىي ئىپادىسىدە. سورېلنىڭ قارىشىچە، بۇنداق ھەرىكەتنىڭ
يۇقىرى ئىپادىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلاشتىن باشقا نەرسە
بولماسلىقى، بەلكىم، بىر خىل پاسسىپ ھەرىكەت بولۇشى مۇم-
كىن، ئۇنىڭدا بىر خىل ئىنكار ۋە تۇنجى قەدەملىك ئالامەت بو-
لۇشى مۇمكىن (پەقەت بارلىق ئىرادە بىرلەشكەندىلا مۇئەييەنلىك

مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ يەردىكى مەنتىقى جەريان پەقەتلا خەلقنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئويلىنىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ دەل خەلق-نىڭ ئېڭىدىكى ئىچكى يەكۈن (دىراكسىيە)دۇر. ئۇ كىتابنىڭ تۆگەنچە قىسمىدا، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا خەلققە چا-قىرىق قىلىدۇ. كىتابتىكى ھاياجان ئۆزى ھەققىدىكى مەنتىقى خۇلاسىدىن تەرەققىي قىلىپ، كۈچلۈك ھاياجان، قىزغىنلىق ۋە پائالىيەت مەپتۇنلىقىغا ئايلىنىدۇ. دەل شۇنداق بولغاچقا، «ھۆ-كۈمدارلار دەستۇرى»نىڭ خاتىمىسى قانداقتۇر ئارتۇقچە ئىستە-لىستىكىلىق نەرسە بولماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئەسەرنىڭ زۆرۈر بىر قىسمىغا ئايلىنالىغان بولۇپ، بۇ تەركىبنى پۈتكۈل كىتاب-نىڭ ھالقىلىق يېرى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مۇشۇ تەركىب تۈپەي-لى، «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» بىر پارچە «سىياسىي خىتابنامە» بولالىغان.

تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا شۇكى، سورېل نېمە ئۈچۈن ئۆز قاراشلىرىنى ئىدىئولوگىيە — ئەپسانە نۇقتىسىدىن تۇرۇپ، سىياسىي پارتىيە ئۇقۇمى دەرىجىسىگە كۆتۈرمەي، ئىش-چىلار ئۇيۇشمىسى ئۇقۇمىدا تۇرۇپ قالغان نوقتا. دەرۋەقە، سو-رېلىنىڭ قارىشىچە «ئەپسانە»نىڭ ئالىي ئىپادىلىنىشى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كوللېكتىپ ئىرادىسىنىڭ تەشكىللىنىشىدە ئە-مەس، بەلكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەمەلىي ھەركىتىدە، يەنى ئاللىبۇرۇن سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلگەن كوللېكتىپ ئىرادىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدە. سورېلىنىڭ قارىشىچە، بۇنداق ھەرىكەتنىڭ يۇقىرى ئىپادىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلاشتىن باشقا نەرسە بولماسلىقى، بەلكىم، بىر خىل پاسسىپ ھەرىكەت بولۇشى مۇم-كىن، ئۇنىڭدا بىر خىل ئىنكار ۋە تۈنجى قەدەملىك ئالامەت بو-لۇشى مۇمكىن (پەقەت بارلىق ئىرادە بىرلەشكەندىلا مۇئەييەنلىك





خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ)، بەلكىم ئۇ ئۆزىنىڭ تەشەببۇسكار ھەم بەرپاچىلىق باسقۇچىنىڭ بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا، سورېلنىڭ قارىشىچە، مۇنداق ئىككى خىل زۆرۈرىيەت ئارىسىدا توقۇنۇش بولىدۇ: بىرى، ئەپسانە (ئىدېئولوگىيە)نىڭ بولۇش زۆرۈرىيىتى؛ يەنە بىرى، بۇ ئەپسانىگە قارىتا تەنقىدنىڭ بولۇش زۆرۈرىيىتى. چۈنكى، «بارلىق ئالدىن بېكىتىلگەن پىلانلارنىڭ ھەرقاندىقى ئۇتوپىيەلىك بولىدۇ ھەم ئەكسىيەتچى بولىدۇ». ئەمدىكى چارە پەقەت غەيرىي ئەقلىي ھاياجان، «پۇرسەت» (بېرگسون ئېيتقان ھاياتلىق ھاياجىنى) ياكى «ئىئىستىخىيە».

ئەجەبا ئەپسانە (ئىدېئولوگىيە) «غەيرى بەرپاچىلىق» خاراكتېرىگە ئىگە بولامدۇ؟ سورېلنىڭ سېزىمى بويىچە، بۇنداق ۋاسىتىنىڭ رولى پارچىلاش («بۇلۇش») ئارقىلىق بولىدۇ، ھەتتا مەۋجۇت ئەخلاق ۋە قانۇنىي مۇناسىۋەتنى زورلۇق كۈچ ئارقىلىق بىتچىت قىلىپ، كوللېكتىپ ئىرادىنىڭ دەسلەپكى شەكىللىنىش باسقۇچىغا بېقىنىدۇ. بۇنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولامدۇ - يوق؟ ياكى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىۋاتقان بۇ كوللېكتىپ ئىردە بىردەمدىلا يوققا چىقىپ، ساناقسىز خۇسۇسىي ئىرادىگە ئايلىنىپ، ئەكسىچە ھالدا ھەركىم توغرا تاپقان دەسلەپكى باسقۇچقا قايتامدۇ؟ يەنە بىر مەسىلە باركى، بۇزۇش ۋە تىكلەش مۇددىئاسى بولمىغان بۇزۇش ۋە ئىنكار مەۋجۇت بولمايدۇ. ئۇ مېتافىزىك مەنىدە ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت داۋامىدا، سىياسىي جەھەتتە پارتىيەنىڭ پىروگراممىسى شەكلىدە مەۋجۇت بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈش مۇمكىنكى، ئىستىخىيەنىڭ كەينىدە نوقۇل مېخانىكىلىق مەۋجۇت، ئەركىنلىك (ھاياتلىق ئىرادىسى)نىڭ كەينىدە ئەڭ يۇ-



قىرى چەكتىكى بەلگىلەش نەزەرىيەسى بار، ئىدېيالىزىمنىڭ
كەينىدە مۇتلەق ماتېرىيالىزىم بار.

مۇئەييەن ئىدېئولوگىيە ئەپسانىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدىكى
هازىرقى هۆكۈمدار هەرگىزمۇ رېئال شەخس ياكى كونكرېت ئا-
دەم ئەمەس؛ بەلكى مۇرەككەپ ئورگانىك ئىجتىمائىي ئېلېمېنت-
تىن ئىبارەتتۇر. مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈۋاتقان ۋە قوغدىلىۋاتقان
كوللېكتىپ ئىرادىنىڭ جۇغلىنىش دەل ئاشۇ ئىجتىمائىي ئېلې-
مېنت ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. تارىخنىڭ تەرەققىياتى كەلتۈرۈپ
چىقارغان بۇ ئورگانىك گەۋدە دەل سىياسىي پارتىيە بولۇپ، ئۇ
ئەڭ بۇرۇنقى هۆجەيرە سۈپىتىدە، ئومۇملىق ۋە بىر گەۋدىلىككە
ئىنتىلىۋاتقان كوللېكتىپ ئىرادىنىڭ بىخلىرىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان بولىدۇ. هازىرقى دۇنيادا، تەخىرسىز ۋە چاقماق تېزلى-
كىدە تارىخ يارىتىدىغان سىياسىي هەرىكەتنىڭ ئۆزىلا مەلۇم بىر
كونكېرىت شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەپسانە كەبى نامايەن بولىدۇ[1].
بەلكىم، قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى غايەت زور خەۋپ
چاقماقتەك تېز هەرىكەتنىڭ زۆرۈرىيىتىنى بەلگىلىشى مۇمكىن.
شۇنىڭ بىلەن بىرگە غايەت زور خەۋپ - خەتەر راستىنلا كىشى-
لەرنىڭ هاياجىنى ۋە ئىشتىياقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ تەنقىدى
ئېڭى ۋە مەسخىرىگە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى بوشاشتۇ-
رۇۋېتىپ، رەهبەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى كارىسماتىك (ئۇلۇغلۇق)
خۇسۇسىيەتلەرگە تاقابىل تۇرالمايدۇ. جورجى بولانگېر
(1837 — 1981 Georges Boulanger) نىڭ سەرگۈزەشتىلىرى-

① هازىرقى زامان هۆكۈمدارىنىڭ رولى ئۆزىدىكى بارلىق تەركىبلەرنى ئىشقا
سېلىپ ئۇلارنى مۇكەممەل جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولغان هەرقانداق فۇنكسىيەلەردە
لاياقەتلىك بولالايدىغان سىياسىي زىيالىيلار، داهىيلار ۋە تەشكىلاتچى بولۇشتا — ت.

دە مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەن[1]. ئەمما، بۇنداق جىددىي ھەرىكەت ئۆزىنىڭ ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇزۇن داۋام قىلالمايدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئورگانىك خۇسۇسىيىتىنى يېتىلدۈرەلمەيدۇ. گويا ئۇنىڭ قولىدىن تىرىلدۈرۈش ياكى تۈزەشلا كېلىدىغاندەك، يېڭى دۆلەت، يېڭى مىللەت ۋە يېڭى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى تىكلەشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. (بۇ ماكياۋېللىي «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»دا تىلغا ئالغان مەسىلە. بۇ يەردىكى تىرىلدۈرۈش بىر خىل ئىستىلىستىكا تەرزىدىكى گەپ بولۇپ، ئىتالىيەنىڭ رىمغا ۋارىسلىق قىلىشى ياكى رىمنىڭ تەرتىپ ۋە قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىنى مۇشۇ ئەدەبىي ئۇقۇم بىلەن باغلىغان)[2]. ئۇ ساقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگىكى، يارىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئەمەس. مەسىلەن، بىز بىر كوللېكتىپ ئىرادىنى بۇرۇندىن مەۋجۇت دەپ قارايلى. گەرچە ئۇ چۈشكۈن، چېچىلاڭغۇ، ئاپەتكە يولۇققان ھالەتتە تۇرسىمۇ، ئۇنى ئۇزۇل - كېسىل تۈگەشتى دېگىلى بولمايدۇ، ئۇنى قايتا ئۇيۇشتۇرۇپ كۈچەيتكىلى بولىدۇ (بىر كوللېكتىپ ئىرادىنى يېڭىدىن بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ ھا-

---

① كارىسماتىك — (Charismatic) «ئىلاھى»، «مۇقەددەس» دېگەن مەنىدە. جورجى بولانگېر فرانسىيە گېنېرالى بولۇپ، 1886 — 1887 - يىللاردا قۇرۇقلۇق ئارمىيە باشلىقى بولغان. ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلغاندىن كېيىن، ئۇ كونسېرۋاتىپلار، پادىشاھنى ھىمايە قىلغۇچىلار ۋە رادىكاللاردىن تەشكىل تاپقان ئۈچىنچى جۇمھۇرىيەتكە قارشى ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلغان. تارىختا بۇ «بولانگېرچىلار ھەرىكىتى» دەپ ئاتالغان. ئۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، ئاۋام پالاتاسىنىڭ سايلىمىدا كەينى - كەينىدىن ئۇتۇق قازانغان. ئۇ سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشىمۇ بولاتتى. لېكىن، ئىككىلەنگەن. ئاخىرى ئۆزىدىن ئەنسىرەپ، ئەنگلىيە، بېلگىيە قاتارلىق ئەللەرگە قېچىپ كەتكەن. (1889) نەتىجىدە، ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇپ بولۇپ، 1891 - يىلى بىريۇسسېلدا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان — ت.

② بۇ يەردىكى تىرىلدۈرۈش ئىبارىسى رىم ھەققىدىكى خاتىرىلەردىن ئالغان ئىلھام بويىچە ئوتتۇرىغا چىققان — ت.

جىتى يوق). ئۇنى كونكرېت بىر ئاقىلانە نىشانغا باشلىساقلا كۇپايە، بۇنداق كونكرېت، ئاقىلانە نىشان ھېچقانداق ئەمەلىي، ھەققانىي، تارىخىي تەجرىبىلەرنىڭ ئېدىتلىشىدىن تېخى ئۆتمىگەن تەقدىردىمۇ بەرىبىر مۇھىم.

سورېل ياكوبىنچىلارغا ئۆچ ئىدى (بۇنداق ئۆچمەنلىك ئەخلاقىي جەھەتتىن نەپرەتلىنىشتەك ھېسسىيات شەكلىگە ئىگە ئىدى). بۇ يەردە بىز سورېلنىڭ «ئەپسانە» نۇقتىئىنەزىرىنىڭ ئابستراكتلىقىنى كۆرەلەيمىز. بىراق ياكوبىنچىلار سېپى ئۆزىدىن ماكياۋېللى ئېيتقان ھۆكۈمدارنىڭ ئەينى ئۆزىدۇر. «ھازىرقى زامان ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» ناملىق بۇ كىتابىمىزدا ياكوبىنچىلىقنى مۇھاكىمە قىلىدىغان مەخسۇس بىر سەھىپە ئاجرىتىش زۆرۈر[①]. ياكوبىنچىلىق بىزگە كوللېكتىپ ئىرادىنىڭ شەكىللىنىشىنى ۋە ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، ھەتتا مۇئەييەن كوللېكتىپ ئىرادىنىڭ يوقتىن بارلىققا كېلىشىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. بۇ يەردە ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى كوللېكتىپ ئىرادە ۋە ئادەتتىكى سىياسىي ئىرادىگە تەبىر بېرىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ: كوللېكتىپ ئىرادە تارىخىي مۇقەررەرلىككە بولغان ئاكتىپ تونۇشتۇر ياكى بىر مەيدان ئەمەلىي تارىخىي درامىنىڭ باش قەھرىمانى بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.

دەسلەپىدىلا بىز كوللېكتىپ ئىرادە ئۈستىدە توختىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا، مەسىلىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز لازىم: قانداق ئەھۋال ئاستىدا بىر مىللەت ياكى خەلقنىڭ كوللېكتىپ ئىرادىسىنىڭ ئويغۇنۇش ۋە يېتىلىش شەرتى

① فىرانسىيە ئىنقىلابى مەزگىلىدە ياكوبىن كۇلۇبى ئاساسىي قانۇن دوستلىرى دەپ ئاتالغان. كېيىن ئۇلار تېرورىستىك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ، ئىچكى - تاشقى ئەكسىلئىنقىلابى كۈچلەرگە زەربە بەرگەن.

روياپقا چىقتى دېيىشكە بولىدۇ؟[1] بۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم بىر دۆ-
لەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىغا تارىخىي (ئىقتىسادىي) ئانالىز
ئېلىپ بېرىش كېرەك. شۇنىڭدەك بىرنەچچە ئەسىردىن بۇيان
داۋام قىلىپ كەلگەن كوللېكتىپ ئىرادىنى ئويغىتىش سىناقلى-
رى ۋە بۇ جەھەتتىكى مەغلۇبىيەتلەرنى دىراماتىك تەسۋىرلەش
كېرەك. نېمىشقا ماكياۋىللى دەۋرىدىكى ئىتالىيەدە مۇتلەق پادى-
شاھلىق تۈزۈمى بولمىغان؟ بىز رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ھالەك
بولۇش سەۋەبلىرى (تىل مەسىلىسى، زىيالىلار مەسىلىسى ۋەھا-
كازا)غە قايتىشىمىز زۆرۈر. يەنە ئوتتۇرا ئەسىر كومۇناسىنىڭ
ئىقتىدارى، كاتولىك دىنىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك.
ئەمەلىيەتتە، بىر پۈتۈن ئىتالىيە تارىخىنى بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپ
چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بىر مىللەت ياكى خەلقنىڭ كوللېكتىپ ئىرادىسىنى يارات-
ماقچى بولۇپ، ئاخىرى مەغلۇپ بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى مەلۇم
ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ مەۋجۇدىيىتىدىن ئىزدىشىمىز كېرەك،
بۇ گۇرۇھ كومۇنا بۇرژۇئازىيەسىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ
كېلىپ چىققان. بىز يوقىرىقىدەك سەۋەبلەرنى باشقا بىر گۇ-
رۇھلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگىدىن ئىزدىسەكمۇ بولىدۇ، بۇ گۇرۇھلار
ئىتالىيەتىنىڭ دىنى مەركەز بولۇشتەك ئورنى ۋە رىم ئىمپېرىيە-
سىنىڭ خەزىنىسى بولۇشتەك خەلقئارا رولىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ
بېرىدۇ. بۇ رول ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئورۇن دۆلەت ئى-

---

[1] «مىللەت»، «خەلق»، «ھۆكۈمران» ئىبارىلىرى 16 – ئەسىردىن 18 – ئە-
سىرگىچە بولغان بۇرژۇئا پولىتىكا ئىلىملىرىدە پەيدا بولغان. فرانسىيە ئىنقىلابى
دەۋرىگە كەلگەندە «مىللەت»، «خەلق» ئىبارىلىرى «ئىگىلىك ھوقۇقى» ئۇقۇملىرى
بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا روشەن ئوتتۇرىغا چىقتى — ت.

چىدىكى ۋەزىيەتنى گۇرۇھ ۋەزىيىتى دېسەكمۇ بولىدۇ[1]. سىيا-
سىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇنى فېئودال جەمئىيەتتىكى ئەڭ
ناچار، ئەڭ قاتمال شەكىل دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدا ھەقىقىي
ياكوبى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىل يوق. بىراق، مۇشۇنداق ياكو-
بىن كۈچى باشقا مىللەتلەردە كوللېكتىپ ئىرادىنى بارلىققا
كەلتۈرۈپ، زامانىۋى دۆلەتنىڭ ئۇلىنى بەرپا قىلغان. تېگى -
تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇنداق ئىرادىنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇ-
قەررەر شەرت بولامدۇ؟ يەنى بۇنداق شەرت ۋە ئۇ شەرتنىڭ قارشى
تەرىپى ئوتتۇرىسىدا قانداق نىسبەت بار؟ ئەنئەنىۋى قارشى كۈچ
يەر ئىگىلىرى ۋە يەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىدىن پەيدا بولاتتى.
بۇجەھەتتە، ئىتالىيەدە سەھرا بۇرژۇئازىيەسى سىنىپ سۈپىتىدە
يىمىرىلگەندىن كېيىن، زامانىمىزغا قالدۇرۇلغان قالدۇق پارا-
زىتلاردۇر. (شەھەر دۆلىتى، جىمىققان ئەللەر)[2]. ئاكتىپ شەرت-
لەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبلىرىنى شەھەر
ئىجتىمائىي گۇرۇھلىرىنىڭ مەۋجۇدىيىتىدىن ئىزدەش كېرەك،
بۇ گۇرۇھلار سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مۇۋاپىق تەرەققىياتى-
غا ئەگىشىپ، مۇئەييەن تارىخىي، سىياسىي، مەدەنىي سەۋىيەگە
ئېرىشكەن. زور تۈركۈمدىكى دېھقانلار ئاممىسى بىرلا ۋاقىتتا
سىياسىي تۇرمۇش ئىچىگە باشلاپ كىرىلمىگەندە، ھەرقانداق
مىللەت ۋە خەلقنىڭ كوللېكتىپ ئىرادىسى شەكىللىنەلمەي قا-
لىدۇ. مانا بۇ ماكياۋېللىنىڭ دۆلەت ئارمىيەسىنى ئىسلاھ قىلىش

---

① «ئىجتىمائىي گۇرۇھ» گېگىل تەرىپىدىن «كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى» دەپ ئا-
تالغان — ت.

② ئىتالىيە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە «شەھەر دۆلىتى» دېيىلگەن. بىر ئىتالىيە شا-
ئىرى «جىمىققان ئەل» دېگەن شېئىرنى يېزىپ، ئىتالىيە شەھەرلىرىنىڭ بىچارە ھا-
لىتىگە ئېچىنغان — ت.





ھەقىقىدىكى قارىشى بولۇپ، فىرانسىيە ئىنقىلابى جەريانىدا ياكوبىنچىلار تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈپ يېتەلەيمىزكى، ماكىياۋېللىنىڭ ۋۇجۇدىدا يېتىلگەن ياكوبىنچىلىق دەل ئۇنىڭ مىللىي ئىنقىلاب ئىدىيەسىنىڭ بىخى بولۇپ قالغان. 1815 - يىلىدىن بۇيانقى پۇتكۇل تارىخ كۆرسەتتىكى، ئەشۇ ئەنئەنىۋى سىنىپلار مۇشۇنداق كوللېكتىپ ئىرادىنىڭ شەكىللىنىشىنى كۈچىنىڭ بېرىچە توسقان. شۇ ئارقىلىق پاسسىپ بالانىش ھالەتتىكى خەلقئارا سىستېمىدا ئۆزىنىڭ «ئىقتىساد - ئىجتىمائىي گۇرۇھ» ھوقۇقىنى قوغداپ تۇرغان.

كىتابىمىز يەنە بىلىم ۋە ئەخلاق ئىسلاھاتى ھەققىدىكى مۇھىم سەھىپىلەرگە ئېتىبار بېرىش كېرەك، ئۇ دىن ۋە دۇنيا قاراش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشى كېرەك[1]. بۇ يەردە بىز ياكوبىنچىلىق كام بولغان ياكى ياكوبىنچىلىقتىن ئەنسىرەيدىغان بىر ئەنئەنىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بايقايمىز. (بۇنداق ئەنسىرەشنىڭ ئەڭ يېڭى پەلسەپىۋى ئىپادىسى ب. كىروچېنىڭ دىنغا تۇتقان مالىتوسچە مەيدانىدۇر)[2].

ھازىرقى زامان ھۆكۈمدارلىرى چوقۇم ھەم مۇقەررەر ھالدا بىلىم ۋە ئەخلاق ئىسلاھاتىنىڭ تەشەببۇسكارلىرى ۋە تەشكىللىگۈچىلىرى بولۇشى كېرەك. يەنى زامانىۋى ھۆكۈمدارلار مىللەت ۋە خەلقنىڭ كوللېكتىپ ئىرادىسىنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەرەق-

① «بىلىم ۋە ئەخلاق ئىسلاھاتى» دېگەن ئىبارىنى فىرانسۇز پەيلاسوپى رېنان (Eruest Renan 1823 — 1892) ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، چوڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھات مەنىسىگە ئىگە.

② «مالىتوسچە مەيدان» — خەلققە ۋەھىمە سېلىش ياكى خەلقنى كەمسىتىشنى كۆرسىتىدۇ — ت.



قىياتى، تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ مۇكەممەل زامانىۋى مەدەنىيە-تىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاساس سېلىشى كېرەك.

بىر تەرەپتىن، مىللەت ـ خەلقنىڭ كوللېكتىپ ئىرادىسىنى شەكىللەندۈرۈشتە ھازىرقى ھۆكۈمدارلارنىڭ تەشكىللىگۈچى بو-لۇش كېرەكلىكى ھەم بۇ ئىرادىنىڭ ئاكتىپ ئىپادىلىنىش شەك-لى بولۇش كېرەكلىكى، كىتابىمىزدا سۆزلىنىدۇ. يەنە بىر تە-رەپتىن بىلىم ۋە ئەخلاق ئىسلاھاتى سۆزلىنىدۇ. كىتابىمىزنىڭ نېگىزىنى تەشكىل قىلغۇچى كونكرېت قاراشلارنى بىرىنچى قىسىمغا ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز لازىم. ئۇلار مۇھاكىمە داۋامىدا دىراماتىك رەۋىشتە ئوتتۇرىغا چىقىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ سو-غۇق، ئۆلىمالارچە بايان بىلەن دېيىلمەسلىكى كېرەك.

مەدەنىيەت ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، تۆۋەن تەبىقىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن باشقا يول يوقمۇ؟ بىلىم ۋە ئەخلاق ئىسلاھاتى چوقۇم ئىقتىسادىي ئىسلاھات پىروگراممىلىرى بىلەن بىرلىشىش كېرەك. ھەتتا، ئىقتىسادىي ئىسلاھات پىروگراممىسىنى بارلىق بىلىم ۋە ئەخلاق ئىسلاھاتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنىڭ كونكرېت شەكلى دېيىشكە بولىدۇ. ھازىرقى ھۆكۈمدارلار ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە بىلىم ۋە ئەخلاقىي مۇناسىۋەت سىستېمىلىرىنى ئۆزگەرتمەكتە. چۈنكى، ھۆكۈمدارلارنىڭ تەرەققىياتى دېگەنلىك ھەرقانداق ھەرىكەت ياخشى ياكى يامان، پايدىلىق ياكى زىيانلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھۆكۈمدارنىڭ ئۆزىنى ئۆلچەم قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر، يەنى پائالىيەتلەر



# ھۆكۈمدارلار دەستۇرى

ھۆكۈمدارنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىقمۇ - ئەمەسمۇ دېگەنلەر بويىچە باھالىنىدۇ. ھۆكۈمدار كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئىلاھ ياكى مۇتلەق بۇيرۇقنىڭ ئورنىنى ئالدى. ئۇ ھازىرقى دىندىن خالى ھوقۇقنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلدى، شۇنداقلا پۈتكۈل تۇرمۇش ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرنى تامامەن دىندىن ياتلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزدى.







## ماكياۋېللى ۋە ماركس

ئەمەلىيەت پەلسەپىسىنىڭ سىياسىي ۋە تارىخ ئىلىملىرىگە ئېلىپ كەلگەن تۆپ يېڭىلىقلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇقىم، ئۆزگەرمەس، ئابستراكت كىشىلىك مەۋجۇد ئەمەس. (بۇ دىن ۋە ھالقىما تەجرىبىچىلىكتىن كېلىپ چىققان). كىشىلىك تارىخ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئۇمۇ بىر تارىخىي ئەمەلىيەت، ئۇنى فىلولوگىيە ۋە تەنقىد مىتودلىرى ئارقىلىق مۇئەييەن دائىرىدە دەلىللىگىلى بولىدۇ. شۇڭا، سىياسەت ئىلمىنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ۋە لوگىكىلىق قۇرۇلمىسىدىن گەپ ئېچىلغاندا، سىياسەت ئىلمى تەرەققىيات جەريانىدىكى تىرىك ئورگانىزىم دەپ قارىلىشى لازىم. ئەمما، بىز ماكياۋېللىنىڭ سىياسىي ئىلىم مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقىتتىكى ئۇسۇلىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك (يەنى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە مۇنداق بىر تېما يوشۇرۇنغان: سىياسەت ئىلمى مۇستەقىل بىر پائالىيەت بولۇپ، ئەخلاق دىنغا ئوخشىمايدىغان پىرىنسىپلىرى ۋە قائىدىلىرى بار، بۇ ھۆكۈم چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلىدىكى، ئۇ يېڭى ئەخلاقى نۇقتىئىنەزەر، يېڭى دىنى نۇقتىئىنەزەر، يېڭى دۇنيا قاراش ئېلىپ كەلدى.) ماكياۋېللىنىڭ قارىشى ھەتتا، ھازىرمۇ رەت قىلىنىشقا





ئۇچراپ، ئەقىللىي بىر ساۋاتقا ئايلانغىنى يوق. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇ ماكياۋېللىنىڭ ئىدىيەسىدە بىخلانغان روھ ۋە ئەخلاق ئىنقىلابى تېخىچە مەيدانغا چىقمىدى دېگەنلىكمۇ؟ بۇ ماكياۋېللى ئىدىيەسىنى ئاشكارە ۋە روشەن مىللى كۇلتۇر (مەدەنىيەت) شەكلىگە ئايلانمىدى دېگەنلىكمۇ؟ ياكى ئۇ پەقەت ئەينى زاماندىكى سىياسىي ئەھمىيەتكىلا ئىگىمۇ؟ ئۇنىڭ ئىدىيەسى ھاكىملار بىلەن مەھكۇملار ئوتتۇرىسىدا بېسىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ بار. ئۇلار ئىككى خىل كۇلتۇرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ھاكىم تەبىقىلەرمۇ خۇددى دىنىي جەمئىيەتكە ئوخشاشلا ئاددىي ئاۋامغا نىسبەتەن مۇئەييەن پوزىتسىيەگە ئىگە. ئۇلار ھەم ئاۋامدىن ئايرىلالمايدۇ ھەم ماكياۋېللى ئىدىيەسىنى بۆبۆ كۆرسىتىدۇ دېگەنلىكمۇ؟

بىز ماكياۋېللىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى قىممىتى ۋە ئۇنىڭ «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ مۇددىئاسى ئۈستىدە توختىلىمىز. ماكياۋېللىنىڭ ئىدىيەسى ئۆز دەۋرىدىكى نوقۇل كىتابى ئىدىيە ئەمەس، ھەرگىزمۇ ئەمەلىيەتتىن چەتنەپ كەتكەن مۇتەپەككۇرنىڭ مونوپول ئويۇنىمۇ ئەمەس، سىياسىيغا ئەمدى ئاياغ باسقانلارنىڭ دەستۇرىمۇ ئەمەس ئىدى، سىياسىيغا ئەمدىلا ئاياغ باسقانلارنىڭ دەستۇرىمۇ ئەمەس ئىدى. ماكياۋېللىنىڭ ئۇسلۇبى ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئانتىروپولوگىزىم دەۋرىدە ئەۋج ئالغان سىستېمىلىق ماقالە ئۇسلۇبىغا زادىلا ئوخشاشمايدۇ. ئەكسىچە، ماكياۋېللىنىڭ ئۇسلۇبى بىر پائالىيەتچىنىڭ ئۇسلۇبى، پائالىيەتكە ئۈندىگۈچىنىڭ ئۇسلۇبى، سىياسىي پارتىيەنىڭ مۇراجەت ئۇسلۇبى. فوسكولو[1] نىڭ ماكياۋېللىنىڭ ئىدىيەسىنى «ئەخلاق

---

① فوسكولو (福斯科罗 ،Ugo Foscolo 1778 — 1827) ئىتالىيە شائىرى بولۇپ، «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»نى مۇستەبىتلىكنى پاش قىلغان دېگەن.

ھەققىدىكى ۋائىزلىقتۇر» دېگىنىمۇ خاتا. ماكياۋېللى ھەقىقەتەن-
مۇ مەلۇم بىر نەرسىنى ئېچىپ بەردىكى، پاكىتنى نەزەرىيەگە
ئايلاندۇرۇپ قويۇش بىلەن چەكلەنمىدى. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ مەق-
سىتى نېمە؟ ئۇنىڭ مەقسىتى ئەخلاقمۇ ياكى سىياسىيمۇ؟ كى-
شىلەر ھەمىشە ماكياۋېللىنىڭ سىياسىي ھەرىكەت ئۆلچىمى
قوللىنىلغان بولسىمۇ ئېتىراپ قىلىنمىدى دەپ قارىشىدۇ. چوڭ
سىياسىيونلار ئىشنى ماكياۋېللىنى ئەيىبلەشتىن باشلايدۇ، ئۇلار
مەن ماكياۋېللىغا قارشى دېيىشىدۇ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئەمەل-
يەتتە ماكياۋېللىنىڭ ئۆلچىمىنى سادىقلىق بىلەن ئەمەلىيلەش-
تۈرۈش بولۇپ چىقتى. ئەجەبا، ماكياۋېللىنىڭ ئۆزى پەلسەپەتىش
ماكياۋېللىزىمچى ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ سىرىنى ھاماقەتلەرچە
پاش قىلىپ قويىدىغان «دانىشمەن»مۇ؟ قوپال ماكياۋېلىچىلار
باشقىلارغا ئەكسىچە پائالىيەت قىلىشنى دەۋەت قىلامدۇ؟ كىروچى[①]
ماكياۋېللىنىڭ پەلسەپىسى بىر خىل پەن بولۇپ، ئەكسىيەتچى-
لەرگىمۇ خىزمەت قىلىدۇ، دېموكراتچىلارغىمۇ خىزمەت قىلىدۇ،
دەپ ئۇزۇپ ئېيتىدۇ. بۇ ماھىر نەيزىۋازلىق ياخشى ئادەملەرگى-
مۇ، يامان ئادەملەرگىمۇ، ئۆزىنى قوغداشقىمۇ، باشقىلارنى ئۆل-
تۈرۈشكىمۇ ئوخشاش خىزمەت قىلغاندەك بىر ئىش. بىر فوس-
كولونىڭ قارىشىنى دەل مۇشۇ نۇقتىدىن قوبۇل قىلىشىمىز
كېرەك. ئابستراكت چۈشەنگەندە، شۇنداق بولىدۇ. ماكياۋېللى
دەيدۇكى، مېنىڭ يازغانلىرىم تارىختىكى بۈيۈك شەخسلەر ئەمەل
قىلغان ۋە قىلىۋاتقان نەرسىلەر. قارىغاندا، ئۇنىڭ كىتابى ھەم-
مىنى بىلگەنلەر ئۇچۇن يېزىلغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ئۇدۇل

① كىروچى (克罗齐، Benedetto Croce 1866 — 1952) ئىتالىيەلىك پەيلاسوف، تارىخشۇناس، ئەدەبىي تەنقىدچى.

پەننى پائالىيەت پوزىتسىيەسى ئەمەس، ئۇنى سىياسىي پەنلەرنى پەلسەپىۋى مۇتالىئە شەكلىدە شەرھىيلىدى دېگىلى بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى ئەينى دەۋر سىياسەت ئىلمى ساھەسىدىكى مۆجىزە دېيىشكە بولاتتى، ئۇ ھازىرمۇ ھەر خىل خىرىس ۋە ئەيىبلەشلەرگە ئۇچرىماقتا.

كىشىلەر ماكىياۋىللىي بۇ ئەسەرنى يازغاندا ئەشۇ «چۇشەنمىگۈچىلەر»نى ئويلىشىپ، ئۇلارنى تەربىيەلەشنى مەقسەت قىلغان دەپ قىياس قىلىشىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ زورلاۋانلىقتىن نەپرەتلىنىدىغان (فوسكولو ئېيتقاندەك ) كىشى ئېلىپ بارغان پاسسىپ سىياسىي تەلىمات ئەمەس، بەلكى، ۋاستىلارنىڭ زۆرۈر بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان كىشىلەرگە ئېلىپ بېرىلغان جانلىق تەربىيەدىن ئىبارەت. ئەنئەنىۋى سىياسىي قاتلامدا تۇغۇلغان ھەرقانداق ئادەم تەبىئىي ھالدا پولىتىكال (سىياسىي) رېئالىزىمنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىدىغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىن مۇرەككەپ تەربىيە ئورۇقلىرىنى ئالدى، بۇ ئائىلىدە بىر بولسا خان ـ پادىشاھلارنىڭ مەنپەئەتى ئەلا بولىدۇ، بىر بولسا مىراسخورنىڭ مەنپەئەتى ئەلا بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، بۇ يەردىكى «چۈشەنمىگۈچىلەر» زادى كىم؟ ئۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى ئىنقىلابى سىنىپ، ئىتالىيە «خەلقى» ياكى «مىللىتى»دىن كېلىپ چىققان ج . ساۋورانولا[①] ۋە پ . سودېرىنى[②] قاتارلىقلاردۇركى، شەھەر

---

① ساۋورانولا (萨服那洛拉 Girolamo Savonarola 1452 — 1498) دومىنو جەمئىيىتىنىڭ راھىبى، فىلورۇسىيە دىنى سىياسەت ئىسلاھاتچىسى.

② پ. سودېرىنى (P 索得里尼 P.Soderini 1452 — 1522) فىلورنىسىيەلىك سىياسىئون. 1502 — 1512 ـ يىللاردا شەھەر باشلىقى بولغان. ئۇ قانۇن ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ماكىياۋىللىنىڭ خەلق ئەسكىرى قۇرۇش نۇقتىئىنەزەرىنى قوللىغان.

دېموكراتلارغا مەنسۇپ كاستىرۇجو[1] ۋە ۋالنتىنولار[2] ئەمەس. ناھايىتى ئېنىقكى، ماكياۋىللى قايىل قىلماقچى بولغان بۇ كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى چۈشىنىش بىلەن بىرگە بۇ ئېھتىياجنى قانداق ھەل قىلىشنى بىلىدىغان داھىينى ئاكتىپ قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ داھىينى پائالىيىتى قارىماققا ئەينى دەۋردە مودا بولغان ئىدېئولوگىيە (بەلكىم، دىنغا) مۇخالىپ بولغاندىمۇ شۇنداق بولۇش كېرەك ئىدى.

بۇگۈن ماكياۋىللىنىڭ بۇنداق سىياسىي مەيدانى بىلەن ئەمەلىيەت پەلسەپىسى مەيدانى بىردەك بولىدى. «ماكياۋىللىغا قارشى تۇرۇش» يەنە بىر قېتىم زۆرۈر بولىدى. سىياسىي نەزەرىيە ۋە سىياسىي ماھارەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يەنە بىر قېتىم مۇھىم بولىدى، چۈنكى، بۇ نەزەرىيە ۋە ماھارەت كۈرەشنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىگە پايدىلىق. (كىشىلەر بۇلارنى «چۈشەنمىگۈچىلەر»گە پايدىلىق دەپ ئىشىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئارىسىدا تارىخنىڭ ئاۋانگارت كۈچى مەۋجۇت.) ئەمەلىيەتتە، بىز ئەنئەنىۋى ئىدىيە سىستېمىسىغا قۇرۇلغان بىردەكلىكنى بۇزۇپ تاشلىغانلىقىمىز ئۈچۈن مۇئەييەن بىۋاستە نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولدۇق، ئاندىن يېڭى گۈللىنىۋاتقان كۈچ مۇستەقىل خاراكتېرغا ئىگە بولدى. ئەمەلىيەت پەلسەپىسى پولىتىكىغا ئوخشاشلا، ماكياۋىللى كونسىرۋاتىپ ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ ئەنئەنىۋى سىياسىي ماھارىتىنى يۈكسەلدۈردى. بۇ ئۇنىڭ

---

① كاستىرۇجو (Castruccio Castraccani ،1281 — 1328 乔鲁特斯卡) ئىتالىيە ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى.

② ۋالىنتىنو — چىسارى بورجانى كۆرسىتىدۇ، لۇئى Ⅻ ئۇنىڭغا ۋالىنتىنو-گىراف دەپ ئۇنۋان بەرگەن.

ماھىيەت جەھەتتىكى ئىنقىلابىيلىقنى يوشۇرالمايدۇ، چۈنكى بۇنى بۈگۈنمۇ ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بۇ خىرىستوس جەمئىيىتىنىڭ ئانتى ماكياۋېللىزمىدىن پ . ۋىللارى[1]نىڭ ئانتى ماكياۋېلىزمىغىچە بولغان ماكياۋېللىغا قارشى ئېقىمدىكىلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.



① پ. ۋىللارى (P. 威拉里 P. Villari 1826 — 1917) ئىتالىيەلىك سىياسىئون ۋە تارىخچى بولۇپ، ماكياۋېللى توغرىسىدا ئەسەرلىرى بار.





## سىياسىينىڭ ئامىللىرى

كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئەڭ بىرىنچى ئامىل ئاسانلا نەزەردىن ساقىت بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ تەكرارلانسا سىياسىي ۋە باشقا ھەرقانداق كوللېكتىپ ھەرىكەتنىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ قالىدۇ.

بىرىنچى ئامىل دەل ھاكىم بىلەن مەھكۇم، رەھبەر بىلەن ئەگەشكۈچىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى تونۇش. سىياسىيغا ياتىدىغان بارلىق ئىلىم ۋە ھۈنەر مۇشۇ كونا ۋە مۇقەررەر بولغان ئەمەلىيەت ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. بۇ خىل ئەمەلىيەتنىڭ مەنبەسى ئايرىم تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتۇر، بىراق، ئەمەلىيەت شۇكى: ھاكىم بىلەن مەھكۇم، رەھبەر بىلەن ئەگەشكۈچى ھامان مەۋجۇد. شۇنداق ئىكەن. كىشىلەرنى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلىشنىڭ ئامالللىرى ئۈستىدە ئويلىنىش كېرەك. يەنە بىر جەھەتتىن، قانداق قىلغاندا قارشىلىقنى ئەڭ تۆۋەن چەككىچە ئازايتىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك، يەنى مەھكۇملار بىلەن ئەگەشكۈچىلەرنىڭ بۇيرۇققا بويسۇنۇشقا ھۆددە قىلىشتىكى ئەڭ ئاقىلانە چارىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. رەھبەرگە ئايلىنىشنىڭ مەقسىتى ھاكىم بىلەن مەھكۇمنىڭ مەۋجۇدلىقىنى كۆزلەشمۇ ياكى بۇنداق ئايرىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى يوق قىلىشمۇ؟

مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىرىنچى شەرت ئىنسانلارنىڭ پارچىلىنىپ
تۇرۇشىمۇ ياكى بۇنداق پارچىلىنىشنىڭ مۇئەييەن تارىخىي ئەمە-
لىيەت ئىكەنلىكىنى تونۇشىمۇ؟ بىلىش كېرەككى، ھاكىم بىلەن
مەھكۇم دەپ ئايرىلىش ئەمەلىيەتتە گۇرۇھنىڭ ئىچىدىكى ئىش،
ئوخشاش ماھىيەتتىكى ئىجتىمائىي گۇرۇھ بولغان ھالەتتىمۇ
شۇنداق. بۇنداق ئايرىلىش مەلۇم مەنىدە ئەمگەك تەقسىماتىدىن
كېلىپ چىققان. ئەمگەك تەقسىماتى بىر تېخنىكا ئەمەلىيىتى بو-
لۇپ، «تېخنىكا» ۋە «تېخنىكا زۆرۈرىيىتى» نۇقتىسىدىن تۇرۇپ
ئىشلارنى كۆزىتىدىغان ئادەم بۇ مەسىلىدىن ساقىت بولۇش ئۇ-
چۇن ھەر خىل سەۋەبلەرنىڭ تەڭ مەۋجۇدلىقى ئۇستىدە باش قا-
تۇرىدۇ.

ئوخشاش گۇرۇھلار ئىچىدە ھاكىم ۋە مەھكۇملار بولغىنى
ئۇچۇن مۇئەييەن پىرىنسىپ تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي بوي
سۇنۇشقا توغرا كېلىدۇ. چۇنكى، بەزى ئېغىر خاتالىقلار دەل
مۇشۇ يەردە يۈز بېرىپ، تۈزىتىش قىيىن نۇقسانلارنى ئاشكارە
قىلىش مۇمكىن. كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك شۇنداق قارايدۇكى،
«بوي سۇنۇش» بىر گۇرۇھنىڭ ئىشىغا ئايلىنىپ قالغان بولسا،
ئۇ ئۆزلىكىدىن شۇنداق بولغان، ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە ھەقلىق-
لىقىنى ئىسپاتلاشنىڭ ھاجىتى يوق، گۇمان قىلىشمۇ كەتمەيدۇ.
شۇڭا، رەھبەرلەردىكى مۇستەبىتلىكنى ۋە بيۇروكراتىك ئىس-
تىلنى داۋالاش ناھايىتى قىيىن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، رەھبەر
مەلۇم بىر ئىش يوللۇق دەپ قارىسا شۇنداق قىلىش كېرەك. ئە-
گەر ئۇنداق قىلمىسا ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش
كېرەك. بىھۇدە قۇربان بېرىشتىن ساقلىنىشقا ئەھمىيەت بەر-
مەيدىغان خىزمەت ئىستىلىنى يوقۇتۇشمۇ تەس. شۇنىسى ئېنىق-
كى، نۇرغۇن كوللېكتىپ ئاپەت ئورۇنسىز قۇربانلىقتىن ساقلى-




نىشقا تىرىشمىغانلىقتىن ۋە باشقىلارنىڭ ھاياتىنى دو تىكىشتىن يانمىغانلىقتىن پەيدا بولىدۇ.

كىشىلەر ئالدىنقى سەپتىن كەلگەن ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ئاغزىدىن جەڭچىلەرنىڭ ھاياتىنى تەۋەككۈل قىلىشقا ھەرۋاقىت تەييار تۇرۇشىدىغانلىقى ھەققىدە ئاڭلىشىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، جەڭچىلەرنىڭ مەۋجۇدلىقىغا سەل قارالسا، ئۇلارنىڭ قارشىلىقى پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، بىر لىيەن ئەسكەر ئوزۇق ـ تۆلۈكسىز ئەھۋالدا ئۇدا نەچچە كۈن ۋەزىپە ئىجرا قىلالايدۇ، چۈنكى، ئۇلار ئوزۇق ـ تۆلۈكنىڭ ۋاقتىدا يەتكۈزۈلۈشىنىڭ قىيىنلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن. ناۋادا، بىخەستەلىك ياكى بىيۇروكراتلىق تۈپەيلى بىر ۋاخ تاماق كەم بولىدىكەن، ئەسكەرلەر قارشىلىق قىلىدۇ.

بۇ پرىنسىپ قۇربان بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان بارلىق ھەرىكەتكە ماس كېلىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ئاپەتتىن كېيىن، رەھبەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىي سۈرۈشتۈرۈش كېرەك بولىدۇ. (مەسىلەن، ئۇرۇشنىڭ سېپى ھەرقايسى قىسىملاردىن تۈزۈلگەن. ھەربىر قىسىم ئۆزىنىڭ رەھبىرىگە ئىگە. بىر رەھبەر مەلۇم بىر مەغلۇبىيەتكە بەكرەك مەسئۇل بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ بىر دەرىجە مەسىلىسى بولۇپ، ھېچكىم ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن تامامەن ساقىت دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ.)

بويسۇنۇش ۋە بويسۇندۇرۇلۇش پرىنسىپى بولغان ئىكەن، سىياسىي پارتىيەلەر رەھبەر ۋە رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان ئۈنۈملۈك ۋاسىتىغا ئايلاندى. (سىياسىي پارتىيەلەر كۆپىيىپ، بەزىلىرى ئۆزىنى «قارشى پارتىيە» ياكى «ئىنكارى پارتىيە» دەپ ئاتىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنى «مەندۇرمەن» دەپ ئاتىۋالغان. پارتىيە ئۇنسۇرلىرى پەقەت ئىلاھنىڭ شاپائىتى




ياكى مۇخلىسلىرىنىڭ نادانلىقى تۈپەيلى «داھىي»غا ئايلىنىدۇ.) [1]

بۇ ئومۇمىي ئۇقۇمنىڭ تەرەققىيات جەريانى «دۆلەت روھى»[2] دېگەن ئىبارىدە ئەكس ئېتىدۇ. بۇ سۆزدە ئىنتايىن روشەن تارىخى مەنا بار. لېكىن، بۇ يەردە مۇنداق بىر مەسىلە باركى: ھەربىر چوڭ ھەركەت ياكى تاسادىپىي بولمىغان شەخسىيەتچىل ھەرىكەتتە «دۆلەت روھى» (مىللەت روھى)غا يېقىن تۇرىدىغان ئامىل مەۋجۇد بولامدۇ؟ ئەگەر بىز «دۆلەت روھى» دېگەن نەرسىدە ئۆتمۈش ۋە كېلەچەككە قارىتا بىر «ئىزچىللىق» بولىدۇ دەپ قارىساق، يەنى ھەربىر ھەرىكەتنى مۇرەككەپ جەرياننىڭ بىر ھالقىسى دېسەك، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ باشلىنىشى ۋە داۋامى بولىدۇ. بۇ جەريان ۋە بۇ جەرياندىكى ھەرىكەتكە، كۈچلەرنىڭ ئۆزئارا تايىنىشچانلىقىغا مەسئۇل بولىدىغان ئامىل دەل «دۆلەت روھى» دۇر. (بىز بۇنداق كۈچلەرنىڭ ماددىيلىقىنى كۆرەلمەيمىز، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاكتىپ رول ئويناۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. شۇڭا، بۇ كۈچلەرنى ماددىي كۈچ سۈپىتىدە چۈشەنسەك بولىدۇ.) روشەنكى، بىزنىڭ «ئىزچىللىق»قا بولغان تونۇشىمىز ئابستراكت ئەمەس، كونكرېت بولۇشى لازىم، يەنى مۇئەييەن دائىرىدىكى

---

① فاشىزىمچىلار ئۆزلىرىنىڭ پارتىيەسىنى «ئىنكارى پارتىيە» دېيىشىدۇ. مۇسسولىنى ئۆزىنى «شەخسىيەتچى» دەپ سۈپەتلەشنى ياخشى كۆرگەن.

② گېگېل قوللانغان ئىبارە. ئۇ «تارىخ پەلسەپىسى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بىر مىللەتنىڭ روھى ئېنىق ۋە ئۆزگىچە روھ بولۇپ، تارىخىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇنداق روھ باشقا مىللەتلەرنىڭ ئاڭ - سېزىمىنىڭ ماھىيىتى ۋە شەكلىنى تەشكىل قىلىدۇ. كىشىلەر بۇنىڭغا ئاللىبۇرۇن دىققەت قىلدى... ئۇلارنىڭ ئۆز ماھىيەتلىرى، مەناسى ۋە مەقسەتلىرى بويىچە، بۇ ئاڭ شەكلى دۆلەت روھى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھەربىر سىياسىي گەۋدە مۇشۇنداق ئالاھىدە ئېتقاددىن ئايرىلالمايدۇ. قانداق دۆلەت بولسا، شۇنداق پەلسەپە ياكى سەنئەت ئىستىلى بار بولىدۇ».

چەكتىن ھالقىپ كەتمەسلىكى كېرەك. بىز ئالدىنقى ئەۋلاد ۋە كېيىنكى ئەۋلادنى ئەڭ تۆۋەن چەك قىلىپ بېكىتەيلى. بىز بۇنى ئاددىي ھالدىكى قەرنە بىلەن چۈشەنسەك بولمايدۇ. ئىككى ئەۋلادنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئورگانىك قاراش كېرەك، ئۆتمۈشكە ئالاقىدار ئىشلارنى چۈشۈنۈش ئاسانكى، بىز ئۆزىمىزنى كونىلار بىلىدىغاندەك ھېس قىلىمىز. ئۇلار ئارىمىزدا مەۋجۇت بولغان ئۆتمۈشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. چۈشىنىشىمىز كېرەك بولغان ئۆتمۈش دەل ھازىرنىڭ بىر ئامىلى ھەم كەلگۈسىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بىز يەنە ئەۋلادلىرىمىز بىلەن بىرگەۋدە، شۇنداقلا تۇغۇلغۇسى ۋە يېتىلگۈسى ئەۋلاد بىلەن بىر گەۋدە. ئەگەر بۇ خىل مەنىدىكى «دۆلەت روھى»نى ھەربىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىن تاپالايمىز دېسەك، ئۇنىڭ بۇرمىلىنىپ چۈشىنىلىشىدىن خالىي بولۇشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر.

قانداقلا بولمىسۇن، ھەرىكەت ئۇچۇن ھەرىكەت ياكى كۈرەش ئۇچۇن كۈرەش ھەمدە پەسكەش، چاكىنا شەخسىيەتچىلىك پەقەتلا بىردەملىك ئارزۇ ــ ھەۋەسنىڭ قاندۇرۇلۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شەخسىيەتچىلىك ياۋايى غەيرىي سىياسىي شەكىلدۇر، گۇرۇھۋازلىق بولسا غەيرىي سىياسىي خاھىشتۇر، ئىنچىكە تەكشۈرسەك، ئۇنىڭ پەقەت شەخسكە ئەگىشىش شەكلى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز، ئۇنىڭدا «دۆلەت روھى»نىڭ ئاساسلىق ئامىلى بولغان سىياسىي پارتىيە روھىي كەمچىل بولىدۇ. سىياسىي پارتىيە روھى بولسا «دۆلەت روھىي»نىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى. بۇ ئىنتايىن مۇھىم تەشەببۇسنىڭ بىرى. مۇنداقچە قارىغاندا، شەخسىيەتچىلىك (ھاكىممۇتلەقلىق) بىر خىل ياۋايى ئامىل بولۇپ، ئۇ خۇددى ھايۋانات باغچىسىدەك ھايۋانلارنىڭ قىلىقىدەك، يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن كولدۇرلاشتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ.







## سياسي پارتىيە توغرىسىدا

باشتا دېگىنىمىزدەك، يېڭى ھۆكۈمدارلىقنىڭ ئاساسلىق رولچىسى ئەمدىلىكتە قانداقتۇر بىر شەخس قەھرىمان بولماستىن ، بەلكى، سىياسىي پارتىيەدىن ئىبارەت بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ باش قەھرىمانى ئوخشاشمىغان دەۋردىكى ئوخشاشمىغان مىللەتنىڭ ئوخشاشمىغان ئىچكى مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن يېڭىچە دۆلەت قۇرۇشنى ئېنىق مەقسەت قىلغان سىياسىي پارتىيەدۇر. (بەلكى، بۇ سىياسىي پارتىيەمۇ مۇشۇ نىشان ئۈچۈن تارىخنىڭ قانۇنىيىتىگە مۇناسىپ ھالدا قۇرۇلغان بولىدۇ.)

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى، ئۆزىنى ھاكىممۇتلەق دەۋالغان ھاكىمىيەتتە، پادىشاھلىق ھوقۇق ئورگىنىنىڭ ئەنئەنىۋى فۇنكسىيەسى ئەمەلىيەتتە مەلۇم گۇرۇھ تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان بولىدۇ، دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ ھاكىممۇتلەق (ھەممە ھوقۇقنى چاڭگاللىۋېلىش.) دېيىلگەن. گەرچە ھەربىر سىياسىي پارتىيە مەلۇم بىر ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ پەقەتلا مۇشۇ ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ نامايەندىسى بولسىمۇ، ئالاھىدە ئەھۋالدا بىرنەچچە سىياسىي پارتىيەلەرمۇ يەنىلا ئوخشاش بىر گۇرۇھنىڭ ۋەكىل بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆز گۇرۇھلىرىنىڭ مەنپەئەد-



تى بىلەن باشقا گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇق شەكىللەندۈرۈش ۋە رېپىرىلىق قىلىش رولىنى ئۆتەيدۇ، شۇنىڭدەك باشقا ھەمكارلاشقۇچى گۇرۇھلارنىڭ قوشۇلۇشى ۋە ھىمايىسىدە ئۆز گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. پادىشاھلىق ياكى رەئىس جۇمھۇرلۇق ئورنىنى بېكىتىش (بىرلىككە كەلتۈرۈش، لېكىن قول تىقماسلىق)نىڭ قانۇن پىروگراممىسى بۇ خىل رېپىرىلىقنىڭ قانۇن نامايەندىسى بولۇپ، قانۇن تۈزگۈچى پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ پادىشاھلىق ياكى رەئىس جۇمھۇرلۇقىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئاشكارلاشنى خالىماسلىقتەك پىسخىك ھالىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكىتىگە مەسئۇل بولىدىغىنى دۆلەتنىڭ باشلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى دېگەن مەزمۇندىكى قانۇن - بەلگىلىمىلەر پەقەتلا بىر سەپسەتىدۇر. ئۇن - تىنسىز ئۇ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئۆزلىرىگە قاراتقان ھەرىكىتىنى، قوبۇل قىلىشى قاتارلىق توپ پىرىنسىپىنى ھىمايە قىلىش ئىرادىسى، مەۋجۇد ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ قانداق بولۇشى، ئۇلارنىڭ قايسى پارتىيە - گۇرۇھلاردىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھامان شۇنداق بولىدۇ دېگەندەك ئۇقۇملار بىلەن پەردىلەنگەن.

ھاكىممۇتلەق پارتىيە بولغان ئىكەن، يۇقىرىقى قانۇنىي ماددىلار ئەسلىدىكى مەنىسىنى يوقىتىدۇ ھەمدە بۇ قانۇنىي ماددىلارغا تايىنىپ رول ئوينايدىغان ئورگانلارمۇ ئۇنچە مۇھىم بولماي قالىدۇ. لېكىن ھاكىممۇتلەق پارتىيە «دۆلەت»كە ئالاقىدار مەۋھۇم ئۇقۇملارنى كۆككە كۆتۈرۈپ، دۆلەتنى بارلىق ئامىللار بىلەن «ئادالەتلىك كۈچ» قىلىپ كۆرسىتىپ، دۆلەتنى ناھايىتى ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىۋاتىدۇ دېگەن تەسىراتقا كەلتۈرۈشكە تى-

رىشىدۇ.

پارتىيە ھەققىدە توختالغاندا، ئۇنىڭ مۇنتىزىم مەنادىكى سىياسىي ھەرىكىتى توغرىسىدا توختالماي ئۆتكىلى بولامدۇ؟ دىققەتكە ئەرزىيدىغىنى، ھازىرقى نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئاساسلىق پارتىيەلەر كۆرەشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى نۇرغۇن مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن، ھەربىر مەزھەپ ئۆزىنى مۇستەقىل پارتىيە دەۋالغان. شۇڭا، پارتىيە ئىدىيەسىنىڭ قوماندانلىق ئورگىنى قانداقتۇر بىرەر مەزھەپكە تەۋ بولماستىن، بەلكى، ھەرقايسى مەزھەپلەردىن ھالقىغان مۇستەقىل قوماندانلىق كۈچى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئاددىي كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشىدە، نەشىر ئەبكارلىرى ۋە ئوبزورلار مەلۇم پارتىيە ۋە گۇرۇھقا ۋەكىللىك قىلىدۇ، بۇ نۇقتىنى چىقىش قىلغاندا، پارتىيەنىڭ فۇنكسىيەسىنى تېخىمۇ ئېنىق تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بىز ئەنگلىيەدىكى «تايمس گېزىتى»نى، «كەچلىك پوچتا گېزىتى»نىڭ ئىتالىيەدىكى رولىنى، ئاتالمىش «سىياسىيدىن خالىي» ئۇچۇر گېزىتلىرىنى، ھەتتا، تەنتەربىيە ۋە پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقايلى. بۇ ھادىسە پەقەت بىرلا پارتىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان بەزى دۆلەتلەردىكى كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان ئەھۋاللاردىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى بۇنداق پارتىيە سىياسىي فۇنكسىيەگە بىۋاسىتە ئىگە ئەمەس، پەقەت سىياسىي تەشۋىقات، ئاممىۋى تەرتىپ، مەنىۋى ۋە كۇلتۇرەل تەسىر قاتارلىق ھۈنەرلەرگە تايىنىدۇ. سىياسىي فۇنكسىيە دېگەن ۋاسىتىلىق بولىدۇ، چۈنكى، باشقا قانۇنلۇق پارتىيە مەۋجۇد بولمىغاندىمۇ، باشقا پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە قانۇن ۋاسىتىسى ئارقىلىق مەجبۇرلىغىلى بولمايدىغان ئىدىيىۋى خاھىشلار مەۋجۇد بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قارشى



مۇنازىرىلەر تىنچىمايدۇ، ھەر خىل كۆرەشلەرمۇ قانات يېيىپ تۇرىدۇ. ئومۇمەن بۇ پارتىيە ـ گۇرۇھلاردا كۇلتۇرەل فۇنكسىيە ئاساسلىق ئورۇن تۇتىدۇ، نەتىجىدە سىياسىي ئىبارىلەر كۆندۇ-لۈك گەپ ـ سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ. دېمەك، سىياسىي مەسىلە بىلەن مەدەنىيەت مەسىلىسى ئايرىش قىيىن دەرىجىدە ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

يەنە ماھىيەتتە «ۋاستىلىق» خاراكتېرگە ئىگە ئەنئەنىۋى پارتىيەمۇ بار، ئۇ ساپ، «مائارىپ»، ئەخلاق، كۇلتۇر خاراكتېرى-نى نامايان قىلىدۇ، ئۇ دەل ئانارخىزىم (ھۆكۈمەتسىزلىك). ئۇ-نىڭغا نىسبەتەن بىۋاستە ھەرىكەت (تېرورىزىم)مۇ تەشۋىقات مى-سالى ئايلىنىپ قالغان. بۇ ئانارخىزىمنىڭ مۇستەقىل ھالدا ئەمەس، بەلكى باشقا پارتىيەلەرنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، «تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان»لىقىنى بىرقەدەر ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللەپ بېرىدۇ. كىشىلەر ئانارخىزىمنى ھەربىر پارتىيەدە بار دېيىشكە ھەقلىق. (ئەقلىي ئانارخىزىم دېگەن نېمە؟ ھۆكۈمران ئىجتىمائىي گۇرۇھلارغا نىسبەتەن بىر خىل «چەتلەشتۈرۈش» ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت ئەمەسمۇ؟) «ئىقتىسادىيزىم مەزھىپى»[1] نىڭ ئۆزىمۇ بۇ خىل ھادىسىنىڭ تارىخى ئىپادىسىدۇر.

گويا بىۋاستە سىياسىي پائالىيەتنى رەت قىلىدىغان ئىككى خىل سىياسىي پائالىيەت باردەك قىلىدۇ. بىرى مەدەنىيەت سەر-خىللىرىدىن تۈزۈلگەن پارتىيە. بۇ پارتىيە مۇناسىۋەتلىك پارتى-يەلەرنىڭ چوڭ كۆلەمدىكى ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ، ئۇ-نىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىدا، مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيە خاراك-

---

① 18 ـ ئەسىردىكى فىرانسىيەنىڭ دېھقانچىلىققا ئەھمىيەت بېرىش ئىقتىسادىي ئېقىمىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئىقتىسادشۇناس دەپ ئاتىشىنى ياخشى كۆرەتتى.

تېرى روشەن بولىدۇ. يەنە بىرى، يېقىنقى يىللاردا سەرخىللاردىن بولماستىن ئادەتتىكى ئاۋامدىن تۈزۈلگەن پارتىيە بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي فۇنكسىيەسى ئاشكارا ۋە مەۋھۇم سىياسىي مەركەزگە ھەربىيلەرچە ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. خەلق دېگەن قوزغىتىشنىلا تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتى كۈچىنى ساقلاش ئۈچۈن ئەخلاقىي تەرغىبات، ئىلھاملاندۇرۇش لازىم بولىدۇ. كۈتۈلگەن زامانلارنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى ئەپسانىلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈش كېرەك بولىدۇ. شۇ چاغدىلا نۆۋەتتىكى زىددىيەت ۋە قىيىنچىلىقلار ھەل بولىدۇ.

بىر پارتىيەنىڭ تارىخىنى يېزىشتا بىر قاتار مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز، بۇ مەسىلىلەر روبېرت مىشېلنىڭ[1] تونۇشىدىنمۇ مۇرەككەپ، زادى نېمىنى بىر پارتىيەنىڭ تارىخى ھېسابلايمىز؟ ئۇ پەقەتلا بىر سىياسىي تەشكىلاتنىڭ ئىچكى تۇرمۇشى توغرىسىدىكى خاتىرىمۇ؟ بۇ ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى، گۇرۇھ بولۇپ شەكىللىنىشى، پىروگراممىسى، دۇنيا قارىشى، كىشىلىك قارىشى قاتارلىق تەرەپلىرىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدېئولوگىيە ئۆرۈشىنى خاتىرىلەشتىن دېرەك بېرەمدۇ؟ بۇنداق بولغاندا، بىز پەقەتلە زىيالىلار گۇرۇھىنىڭ بىر قىسىم تارىخىغا ئىگە بولىمىز، خالاس. شۇڭا، بۇ تارىخنىڭ رامكىسى كەڭ ۋە تولۇق بولۇشى كېرەك.

بىز ئالاھىدە ئاممىنىڭ تارىخىنى يېزىپ چىقىشىمىز كېرەك. كىشىلەر قورغۇچىلارغا ئەگىشىدۇ؛ ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادى، ساداقىتى ۋە ئىنتىزاملىرى بىلەن ئۇلارنى قوللايدۇ ياكى بىر

---

① روبېرت مىشېل (RobertMichels، 1876 — 1936). گېرمانىيەلىك جەمئىيەتشۇناس ۋە سىياسىيون. ئۇ ئىتالىيەگە كۆچۈپ، مۇسسولىنى ھۆكۈمىتىگە قاتناشقان.

قىسىم چاقىرىق ئالدىدا چىپچىلاڭغۇ ۋە چۈشكۈن پوزىتسىيەدە بولۇپ، رىيالىزىمچى دەپ ئەيىبلىنىدۇ. بۇنداق ئامما پارتىيە ئەزالىرى بولۇپ تەشكىللىنەمدۇ؟ پەقەتلا يىغىن ئېچىش، سايلام ئېلىپ بېرىش، پوزىتسىيە بىلدۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ئۆزىلا كۇپايە بولامدۇ؟ روشەنكى، بىز بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي گۇرۇھنى كۆزدە تۇتىشىمىز كېرەك. چۈنكى، پارتىيە دېگەن مۇشۇ گۇرۇھنىڭ ئىپادىلەش شەكلى ھەم ئىلغار ئامىلى. دېمەك، پارتىيە تارىخى دېگەنلىك ئالاھىدە ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ تارىخى دېگەنلىكتۇر. لېكىن، بۇ گۇرۇھ يالغۇز بولماستىن، ئۇنىڭ دوستلىرى، ئىتتىپاقداشلىرى، رىقابەتچىلىرى ۋە دۈشمەنلىرى بولىدۇ. بىر پارتىيەنىڭ تارىخى پەقەت جەمئىيەت ۋە دۆلەت ھاياتى (كېڭەيگەن خەلقئارا مۇناسىۋەت)نىڭ مۇرەككەپ كارتىنىسى ئارقىلىق ئايان بولىدۇ. شۇڭا، پارتىيە تارىخى يېزىشنى مەخسۇس نۇقتىئىنەزەر بويىچە دۆلەت تارىخىنى يېزىش دېسەك بولىدۇ، ئۇنىڭدا دۆلەتنىڭ ئالاھىدە تەرتىپى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. بىر پارتىيەنىڭ ئەھمىيىتى ۋە تەسىرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئۇنىڭ پائالىيىتىنىڭ دۆلەت تارىخىغا قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىگە باغلىق.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بىراۋنىڭ پارتىيە تارىخىنى يېزىشىدىن ئۇنىڭ پارتىيە ھەققىدىكى قارىشىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەزھەپچىلەر پارتىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پارچە - پۇرات ئىشلارغا قىزىقىدۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىشلار يوشۇرۇن قىممەتكە ئىگە بولۇپ، سىرلىق قىزغىنلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. بىر تارىخچى شەيئىلەرنىڭ پۈتۈنلىكىتىكى مۇھىملىقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، دىققىتىنى پارتىيەنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىغا قويىدۇ. پارتىيەنىڭ ئاكتىپ ياكى پاسسىپ رولىنى فوكۇسلايدۇ.





بىر پارتىيە قانداق ئەھۋالدا ھەقىقىي شەكىللەنگەن بولىدۇ ياكى ئۇ قايسى ۋاقىتتا ئېنىق ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋەزىپىگە ئىگە بولغان بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن نۇرغۇن مۇنازىرىلەر كېلىپ چىقتى. بۇ جەرياندا كېلىپ چىققان مەغرۇرلۇقنىڭ كۆلكىلىك ۋە خەتەرلىك دەرىجىسى ۋىكو ئېيتقان «مىللىي مەغرۇرلۇق»دىن قىلىشمايدۇ[1]. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بىر پارتىيە مەڭگۈ تولۇق شەكىللىنىپ بولالمايدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ ھەربىر تەرەققىياتى يېڭى ۋەزىپىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ياكى پارتىيە ئۈچۈن بىر زىددىيەت ھامان مەۋجۇد بولىدۇ: بىر پارتىيە مەۋجۇد بولمىغاندىلا، يەنى پارتىيەنىڭ مەۋجۇدلىقى تارىخنىڭ يۈكىگە ئايلىنىپ قالغاندىلا، ئۇ پارتىيە تولۇق شەكىللىنىپ بولغان بولىدۇ. بىر پارتىيە بىر ئالاھىدە سىنىپنىڭ ۋاكالەتچىسى دېگەنىمىزدە شۇنى كۆرۈپ يېتەلەيمىزكى، سىنىپلارنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان پارتىيە ئۆزى يوقالغاندىلا ئاندىن تەلتۆكۈس بولغان بولىدۇ. دېمەك، ئەشۇ ۋاقىتتا، سىنىپمۇ تۈگەيدۇ، سىنىپنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىمۇ تۈگەيدۇ. مەن شۇنى تەكىتلەيمەنكى، بۇ تەرەققىيات جەريانىنىڭ ئالاھىدە بىر باسقۇچى. بۇ باسقۇچتىن بۇرۇن، بىر شەيئىنىڭ مەۋجۇد بولۇش - بولماسلىقى بەربىر، يەنى ئۇنىڭ مەۋجۇد بولۇشى ئۈنچىلىك تەخىرسىز ئەمەس، ئۇلار ئالاھىدە ئىرادىلىك كىشىلەرنىڭ مەۋجۇدلىقىغا تايىنىدۇ.

---

① بۇ گەپ ۋىكونىڭ «يېڭى ئىلىملەر» ناملىق ئەسىرىدىكى مۇنۇ جۈملىلەردىن كەلگەن: «ھەرقانداق بىر مىللەت ياۋايى ياكى مەدەنىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزلىرىنى ئەڭ قەدىمكى مىللەت سۈپىتىدە تارىخ باشلانغاندىن بۇيانقى خاتىرىلەرنى ساقلاپ كەلگەن، دەپ قارايدۇ.



بىر پارتىيە قانداق ئەھۋالدا تارىخنىڭ مۇقەررەرلىكىگە ئىگە بولىدۇ؟ ئۇ غەلىبە قىلىش شارائىتىغا ئىگە بولغان، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇقەررەر ھالدا قولغا ئالىدىغان ھالدا تۇرغان بولسا، كىشىلەرمۇ بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ نورمال تەرەققىيات ئىستىقبالىنى كۆرۈپ يېتەلىسە تارىخنىڭ مۇقەررەرلىكىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. لېكىن، بۇ شارائىتلار تەل بولسىلا بۇ پارتىيەنى نورمال ۋاستىلار بىلەن يوقاتقىلى بولمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ بۇنىڭغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن، مۇھاكىمە قىلىشىمىز كېرەك. بىر پارتىيەنىڭ مەۋجۇدلىقى مۇنداق ئۈچ ئاساسلىق ئامىلغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ:

(1) ئاممىۋى ئامىلى. بۇ ئامىل ئاددىي كىشىلەردىن تۈزۈلىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ تۆھپىسى ئىجادىي روھ ياكى ئالىي تەشكىللى روھتا بولمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىنتىزامى ۋە ئېتىقادىدا بولىدۇ. ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالسا، پارتىيە مەۋجۇد بولالمايدۇ. بىراق، پەقەت ئاممىغىلا تايىنىپ قالغاندا، پارتىيە يەنە مەۋجۇد بولالمايدۇ. ئاۋام شۇنىڭ ئۈچۈن قۇدرەتلىككى، ئۇلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەشكىللەيدىغان، ئۇلارنى ئىنتىزام ئارقىلىق چەكلەپ تۇرىدىغان بىرەر كۈچ بار. بۇ كۈچ بولمايدىكەن ئۇلار بىر چاڭگال قۇمغا ئايلىنىپ قالىدۇ - دە، ئۆزئارا بىر - بىرىنى خورۇتۇپ، ھېچ ئىش پۈتمەيدۇ. بۇنداق ئامىلنىڭ ئۇيۇلتاشقا ئايلىنىش مۇمكىنچىلىكى بار، لېكىن، ھازىرچە ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ بۇنداق كۈچكە ئايلىنىدىغان شارائىتى پىشىپ يېتىلمىدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇنداق كۈچ ناھايىتى چەكلىك دائىرىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، سىياسىي جەھەتتە رول ئوينايدىغان دەرىجىگە بارمىدى.

(2) ئاساسلىق ئۇيۇشتۇرۇش ئامىللىرى، يەنى رەھبەر بۇ

ئامىللار مىللەت دائىرىسىدە بىرەر مەركەزنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى چېچىلىپ تۇرغان كۈچلەر بىر گەۋدىلەشىپ زور كۈچكە ئايلىنىدۇ. بۇ ئامىللار يۈكسەك ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنى توپلايدۇ، ئۇلارغا ئىنتىزام ئاتا قىلىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇ ئىجادىي كۈچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوخشاشلا شۇنداق دېيىمىزكى، نوقۇل مۇشۇ ئامىللارغا تايىنىۋالغاندا، بىر پارتىيەنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ رولى بىرىنچى ئاساسلىق ئامىلغا قارىغاندا چوڭ بولىدۇ. بەلكىم، ئىككىنچى ئامىلدىكى كىشىلەرنى ئارمىيەسىز قوماندانغا ئوخشۇتۇش مۇمكىن، قوماندان بولسىلا ئارمىيەنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرمەي بولمايدۇكى، ئەگەر ئارمىيە بولۇپ، قوماندان بولمىسا، ئارمىيە يوقۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. چىقىشقاق قوماندانلار بىر يەرگە كېلىپ، بىر مەقسەت ئۈچۈن ئۇيۇشسا، ئۇلار ھەرقانداق يەردە ئارمىيەنى يوقتىن بار قىلالايدۇ.

(3) ۋاستىچى ئامىللار. بۇ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئامىللارنى باغلايدىغان بەلباغ بولۇپ، ئۇلارنى ئەخلاق ۋە بىلىم جەھەتتە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەرقانداق پارتىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، يۇقىرىقى ئۈچ ئامىلنىڭ مۇقىم نىسبىتى شەرت بولىدۇ. بۇ نىسبەت ئەمەلىيلەشكەندىن كېيىن ھامان يۇقىرى ئۈنۈم كۆرۈلىدۇ. بۇ شەرتلەر ھازىرلانغان ئەھۋالدا، بىراۋ ئاللىقانداق نورمال ۋاستە بىلەن بۇ پارتىيەنى ھالاك قىلىۋېتەلمەيدۇ. چۈنكى ئىككىنچى ئامىل چوقۇم مەۋجۇد بولۇشى كېرەك، ئۇ ھەرقانچە چېچىلاڭغۇ بولغاندىمۇ، مەۋجۇد ماددىي شارائىت ئىچىدە يېتىلگەن بولىدۇ. مۇشۇ شەرت ئاستىدا باشقا ئىككى ئامىل پەيدا بولىدۇ، ئاۋۋال بىرىنچى ئامىل شەكىللىنىدۇ، بىرىنچى ئامىل ئۈچىنچى ئامىلنى شەكىللەندۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ



داۋامى، ئۆزىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىگە ئايلاندۇرىدۇ.

بۇنداق ھالنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن پولاتتەك بىر ئەقىدىنى تەييارلاش لازىم. ئۇ بولسىمۇ، ھايات ـ ماماتلىق مەسىلىسىگە يولۇققاندا ئالاھىدە چارە تېپىشتۇر. بۇنداق ئەقىدە بولمىسا ئىككىنچى ئامىل شەكىللەنمەيدۇ، ئىككىنچى ئامىلنىڭ سانى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئاسانلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلاردىن ئۇدۇم قالدۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ، بۇ ئۆزىنى قايتا نامايان قىلىشنىڭ خېمىرتۇرۇچى بولىدۇ. بۇنداق خېمىرتۇرۇچنى تېخىمۇ ئاسان ساقلىغىلى ۋە يېتىلدۈرگىلى بولىدىغان بىرىنچى، ئۈچىنچى ئامىللاردىنمۇ ياخشى مۇھىت نەدىمۇ بولسۇن؟ روشەنكى، پەقەت مۇشۇلارلا بىرىنچى ئامىل بىلەن ماھىيەتلىك ئوخشاشلىققا ئىگە. مەسىلەن، ئىككىنچى ئامىلنىڭ قىممىتى دەل مۇشۇ خېمىرتۇرۇچنى شەكىللەندۈرۈشتە. ئىككىنچى ئامىلنى باھالاش ئۆلچىمى مۇنداق: ① ئۇ بۇرۇن نېمە ئىشلارنى قىلغان؟ ② ئۇ بۇزغۇنچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قانداق تەييارلىقلارغا ئىگە بولغان؟ بۇ ئىككى ئۆلچەمنىڭ قايسىسىنىڭ مۇھىملىقىنى دەپ بېرىش قىيىن. كۆرەشتە مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنىش تەس بولغان ئىكەن، ئىز باسار تەييارلاشمۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتەكلا مۇھىم ئىش.

پارتىيەنىڭ ئۆز ـ ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىشى ۋىكو ئېيتقان «مىللىي مەغرۇرلۇق»تىنمۇ ناچار بىر ئىشتۇر. چۈنكى قانداقلا بولمىسۇن مىللەتنىڭ تەبىئىي مەۋجۇتلىقىنىڭ ئۆزىلا بۇنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ۋە ئەھمىيىتىنى بىر خىل رېئاللىق سۈپىتىدە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن پارتىيە ئۆز ـ ئۆزىنى ھالاك قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشتە، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز پايدىسىنى كۆزلەپ، يات مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى كۆرەشلىرى تۈپەيلى ئاجىزلاپ كېتىـ





شىنى ئۈمىد قىلىدۇ، پارتىيە دەل مۇشۇنداق ئىچكى كۆرەشنىڭ
ئامىلى. پارتىيەگە مۇنداق سوئال قويۇش مۇمكىن: پارتىيە ئۆزى-
نىڭ كۈچىگە تايىنىپ مۇقەررەر بىر مەۋجۇدىيەتكە ئايلىنامدۇ؟
بۇ سوئال پەقەت ۋاقىتلىق سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاتالمىش
مىللىيەت پىرىنسىپىدىكى تارىختا، چەتئەل كۈچلىرىنىڭ قول
سېلىشلىرى كۆپ بولىدۇ، چۈنكى بۇلار دۈشمەن دۆلەتنىڭ ئى-
چىدە مالىمان كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ
مەنپەئىتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان. شۇكا، جاۋورنىڭ[1] شەرق
سىياسىتى ئۈستىدە گەپ ئاچقىنىمىزدا، ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك سى-
ياسەتمۇ ياكى پەقەت 1866 — 1859 - يىللار ئارىلىقىدا ئاۋس-
تىرىيەنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلغان ۋاقىتلىق تەدبى-
رمۇ دەپ ئويلاپ قالىمىز. ئوخشاشلا، 1870 - يىللاردىكى مازى-
نى ھەرىكىتى[2] (جۇملىدىن بارسانتى ۋەقەسى) بىز بىسماركنىڭ
ئارىلىششىنى كۆرەلەيمىز: بىسمارك فىرانسىيە ئۇرۇشى ۋە
فىرانسىيە - ئىتالىيە ئىتتىپاقداشلىقىنىڭ تەھدىتىنى ئالدىنى-
ئالا كۆرۈپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىتالىيەنىڭ ئىچكى زىددىيىتى
ئارقىلىق ئىتالىيەنى زەئىپلەشتۈرمەكچى بولغان، يەنە 1914 -
يىلى 6 - ئايدىكى ۋەقە[3]دە، كىشىلەر ئاۋسترىيە باش ئىشتابى-

---

① جاۋور (Camillo Cavour، 1861 — 1810) ساردىن پادىشاھلىقىنىڭ ۋە-
زىرى، ئۇنىڭ شەرق سىياسىتى پىيئىمىنت بىلەن ئەنگلىيە - فىرانسىيە ئىتتى-
پاقداشلىرىنىڭ رۇسىيەگە قارشى قىرىم ئۇرۇشىغا قىسىم ئەۋەتىشىنى كۆرسىتىدۇ.

② 1870 - يىلى Bursanti Pietro رەھبەرلىكىدىكى 40 نەپەر جۇمھۇرىيەت-
چىنىڭ بىر ھەربىي گازارمىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئەسكەرلەرنى مازىنىچىلارغا مايىل قى-
لىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، ئۇلار مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەن.

③ ئىتالىيە دائىرىلىرىنىڭ ئانكونادىكى نامايىشنى قانلىق باستۇرۇشىغا نارازى-
لىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئانافىزىمچىلارنىڭ رەھبەرلىكىدە مەملىكەت دائىرىلىك ئىش
تاشلاش يۈز بېرىپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن جىددىي ئېلىشقان ۋە بىر قىسىم
رايونلاردا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان، بۇ «قىزىل ھەپتە» دەپ ئاتالغان.



نىڭ ئۆرۈش بولۇش ئېھتىمالىنى بىلىپلا ئىتالىيەنىڭ ئىشىغا
قول تىققانلىقىنى كۆردى. روشەنكى، سۈيىقەست كۆپ خىل بو-
لىدۇ، بۇنى ئوبدان تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. نېمە قىلىشىمىز-
دىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ باشقىلارغا پايدىلىق تەرىپى بولىدۇ،
شۇڭا، بىز ئىمكانقەدەر ئىشلارنى ئۆزىمىزنىڭ پايدىسى تەرەپكە
كۆپرەك بۇراپ، ئۇزۇل - كېسىل غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشى-
مىز لازىم. ھەر ئاماللارنى قىلىپ، پارتىيەنى مەغرۇرلۇقتىن سا-
قىت قىلىپ، كونكرېت ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك. بىز ئەمە-
لىي ئىشنىڭ ئورنىغا مەغرۇرلۇقنى دەسسىتىپ، مەغرۇرلۇق
سىياستىنى يولغا قويغانلارنىڭ ئەستايىدىللىقىدىن گۇمانلانساق
بولىدۇ. پارتىيەنىڭ «ھەقلىق» دەۋېلىپ، باشقىلارنىڭ پايدىسىغا
ئىش قىلىپ قويۇشىدىن ساقلىنىش كېرەكلىكى ھەققىدە توخ-
تىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ يەردىكى «باشقىلار» مەلۇم چەتئەل
دۆلىتىنى كۆرسەتكەن ئەھۋالدا تېخىمۇ شۇنداق. لېكىن بىراۋ
بۇنىڭدىن پايدىلانماقچى بولسا ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەس.

شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇكى، بەزى پارتىيە-
لەر ساقچىنىڭ فۇنكسىيەسىنىمۇ ئۆتەپ، مەلۇم سىياسىي ۋە قانۇ-
نى تەرتىپنى ساقلاۋاتىدۇ. ناۋادا بۇ ھال توغرا تېپىلسا، پارتىيە-
نىڭ بۇ خىل فۇنكسىيەسىنى يۈرگۈزۈشتىكى ئۇسۇلى ۋە خاھى-
شىنى سوراپ باقايلى، پارتىيە باستۇرامدۇ ياكى تەشۋىق قىلامدۇ؟
قانداق قىلسا ئەھمىيەتلىك بولىدۇ؟ ئۇ ئەكسىيەتچىل بولامدۇ
ياكى ئاۋانگارت بولامدۇ؟ پارتىيە ساقچىلىق فۇنكسىيەسىنى ئۆ-
تەۋاتقاندا، تارىخنىڭ ھاياتى كۈچىنى بوغۇۋاتقان ئاشۇ سىرتقى
تەرتىپنى قوغدامدۇ ياكى خەلقنى سىياسىي ۋە قانۇنىي تەرتىپ
پىروگراممىسىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە يېڭى مەدەنىيلىككە
كۆتۈرەمدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، قانۇننىڭ بۇزغۇنچىلىرى مۇنداق نەچچە

خىل بولىدۇ: ① قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرى جەمئىيەت
تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار؛ ② قانۇننىڭ
باستۇرۇشىغا ئۇچرىغان ئاۋانگارت ئۇنسۇرلار؛ ③ قانۇن كۆرسىـ
تىپ بەرگەن مەدەنىيلىككە يەتمىگەن ئۇنسۇرلار. دېمەك، پارتىـ
يەنىڭ ساقچىلىق فۇنكسىيەسى ھەم ئىلغار ھەم قالاق بولىدۇ:
ئەگەر ئۇ ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى قانۇن دائىرىسىدە چەكلەشتىن
ئىبارەت بولسا ياكى قالاق ئاممىنى يېڭى بىر قانۇنىي سەۋىيەگە
كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت بولسا، ئىلغار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇ جەمئىيەتنىڭ ھاياتى كۈچىنى بوغۇش؛ يۈزەكى
بولغان، ۋاقتى ئۆتكەن، تارىخقا قارشى قانۇنىيلىقنى قوغداشتىن
ئىبارەت بولسا ئەكسىيەتچى بولغان بولىدۇ. بۇ پارتىيە ئۆزىنىڭ
فۇنكسىيەسىنى ئۆتەش جەريانىدا قالاقلىق بىلەن ئىلغارلىقنى
ئايرىيدىغان ئۆلچەمنى بەخش ئەتتى: ئەگەر پارتىيە ئىلغار بول-
سا دېموكراتىك بولىدۇ (دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش) ئەگەر
پارتىيە قالاق بولسا، ئۇ كاللىسى يوق ئىجراچىلار بولۇپ قالىدۇ،
يەنى پارتىيە مېخانىك مەنىدىكى ساقچى تەشكىلاتى بولۇپ قالىـ
دۇ، ئۇنىڭ «سىياسىي پارتىيە» دېگەن نامىمۇ ئەپسانىۋى تۈس ئا-
لىدۇ.





# ئالدىن كۆرۈش ۋە ئىستىقبال

«ئىككى ياقلىما ئىستىقبال»[1] سىياسىي ھەرىكەت ۋە مىللىي تۇرمۇشتا ئېنىقلاشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. ئىككى خىل ئىستىقبال ئەڭ ئاساسلىقتىن ئەڭ مۇرەككەپكىچە بولغانغا قەدەر ئوخشاشمىغان قاتلامدا نامايان بولىدۇ. بۇلارنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئاساسلىق ئىككى قاتلامغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، بۇ ماكياۋېللى[2]نىڭ يېرىم ئادەم، يېرىم ئات تىپىدىكى ئىككى ياقلىما نەزەرىيەسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇلار: ھايۋانىيلىق ۋە ئادىمىيلىق، مەجبۇرلاش ۋە قوبۇل قىلىش، مۇستەبىتلىك ۋە رەھبەرلىك، زوراۋانلىق ۋە مەدەنىيەت، خۇسۇسىي باسقۇچ ۋە كوللېكتىپ باسقۇچ (دىنىي جەمئىيەت ۋە دۆلەت)، قۇترۇتۇش ۋە تەشۋىقات، تاكتىكا ۋە ئىستراتېگىيە قاتارلىقلاردۇر. بەزى ئىككى ياقلىما ئىستىقبال نەزەرىيەسىنى چاكىنا دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ نەزەرىيە ئىككى خىل بىۋاسىتە رېئال شەك-

---

① «ئىككى ياقلىما ئىستىقبال» دېگەن سۆز كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونالنىڭ 5 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، مەنىسى سىياسىي ھەرىكەتتىكى مەجبۇرلاش ۋە قوبۇل قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك بىرلىكتۇر.

② ماكياۋېللى ئۆزىنىڭ «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «قوراللانغان ئەۋلىيالار غەلىبە قىلدى، قورالى يوق ئەۋلىيالار مەغلۇپ بولدى.»

لىنىڭ ۋاقىت جەھەتتىكى ئالمىشىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەمەلىيەتكە يېقىنلىشىش دەرىجىسى بەزىدە چوڭ، بەزىدە كىچىك بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىرىنچى خىل ئىستىقبال (ئاقىۋەت)غا يېقىنلىشىش ئىككىنچى خىل ئىستىقبالدىن يىراقلىشىشتۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ كىشىلىك ھاياتقا ئوخشاپ قالىدۇ، ئادەم ئۆزىنىڭ بىۋاستە جىسمانىي مەۋجۇدلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا مەجبۇرلانغاندا، ئۇ مەدەنىيەت ۋە كىشىلىكنىڭ بارچە مۇرەككەپلىكلىرىدىن ھالقىپ، ئۆزىنى يۇكسەك قىممەت ئارقىلىق دەللەلەيدىغان ۋە كۈتىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

شۇنداق مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇكى، ئالدىن كۆرۈش ھازىر بىلەن ئۆتمۈشنى ھەقىقىي يوسۇندىكى ھەرىكەت دەپ قاراشتىن دېرەك بېرىدۇ. يەنى ئۇ ھەرىكەت جەريانىدىكى تۇپ ۋە مۇقىم ئاملىنى ئېنىقلاشتۇر. لېكىن، نوقۇل ئوبيېكتىپ ئالدىن كۆرەرلىك بىمەنىلىكتۇر، ئالدىن كۆرەر ئادەمدە پەقەتلا غەلىبىنى ئۇمىد قىلىدىغان پىروگراممىلا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى بولسا غەلىبە قىلىشنىڭ بىر ئاملى. لېكىن، بۇ ئالدىن كۆرەرلىكنى خالىغانچە قىياس قىلىش ياكى شەخسىي مايىللىق دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەگەر ئالدىن كۆرەرلىكتە ئوبيېكتىپلىق بار دېيىلسە، ئۇ مەلۇم پىروگراما بىلەن ماس مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇش دائىرىسىدە ئوبيېكتىپلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇ ئەقلىي كۈچنى ئۆتكۈرلەشتۇرۇشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، رېئاللىق ئىنسانلار ئىرادىسىنىڭ ماددىي جەمئىيەتتىكى قوللىنىشى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن تەبىئىي ئىستەكنى چىقىرىۋەتسە ياكى باشقىلارنىڭ ئىرادىسىنى ئومۇمىلىققا ئىگە ئوبيېكتىپ ئاملغا ئايلاندۇرىۋالسا، شۈبھىسىزكى بۇ رېئاللىقنى بۇرمىلىغانلىق بولىدۇ. بىرەر ئىشنى رو-

ياپقا چىقىرىش ئارزۇسى كۈچلۈك بولغان ئادەملارلا ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى زورۇر بولغان ئامىللارنى مۇ- ئەييەنلەشتۈرەلەيدۇ.

ئالدىن كۆرەرلىكتە ئالاھىدە ئۈستۈنلىككە ئىگە بولغا مەلۇم دۇنيا قاراش ياكى تۇرمۇش قارشى بولىدۇ دەپ ئويلاش ھاماقەت- لىكتۇر. ئەمەلىيەتتە، ھەرقانداق ئالدىن كۆرەرلىك مۇئەييەن دۇنيا قاراشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئالدىن كۆرەرلىك مەيلى بىر يۈرۈش خىيال بولسۇن ياكى جانلىق ۋە ماسلاشقان نۇقتىئىنەزەر بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە لايىق قىممىتى بولىدۇ. بېشارەت ۋە ئىرادىسىگە تايىنىپ ئارزۇسىغا يېتەلەيدىغان كىشىلەرلا، ئۆز مېڭىسى ئارقىلىق بۇ قىممەتنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. ئۆزىنى ھەققانىي دەپ قارايدىغان كىشىلەرنىڭ ھەر خىل بېشارەتلىرى شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدىكى، بۇلار قۇرۇق خىيال، چۇۋالچاق تەپسىلات، نازۇك پەرەزلەرگە تولغان بولىدۇ. ئالاھىدە پىروگرام- مىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توغرا كەلگەندە، پىروگراممىغا ئىگە بېشارەتچىلارلا ئەڭ ماھىيەتلىك ئامىللارغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ — ئاسان تەشكىللىگىلى بولىدىغان، يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدىغان ۋە ئۆزگەرتەلەيدىغان ئامىللارلا ھەقىقىي قىياس ئامىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ مەسىلىلەرگە قاراش ئۇسۇللىرى تامامەن ئەكسىچە بولىدۇ. ئادەتتە، قىياسلاشلارنىڭ ئالدىنقى شەرتى تەبىئىي پەن قانۇنىيەتلىرىگە ئوخشاش مۇقىم قانۇنىيەتنى بەلگىلىۋېلىش دەپ قارىلىدۇ. ئەمما، بۇ قانۇنىيەتلەر كىشىلەر ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا مۇتلەق ۋە مېخانىك بولمايدۇ، ئۇنىڭدا باشقىلارنىڭ ئىرادىسىنىڭ مەۋجۇدلىقى ۋە بۇ ئىرادىنىڭ بىزنىڭ قىياسلىرىمىزغا بولغان ھەر خىل تەسىرى نەزەردىن ساقىت قى- لىنغان بولىدۇ. دېمەك، كىشىلەر قۇرۇپ چىققان نەرسىلەر خا-





لىغانچە پەرەزدىن كەلگەن بولۇپ، ھەرگىزمۇ رېئاللىقتىن كەلگەن ئەمەس.

چەكتىن ئاشقان سىياسىي رېئالىزمچىلىق مۇنداق يەكۈنگە ئېلىپ بارىدۇ: سىياسىيون «ئۇنۇملۇك رېئاللىق» دائىرىسىدە پا-ئالىيەت قىلىپ، نەق نەرسىگە قىزىقىپ، بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىگە ئېتىبارسىز قارايدۇ. مانا بۇ سىياسىيونىنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرۈشىدۇر.

بىز دىپلوماتلار بىلەن سىياسىيونلارنى پەرىقلاندۇرۇپلا قال-ماي، يەنە پولىتىكال (سىياسىي) ئالىملار بىلەن پائالىيەتچان سىياسىيونلارنى پەرىقلەندۇرۇشىمىز لازىم. دىپلومات ئۇنۇملۇك رېئاللىق ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ مەلۇم يېڭى تەڭ-پۇڭلۇقنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، مۇئەييەن قانۇن رامكىسى ئىچىدە ھازىرقى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر بىر ئالىم پەقەت ئالىمدىنلا ئىبارەت بولسا، ئۇمۇ ئۇنۇملۇك رېئاللىق ئىچىدىلا ھەرىكەت قىلىدۇ. بىراق، ماكياۋېل-لى نوقۇل سىياسەت ئالىملا ئەمەس، ئۇ يەنە پارتىيە ئادىمى، ھا-ياجان بىر ئادەم، ئاكتىپ سىياسىيون بولۇپ، يېڭى تەڭپۇڭلۇق يارىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ كەلگۈسى مەسىلىلىرىنى ئويلاپ يېتەلەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ بۇ مەسىلىگە ئەخلاقىي نۇقتىدىن قاراپ ئولتۇرمايدۇ. دېمەك، مەسىلىنى شۇنداقلا ئوتتۇرىغا قويۇ-غىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ مۇرەككەپ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مە-سىلىنىڭ ئىختىيارى ھەرىكەتمۇ ياكى زۆرۈر ھەرىكەتمۇ، كونك-رېت ئىرادىمۇ ياكى ئەھمىيەتسىز ئارزۇ - ئىستەكمۇ دېگەندەك تەرەپلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. پائالىيەتچان سىياسىيون ئىجادكار بولۇپ، باشقىلارنى ئويغىتىدۇ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئا-ساسسىز ياكى خىيالى بولمايدۇ، ئۇ ئۆزىنى ئۇنۇملۇك رېئاللىق-



نىڭ ئۈستىگە قۇرىدۇ. بۇ يەردىكى «ئۇنۇملۇك رېئاللىق» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۇ جىمجىت نەرسىمۇ ياكى تىنىمسىز ھەرىكەت ئىچىدىكى ئۆزگىرىشچان تەڭپۇڭلۇقتا شەكىللەنگەن كۈچ نىس-بىتىمۇ؟ ئىرادە ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە مەۋجۇد بولغان ۋە رول ئويناۋاتقان كۈچلەر ئۇچۇن يېڭى تەڭپۇڭلۇق يارىتىپ، نەزىرد-مىزىدىكى ئىلغار دەپ قارالغان كۈچلەرگە غەلىبە پۇرسىتى بې-رىش ئۇنۇملۇك رېئاللىق دائىرىسىدىكى پائالىيەتلەردۇر. بۇنىڭ-دىكى مەقسەت رېئاللىقنى تىزگىنلەپ ئۇنىڭدىن ھالقىشتۇر. شۇڭا، «مۇنداق بولسا بولاتتى» (كەلگۈسى ئىستەك) كونكرېت بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇ رېئاللىققا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئەمەلىي ھەم تارىخىي نۇقتىدىكى ئىزاھات بولۇپ، ئاشۇنىڭ ئۆزىلا شەكىللىنىۋاتقان تارىخ ۋە پەلسەپىدۇر. شۇنىڭ ئۆزىلا سىياسىيدۇر.

ساۋورانولا بىلەن ماكياۋىللى ئوتتۇرىسىدىكى زىتلىق «نې-مە» ياكى «نېمە قىلىش كېرەك» ئوتتۇرىسىدىكى زىتلىق بول-ماستىن، بەلكى ئىككى خىل «نېمە قىلىش كېرەك» ئوتتۇرىسى-دىكى زىتلىقتۇر. ساۋورانولانىڭ قارىشى ئابستراكت ۋە خىيالىي، ماكياۋىللىنىڭ قارىشى بولسا كونكرېت ۋە رېئالدۇر. ماكياۋىل-لىنىڭ غايىسى بىۋاستە رېئاللىقنىڭ ئۆزىگە ئايلانمىسىمۇ يە-نىلا رېئالىستىك بولۇپ سانىلىدۇ. چۈنكى، بىز بىرەر شەخس ياكى بىرەر كىتابنىڭ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشىنى ئۈمىد قىلال-مايمىز، بۇ نەرسىلەر پەقەت رېئاللىقنى شەرھىلەيدۇ ياكى مۇم-كىن بولغان ھەرىكەت يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ماكياۋىللى-نىڭ چەكلىمىلىكى شۇ يەردىكى، ئۇ بىرەر دۆلەت ياكى قىسىم-نىڭ رەھبىرى بولماستىن، بەلكى بىر پۇقرا ياكى يازغۇچى. باشلىقنىڭ ئۆزىمۇ يەككە شەخستىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن

ئۇنىڭ قولىدا بىر ئۇچۇم گەپ - سۆز ئەمەس، بەلكى بىر دۆلەت ياكى ئارمىيەنىڭ ئەمەلىي كۈچى تۇتۇپ تۇرۇلغان بولىدۇ. بىراق بىز ماكياۋېللىنى ھەرگىزمۇ «قورالسىز ئەۋلىيا» دېيەلمەيمىز، ئۇنداق دېسەك روھىنىڭ ئەھمىيىتىگە سەل قارىغان بولىمىز. ماكياۋېللى ئەزەلدىن ئۆزىنى رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش نىيىتىگە كەلگەن كىشى دېگەن ئەمەس، ئۇ پەقەت ئۆزىنى تارىخنىڭ ھەر-خىل كۈچلىرى قانداق بولغاندا ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتەلەيدۇ دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرىمەن دەپ ئويلىغان ئىدى.







## ۋەزىيەت تەھلىلى، كۈچ نىسبىتى

ۋەزىيەت تەھلىلى ھەققىدىكى تەتقىقات، يەنى ئوخشاشمىغان قاتلامدىكى كۈچلەرنىڭ نىسبىتىنى قانداق بايقاش ھەققىدىكى تەتقىقات بىزنىڭ سىياسىي ئىلىم ۋە سىياسىي ماھارەتنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشەندۈرۈشىمىزگە يېقىندىن ياردەم بېرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ تەتقىقاتنىڭ ئەمەلىي قائىدىلىرى ۋە ئىنچىكە كۆزىتىش نەتىجىسى سۈپىتىدە، ئۇنۇملۇك ئەمەلىيەتكە بولغان قىزىقىشنى قوزغاپ، مۇنتىزىم ۋە جانلىق سىياسىي كۆزىتىش ئىقتىدارىنى پەيدا قىلىدۇ. بىزنىڭ يەنە تاكتىكا ۋە ئىستراتېگىيە، ئىستراتېگىيەلىك پىلان، تەشۋىقات ۋە قوزغاش، قوماندانلىق قۇرۇلمىسى ياكى سىياسىي تەشكىل، باشقۇرۇش ئىلىمىگە مۇناسىۋەتلىك چۈشەندۈرۈشلەرنى بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. سىياسەت ئىلىمىگە دائىر ئەسەرلەردە (مەسىلەن، گايتانو موسكانىڭ «سىياسىينىڭ ئامىللىرى» دېگەن ئەسىرى)[①] تەجرىبىۋى كۆزىتىش ئامىللىرى تارقاق ۋە چېچىلاڭغۇ بولىدۇ دېيىلگەن. بۇ ئامىللار ئابستراكت ۋە مەۋھۇم بولمىسىلا، تەڭپۇڭلۇقىدا بەلگىلىك ئورۇن ئېلىشى كېرەك. ئوخشاشمىغان سە-

① گايىتانو موسكا (1858 — 1941، Gaetano Mosca) ئىتالىيەلىك سىياسىيون.

ۋىيەدىكى كۈچ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ خەلقئارا كۈچ نىسبىتى (چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، زومىگەرلىك كۈچ سىستېمىسىدىكى ھەر خىل دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق، ئىگىلىك ھوقۇقى ھەققىدىكى ئۇقۇملىرى)، جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئوبيېكتىپ مۇناسىۋەت (ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى، سىياسىي كۈچ ۋە پارتىيە - گۇرۇھلار كۈچىنىڭ مۇناسىۋىتى) ۋە بىۋاستە سىياسىي مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خەلقئارا مۇناسىۋەت ئەلامۇ ياكى تۈپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئەلامۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت خەلقئارا مۇناسىۋەتتىن ئىلگىرى تۇرىدۇ. ھەربىي تېخنىكا ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىكى بارلىق ئورگانىك ئىسلاھاتلارنى نامايان قىلىپ، خەلقئارا مۇھىتتىكى مۇتلەق ۋە نىسپىي مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزگەرتىدۇ. ھەتتا، بىر مىللىي دۆلەتنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىمۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىسىدا بولىدۇ، گەرچە ئۇ بۇ خىل ئۆزگىرىشنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلقئارا مۇناسىۋەتمۇ ئاكتىپ ياكى پاسسىپ ھالدا سىياسىي مۇناسىۋەتكە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر مىللەت (دۆلەت) نىڭ بىۋاستە ئىقتىسادىي تۇرمۇشى خەلقئارا مۇناسىۋەتكە بېقىنغانسېرى مەلۇم بىر پارتىيە ۋاكالىتەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىدۇ ۋە قارشى پارتىيەنىڭ ئۈستۈنلۈك قازىنىشىنى توسايدۇ. (نىتتىنىڭ مەشھۇر نۇتقىنى ئويلايلى: ئىتالىيە ئىنقىلابىي تېخنىكا جەھەتتىن مۇمكىن ئەمەس)[1]. بۇلاردىن مۇنداق خۇلاسىگە ئېرىشىش مۇمكىن: ئاتالمىش «يات

① نىتتى (1868 — 1953، Fracesco Nitti) ئىتالىيەلىك سىياسىيون، 1919 - 1920 - يىللاردا باش ۋەزىر بولغان.





ئەللەر پارتىيەسى» كىشىلەر ئېيتقان ئۇ خىل مەنىدىكى پارتىيە بولماستىن، ئەكسىچە ئۇ بىر مىللەتچى پارتىيەدۇر، ئۇنى ئۆز دۆلىتىنىڭ ھاياتى كۈچىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دېگەندىن كۆرە ئۇنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگەللىۋالغان مىللەت ياكى مىللەت گۇرۇھىغا كېلىشى بېقىنىشقا ۋە ئىقتىسادىي مەھكۇملۇققا ۋەكىللىك قىلىدۇ دېگەن تۈزۈك.

مۇئەييەن تارىخى باسقۇچتا رول ئوينىغان كۈچلەرنى توغرا تەھلىل قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بېكىتىش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مەسىلىنى ھەقىقىي ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا مۇنۇ ئىككى پىرىنسىپقا ھۆرمەت قىلىش كېرەك: ① ۋەزىپىنى تاماملاشتىكى تولۇق شەرت - شارائىت ھازىرلانمىسا ياكى شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىشقا ئۆتمىسە، جەمئىيەت بۇ ۋەزىپىنى بىكاردىنلا ئۆزىگە يۈكلىمەيدۇ. ② جەمئىيەتنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتىدىكى بارلىق ھايات فورمۇلىلىرى تاكاممۇللۇققا يەتمەي تۇرۇپ، ئۇ جەمئىيەت بەربات بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان جەمئىيەتمۇ تۇغۇلمايدۇ[1]. بۇ ئىككى پىرىنسىپ ھەققىدە قايتا ئويلانغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئىلگىرىلىگەن ھالدا، تارىخ مېتودولوگىيەسىگە دائىر بىر يۈرۈش قائىدىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادىي بازىسنى تەتقىق قىلغاندا، ئورگانىك ھەرىكەت (نىسپىي مۇقىم)

---

① «مەيلى قايسى جەمئىيەت بولمىسۇن، ئۆزى سىغدۇرالايغان بارلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرمىغىچە بەربات بولمايدۇ. يېڭى ۋە يۈكسەك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى كونا جەمئىيەتنىڭ بالىياتقۇسىدا تۆرىلىدۇ. شۇڭا، ئىنسانلار ھامان ئۆزى ھەل قىلالايغان ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، چۈنكى ۋەزىپە تېگىشلىك شارائىت يېتىلگەندىلا ئاندىن پەيدا بولىدۇ». — ماركس.

بىلەن تاسادىپىي ھەرىكەت (تاسادىپىي، بىۋاسىتە، تەلەي خاراك-
تېرلىك)نى پەرقلەندۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. تاسادىپىي ھا-
دىسىلەرمۇ مۇقىم ھەرىكەتكە تايىنىدۇ، لېكىن ئۇ چوڭقۇر تارى-
خىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولمايدۇ، ئۇنداق ھادىسىلەر ئۇششاق سى-
ياسىي تەنقىدلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۇلارنىڭ تەنقىد ئوب-
يېكتى يۇقىرى قاتلام سىياسىي رەھبەرلەر ۋە بىۋاسىتە ۋەزىپە-
نى ئۈستىگە ئالغان شەخسلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. مەلۇم تارى-
خىي مەزگىلنى تەتقىق قىلغاندا، يۇقىرىقىدەك پەرقلەندۈرۈشنىڭ
ئەھمىيىتى روشەنلىشىدۇ. بەزى كرىزىسلار نەچچە ئون يىل
داۋام قىلىدۇ، بۇنداق ئىزچىللىق ئىقتىسادىي بازىستا ساقايتى-
قىلى بولمايدىغان زىددىيەتنىڭ تولۇق شەكىللەنگەنلىكىنى كۆر-
سىتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، مەۋجۇد تەرتىپنى ساقلاپ قالماقچى
بولغان سىياسىي كۈچلەر ئامالىنىڭ بارىچە مەزكۇر زىددىيەتنى
پەسەيتىشكە تىرىشىدۇ ۋە مەلۇم ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ. بۇنداق تىرى-
شىشلار ئۆتكۈنچى بولغان تاسادىپىي ھەرىكەتنىڭ ئاساسىنى
شەكىللەندۈرىدۇ (ئۆزىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلى-
دىغان جەمئىيەت فورمىسى بولغان ئەمەس.) ھەر خىل خىرىس
كۈچلەر مۇشۇ ئاساستا تەشكىللىنىدۇ. بۇ كۈچلەر ئۆزىنىڭ مۇ-
ئەييەن تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنداشنىڭ زۆرۈر شارائىتىنىڭ تو-
لۇق مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ ھەم بۇنى زۆ-
رۈر دەپ قارايدۇ (شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، تارىخىي مەسئۇلى-
يەتنى يەردە قويۇش قالايمىقانچىلىقنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ زور
ئاپەتنى پەيدا قىلىدۇ). دېمەك، خىرىس كۈچلەر غەلىبە قىلىپ
يېڭى رېئاللىق بەرپا بولغاندىلا، ئىسپاتلاش ئوڭۇشلۇق بولۇپ،
راستقا ئايلىنىدۇ. باشتا ئۇ ئاڭ فورمىسى (ئىدېئولوگىيە)، دىن،
پەلسەپە، سىياسىي، قانۇن ساھەلىرىدىكى مۇنازىرە شەكلىدە ئوت-

تۇرىغا چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ كونكرېت ئەھمىيىتىنى باھالاش ئۇنىڭ
قايىل قىلىش كۈچى، جەمئىيەت ھالىتىنى ئۆزگەرتىش دەرىجە-
سى ئارقىلىق مۇئەييەنلىشىدۇ.

كىشىلەر تارىخ ۋە سىياسىي ھەققىدە ئانالىز يۈرگۈزگەندە،
ھەمىشە سادىر قىلىدىغان سەۋەنلىك شۇكى، ئۇلار ئورگانىك ھا-
دىسىلەر بىلەن تاساددىپىي ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى توغرا مۇ-
ناسىۋەتنى كۆرۈپ يېتەلمەيدۇ. شۇڭا، بىر بولسا ئۇلار ۋاستىلىق
فۇنكسىيەنى بىۋاستە فۇنكسىيە دەپ قارىۋالىدۇ، يەنە بىر بولسا
بىۋاستە سەۋەبنى بىردىنبىر ئۈنۈملۈك سەۋەب دەپ قارىۋالىدۇ.
بۇلاردىن ئاۋۋالقىسى زىيادە ئىقتىسادپەرەسلىك شەكلىدە ياكى
مەدرىسە پەلسەپىچە دوگماتىزىم شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ، كېيىن-
كىسى چەكتىن ئاشقان ئىدېئولوگىزىم[1] شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ.
بۇلاردىن ئاۋۋالقىسى مېخانىكىلىق سەۋەبنى زىيادە يۇقىرى با-
ھالايدۇ، كېيىنكىسى ئىرادە ۋە خۇسۇسىي ئامىلنىڭ رولىنى مۇ-
بالىغە قىلىدۇ. بۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئورگانىك «ھەرىكەت» ۋە
شەيئىي، قايسىسىنىڭ تاساددىپىي «ھەرىكەت» ۋە شەيئى ئىكەن-
لىكىنى پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق پەرقلەندۈرۈش
ئارقىلىق ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ۋەزىيەت چې-
كىنىش ۋە ئېغىر كرىزىس ۋەزىيىتى بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئىل-
گىرىلەش ۋە گۈللىنىش ۋەزىيىتى بولۇشىمۇ مۇمكىن ياكى ئىش-
لەپچىقىرىش جەھەتتىكى توختاپ قېلىش ۋەزىيىتى بولۇشىمۇ
مۇمكىن. بىز بۇ ئىككى خىل ھەرىكەتنى ۋە بۇلاردىن كېلىپ
چىققان ئىككى خىل تەتقىقات خىزمىتى ئوتتۇرىسىدىكى دىيا-
لېكتىك مۇناسىۋەتنى ئېنىق بېكىتەلمەيمىز. ئەگەر بىز يۇقىرى-

① ئىدېئولوگىزىم (Ideologism) ئىدېئولوگىيە (idedogy) دېگەن سۆزدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان.





قى سەۋەنلىكنى تارىخ يېزىشتىكى ئېغىر سەۋەنلىك دەپ چۈشەنسەك، ئۇنداقتا ئۇنىڭ سىياسىي ماھارەت نۇقتىسىدىكى خاتالىقى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ بۇ يەردىكى ۋەزىپىمىز تارىخنى قايتىدىن قۇراشتۇرۇش بولماستىن، بەلكى ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى تارىخنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. كىشىلەردىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ھاۋايى - ھەۋەسلەر ۋە ھېسسىياتلار خاتالىقلارنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇلار (ھەۋەس، ھېسسىياتلار) ئاسانلا ئوبيېكتىپ دەلىل ئورنىغا ئۆتۈپ قالىدۇ. بۇنداق ئالماشتۇرۇپ قويۇش ھەرىكەتكە رىغبەت بولىدىغان ئاڭلىق ۋاستە بولماستىن، بەلكى ئۆزىنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ يەردە يىلان ئويناتقۇچىنى چېقىۋالىدۇ ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئېزىتقۇ ئۆز ئېزىقتۇرۇشىنىڭ تۇنجى قۇربانى بولۇپ قالىدۇ. مېتود جەھەتتىكى بۇ ئۆلچەم كونكرېت تارىخىي ۋەقەلەرنى تەكشۈرگەندە قوللىنىلسا، ئۇنىڭ تەربىيەۋى رولىدا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل بولىدۇ.

كۈچ نىسبىتى دېگىنىمىز ئوخشاش بىر مەسىلىنىڭ ئىككى تەرىپى بار دېگەنلىكتۇر. تارىخىي ئىشلار بايان قىلىنغاندا، دائىم ئىشلىتىلىدىغان مۇنداق تەلەپپۇزدىكى ئىبارىلەرنى ئۇچرىتىمىز: «كۈچ نىسبىتى بۇ ۋەزىيەتكە پايدىلىق ياكى زىيانلىق.» بۇنداق ئابستراكت گەپلەر ھېچنېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ چۈشەندۈرۈشكە تېگىشلىك ئەمەلىيەتنى تەكرارلىغان بولىدۇ. ئۇ بىرىنچى قېتىم ئەمەلىيەت سۈپىتىدە، ئىككىنچى قېتىم ئابستراكت قائىدە سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان بولىدۇ. شۇڭا بۇ يەردىكى نەزىرىيەۋى خاتالىق تەتقىقات ۋە چۈشەندۈرۈشتىكى قائىدىنى «تارىخنىڭ سەۋەبى»گە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقتا.

ئەمدى بىز «كۆچ نىسبىتى»نىڭ ئوخشاشمىغان باسقۇچى ۋە دەرىجىسىنى پەرقلەندۈرۈپ چىقىشىمىز كېرەك. ئۇلار مۇنداق:

(1) ئىقتىسادىي بازىس (ئاساس) بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتى. بۇلار ئوبيېكتىپ بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدۇ، ئۇلارنى پەن ياكى فىزىكىلىق ئۆلچەملەر ئارقىلىق ئۆلچەپ چىققىلى بولىدۇ. بىز ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات سەۋىيەسى ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنى كۆرۈمىز، بۇ يەردە ھەربىر سىنىپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇئەييەن فۇنكسىيەگە ۋەكىللىك قىلىپ مۇقىم ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت تۇراقلىق بولۇپ ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ھېچكىم زاۋۇت ۋە ئىشچىلارنىڭ سانىنى، شەھەر ۋە ئۇنىڭدىكى نوپۇسنىڭ سانىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بۇنداق ئاساسىي قۇرۇلما ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ شارائىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ بىزنى ھەر خىل ئاڭ فورمىسىدىكى چىنلىق ۋە ئىمكانىيەتنى تەكشۈرۈشىمىزنى مۇمكىنچىلىككە ئىگە قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئاڭ فورمىلىرى ئوخشاش بىر بازىس ئاساسىدا پەيدا بولىدۇ، بۇ بازىس دەل جەمئىيەتنىڭ ئۇزۇكسىز تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن زىددىيەتتىن ئىبارەتتۇر.

(2) سىياسىي كۈچلەرنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتى. بۇ جەمئىيەتتىكى ھەر خىل تەبىقىلەر يېتىلدۈرگەن بىردەك ساپا، ئاڭلىقلىق ۋە تەشكىللاتچانلىق دەرىجىسىگە بېرىلىدىغان باھادۇر. تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، بۇ باسقۇچنى ئوخشاشمىغان دەرىجىدىكى كوللېكتىپ ئاڭلىقلىق بىلەن ماس ھەر خىل قاتلاملارغا ئايرىشقا بولىدۇ، ئۇلار ھازىرغىچە بولغان تارىختا كۆرۈلگەن. بۇنىڭدىكى

بىرىنچى باسقۇچ ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي گۇرۇھلار باسقۇچى بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر سودىگەر باشقا بىر سودىگەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى ئويلايدۇ، بىر زاۋۇت غوجايىنى يەنە بىر زاۋۇت غوجايىنى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى ئويلايدۇ، ئەمما سودىگەر تېخى زاۋۇت غوجايىنى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ. دېمەك، ئۇلار بىردەك سۈپەتتىكى بىرلىشىش ۋە بۇ بىرلىشىشتىكى مەسئۇلىيەتنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ. يەنى ئۇلار ئوخشاش ئىگىلىكتىكى ئۇيۇشما ھالىتىگە كېلەلىگەن بولسىمۇ، كەڭ ئىجتىمائىي گۇرۇھ ھالىتىگە كېلەلمەيدۇ. ئىككىنچى باسقۇچ شۇكى، ئۇنىڭدا بارلىق ئىجتىمائىي گۇرۇھ ئەزالىرى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇيۇشۇش لازىملىقىنى ھېس قىلىدۇ، لېكىن بۇ ئۇيۇشۇش نوقۇل ئىقتىسادىي ساھە بىلەنلا چەكلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان كىشىلەر دۆلەت مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ، ئەمما بۇ پەقەت سىياسىي ـ قانۇن جەھەتتىكى ھۆكۈمران گۇرۇھلار بىلەن تەڭ مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈنلا بولىدۇ. ئۇلار گەرچە قانۇن تۈزۈش ۋە مەمۇرىيەتكە ئارىلىشىش ھوقۇقىمىز بار دەپ قاراپ، ئۆزگەرتىش ۋە تۈزىتىش ئېلىپ بارماقچى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە رېئاللىقتىكى رامكىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن بولىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچتا، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مەنپەئەتىنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، نوقۇل ئىقتىسادىي گۇرۇھ سۈپىتىدىكى جەمئىيەت دائىرىسىدىن ھالقىپ، باشقا بېقىندى گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئايلىنىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولىدۇ. مانا بۇ مۇنتىزىم مەنىدىكى سىياسىي باسقۇچ بولۇپ، بۇ ئىقتىسادىي بازىستىن مۇرەككەپ ئۈستىقۇرۇلما ساھەسىگە ئۆتۈشنىڭ ئۆتكىلى. بۇ باسقۇچتا، بۇرۇن بىخلانغان ئىدېئولوگىيە (ئاڭ فورمىسى) «پارتىيە» ھالىتىـ

گە كېلىپ، قارشىلىق ۋە كۈرەشكە ئايلىنىدۇ، بۇ ھال تاكى
ئۇلاردىن بىر ياكى بىرەر گۇرۇھ ھەممىنى ئىدارە قىلغانغا قە-
دەر، ئۆزىنى باشقىلارغا تاڭالىغانغا قەدەر، ئۆزىنى پۈتكۈل جەم-
ئىيەت مىقياسىدا كېڭەيتكەنگە قەدەر، بىردەك سىياسىي - ئىق-
تىسادىي نىشان شەكىللەندۈرگەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ. ئۇلار
ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر مەلۇم گۇرۇھنىڭ قاتلىمىدا توختاپ
قالماي، ئومۇمىي قاتلامدا كۈرەش ۋە ھەرىكەتنىڭ مەركىزى بو-
لىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مەلۇم ئاساسلىق ئىجتىمائىي گۇرۇھ باش-
قا نۇرغۇن بېقىندى گۇرۇھلار ئۈستىدە ھۆكۈم يۈرگۈزىدىغان
رەھبەرلىك ھوقۇقىنى دۇنياغا كەلتۈرىدۇ. ئەلۋەتتە، دۆلەتمۇ مە-
لۇم بىر گۇرۇھقا تەۋە ئورگان بولۇپ، ئۇ بۇ گۇرۇھنىڭ ئەڭ
كەڭ دائىرىدە كېڭىيىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلايدۇ، دەپ قارى-
لىدۇ. ئەمما، بۇ تەرەققىيات ۋە كېڭىيىش يەنە بىر خىل ئومۇ-
مىيۈزلۈك كېڭىيىشنىڭ ۋە بارلىق «مىللىي» كۈچ تەرەققىياتى-
نىڭ تۈرتكىسى دەپمۇ قارىلىدۇ. ھۆكۈمران گۇرۇھلار ھەر خىل
بېقىندى گۇرۇھلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى بىلەن كونكرېت ماس-
لىشىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە دۆلەتنىڭ ھاياتى ئاساسى گۇرۇھلار مەن-
پەئىتى بىلەن بېقىندى گۇرۇھلار مەنپەئىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇ-
قىمسىز تەڭپۇڭلۇقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە بۇزۇلۇش جەريانىدىن
ئىبارەت بولىدۇ. ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئىتى بۇ تەڭپۇڭ-
لۇقتا ھەممىنى كونترول قىلىدۇ، لېكىن بۇنىڭمۇ بىر ئېھتىيات
سىزىقى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئۇ ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۆزى ئارزۇ
قىلغان دەرىجىگە يېتەلمەيدۇ.

رېئاللىقتا بۇ باسقۇچلار ئۆزئارا كىرىشىپ كەتكەن بولىدۇ:
ئۇلار تىك (دۆلەتلەر ئارا) ۋە گورىزونتال (دۆلەت ئىچىدىكى
ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر)ھالەتتە كىرىشىپ، ئوخ-





شاشمىغان شەكىلدە بىرىكىدۇ ۋە ئايرىلىدۇ. بۇلار ئۆزىدىكى تەشكىللىك ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئىپادە شەكلىدە ئايان بولىدۇ. شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، خەلقئارا مۇناسىۋەتمۇ مىللىي دۆلەتنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتى بىلەن باغلىنىپ كېتىدۇ ـ دە، يەنە يېڭى، ئالاھىدە كونكرېت بىرلىشىش شەكلىنى روياپقا چىقىرىدۇ. نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان ئەلدە شەكىللەنگەن ئىدېئولوگىيە تەرەققىي تاپمىغان دۆلەتكە تارقالغان ھامان يۇقىرقىدەك بىرلىشىش شەكلىنىڭ مەزكۇر دۆلەتكە كۆرسىتىدىغان رولىغا تەسىر قىلىدۇ[1].

خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچكى كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق مۇناسىۋەت ھەرقايسى دۆلەتتە تۇرلۇك رايونلارنىڭ بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە تۇرلۇك كۈچ نىسبىتىنىڭ بولغانلىقى سەۋەبلىك ئىنتايىن مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ.

(3) ھەربىي كۈچ نىسبىتى. بۇ ھەر دائىم بىۋاستە بەلگىلەش قىممىتىگە ئىگە. (تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ئىككىنچى باسقۇچنىڭ مۇرەسسەسى ئارقىلىق بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى باسقۇچ ئارىسىدا تەۋرىنىپ تۇرىدۇ). ئەمما، بۇ باسقۇچمۇ نوقۇل ئەمەسكى، بىۋاستە تەبىر بىلەن كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە مۇنداق ئىككى دەرىجە بار: بىرى، مۇنتىزىم تېخنىكا ـ ھەربىي مەزمۇندىكى ھەربىي دەرىجە، يەنە بىرى سىياسىي ـ ھەربىي دەرىجە. تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا بۇ ئىككى دەرىجىدە ئەڭ كۆپ خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. بىر دۆلەتنىڭ ئەشۇ دۆلەتتىكى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغۇچى مىللەتلەرگە ھەربىي بې-

① دىن دۆلەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىدېئولوگىيە — سىياسىي بىرىكمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىر ئامىل، باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلارمۇ شۇنداق.



سىم يۈرگۈزۈشى بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. بۇنداق مۇناسىۋەت نوقۇل ھەربىي مۇناسىۋەت بولماستىن، بەلكى سىياسىي - ھەربىي مۇناسىۋەت بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئېزىلىۋاتقان مىللەتلەر بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرمىغان بولسا، ئۇ خىل ئېزىش شەكلىنىڭ ئۈنۈمىگە بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ، يەنە بىرلا ۋاقىتتا ھەربىي كۈچ ۋە سىياسىي - ھەربىي كۈچ مۇناسىۋىتىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئېزىلىۋاتقان مىللەتلەر مۇستەقىللىق كۈرىشىنى قانات يايدۇرماقچى بولىدىكەن، ئۇلار ھۆكۈمران دۆلەتنىڭ ئۇلارنىڭ مۇنتىزىم قىسىم تەشكىللىشىگە قوشۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. (لېكىن مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئىچىدە سىياسىي - ھەربىي جەھەتتىكى كۈرەشلەرنىڭ غەلىبىسى قولغا كېلىپ بولغان بولۇشى كېرەك.) دېمەك، ئېزىلىۋاتقان مىللەتلەر دەسلەپتە سىياسىي - ھەربىي كۈچكە تايىنىپ ھۆكۈمران دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچى بىلەن ئېلىشىشى كېرەك، ئۇلار قوللانغان سىياسىي تەدبىرنىڭ ئۈنۈمى مۇئەييەن دەرىجىدە ئارمىيە خاراكتېرىدىكى ئۈنۈمگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ بۇ گېپىمىز مۇنداق مەنىگە ئىگە: بىرىنچىدىن، ھۆكۈمران دۆلەتنىڭ دىكتاتورا كۈچىنى ئىچكى جەھەتتىن ۋەيران قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەربىي كۈچىنى كەڭ دائىرىدە تارقىلىشقا مەجبۇر قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇرۇش ئىقتىدارىنى پايدىسىز ھالغا كەلتۈرۈش، ئىتالىيە گۈللىنىش ھەرىكىتى مەزگىلىدە، سىياسىي - ھەربىي رەھبەرلىك كۈچى كام بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەرىكەت پارتىيەسى (مازۇنى قۇرغان بۇرژۇئازىيە دېموكراتىك پارتىيەسى) كۆپ تالاپەتكە ئۇچرىغان ئىدى. بۇ ھال 1848 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى پېيمىنتنىڭ مۆتىدىل پارتىيەسىدىمۇ كۆرۈلگەن ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ

قابىلىيەتسىزلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئىقتىساد ۋە سىياسىي جە-
ھەتتىكى مالىتوسچىلىقتىن كېلىپ چىققان. مۇنداقچە ئېيت-
قاندا، ئۇلار يەر ئىسلاھاتى مۇمكىنچىلىكىنى ئويلىمىغان، مەم-
لىكەتلىك قانۇن مەجلىسى ئېچىشنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمى-
غان. ئۇ پەقەت يەرلىك قوللاشلارغا تايىنىپ، خەلقنىڭ ھىمايىسى
ۋە چەكلىنىشىدىن خالىي بولغان پېيمىنت ھۆكۈمرانلىقىنى پۈتۈن
ئىتالىيەگە يايماقچى بولغان.

يۇقىرىقىلارغا ئالاقىدار مۇنداق بىر مەسىلىمۇ بار: ئىقتىسا-
دىي كىرىزىس تارىخىي كىرىزىسنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبىمۇ ئەمەس-
مۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ئالدىنقى بىرنەچچە باسقۇچتا بار ئىدى، بىز
مۇھاكىمە قىلغان مەسىلىلەر ھازىرقى مۇشۇ مەسىلىنىڭ باشقى-
چە تەرزىدە قەيت قىلىنىشى ئىدى. مائارىپ ئېھتىياجى، شۇنىڭ-
دەك ئۆزىمىز يۈزلىنىۋاتقان كونكرېت ئاۋامنى كۆزدە تۇتقاندا،
ئوخشاش بىر مەسىلىنىڭ تۈرلۈك تەرىزدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇش
زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى تەكشۈرۈشىمىز كېرەك. بىز ئۇلارنى
مۇستەقىل، يېڭى مەسىلىلەر سۈپىتىدە كۆرۈشىمىز كېرەك.
ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ بىۋاسىتە ھالدا تارىخىي ۋەقە كەلتۈرۈپ
چىقىرىدىغان مۇمكىنچىلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بو-
لىدۇ. ئىقتىسادىي كىرىزىس تېخىمۇ پايدىلىق مۇھىت ھازىرلاپ،
مەلۇم ئىدىيەنى تارقىتىش، دۆلەت ھاياتىنىڭ كەلگۈسى تەرەققى-
ياتىغا ئالاقىدار مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە، كىرىزىس ۋە گۈللىنىش مەزگىلىدىكى ھەرقانداق
ھۆكۈملەر يۈزەكى بولىدۇ. چاكىنا تارىخشۇناسلار ھەمىشە ئىق-
تىسادىي كىرىزىس بىلەن ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇق ئوتتۇرىسىدىكى
بۆلۈنۈشتىن مەلۇم ماس كېلىشنى بايقايدۇ. ئەكسىچە، ماتىيا
فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ تارىخىنى ئەسلىگەندە، 1789 - يىلى-



لىرىدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋال بىر مەزگىل يامان ئەمەس ئىدى دېگەن يەكۈننى چىقارغان. روشەنكى، دۆلەتنىڭ گۇمران بولۇشى-نى ھەرگىزمۇ نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان كىرىزىستىن كۆرگىلى بولمايدۇ. كۆرمەك لازىمكى، ئەينى دەۋردە دۆلەت ئېغىر مالىيە كىرىزىسىغا پاتقانىدى، بۇنىڭدىن ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئۈچ تەبىقىدە كىملەر قۇربان بەرگەندە دۆلەتنىڭ مالىيە تەرتىپىنى قايتا قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلە كېلىپ چىققان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى ئۆرلەۋاتقان بولسىمۇ، ئاددىي پۇقرالارنىڭ ھالى ناچار ئى-دى. يەرلىك نامراتلىقنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتقانلار تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. ئومۇمەن، كۈچ مۇناسىۋىتى شۇنىڭ ئۈچۈن يىمىرىلىدۇ-كى، ئۇ تەڭپۇڭلۇقنى ئەتەي بۇزماقچى بولغانلار پەيدا قىلغان نامراتلىقتىن بولىدۇ. ئۇ ئىقتىساددىن يۇقىرى تۇرغان توقۇنۇش دائىرىسىدە يۈز بېرىدۇ، ئۇ ھەرقايسى تەبىقىلەرنىڭ ئابرۇيىغا (كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە)، مۇستەقىللىق كۈرە-شىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئىقتىسادنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى يېڭى تارىخىي رېئاللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىل بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوخشاشمىغان كۈچلەر نىسبىتى مەسىلىسىنىڭ بىر تەرىپىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۆزگىرىش شۇنىڭ ئۈچۈن كې-لىپ چىقىدۇكى، مۇئەييەن قارىمۇ قارشى گۇرۇھلارنىڭ ئۆز مەن-پەئەتىگە چوغ تارتىشى نىسبەتەن ئەۋزەل ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە تەھدىت شەكىللەندۇرگەن بولۇشى مۇمكىن ياكى ئىقتىساد چې-دىغۇسىز دەرىجىدە ناچارلىشىپ، كونا جەمئىيەتتىكى بىرەر كۈچنىڭ بۇ ئەھۋالنى قانۇن ئاساسىدا ئوڭشاپ كېتىشكە مۇمكىن بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇنداق تۇرلۇك ئامىللارنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي كۈچ نىسبىتىنىڭ





مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىشىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. مانا مۇشۇ
ئاساستا ئىجتىمائىي كۈچ نىسبىتى سىياسىي كۈچ نىسبىتىگە
ئايلىنىپ، ئاخىردا قارار قىلىش رولىغا ئىگە ھەربىي كۈچ نىس-
بىتىگە ئۆتىدۇ.

بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا ئۆتىدىغان بۇ خىل تە-
رەققىيات جەريانى بولمايدىكەن (ئەمەلىيەتتە، بۇ كىشىلەر ئۆزلە-
رىنىڭ ئىرادىسى ۋە ئىقتىدارىغا تايىنىپ پائالىيەتچىگە ئايلىنى-
دىغان جەريان) ۋەزىيەتمۇ ئۆزگەرمىگەن بولاتتى. بۇ يەردە بىر -
بىرىگە قارشى بولغان مۇنداق ئىككى خىل نەتىجە كېلىپ چىقى-
دۇ: بىر بولسا ئەسلىدىكى كونا جەمئىيەت جاھىللارچە قارشىلىق
قىلىپ، قارشى كۈچلەرنىڭ سەرخىللىرىنى يوقۇتىدۇ ھەم ئۇلار-
نىڭ ئارقا سېپى بولغان خەلق ئاممىسىغا تېررورىستىك ھۆ-
كۈمرانلىقنى يۈرگۈزىدۇ، بۇ ئارقىلىق دەم ئېلىۋېلىش پۇرسى-
تىنى قولغا كەلتۈرىدۇ؛ بىر بولسا ھەرقايسى قارشى كۈچلەر بىر -
بىرىنى يىمىرىپ، چەتئەل كۈچلىرىنىڭ ھىمايىسىگە تايىنىپ،
ئۆلۈكتەك بۇرۇقتۇرما، تىنچلىق ۋەزىيىتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ.

كۈچ نىسبىتى توغرىسىدىكى ھەرقانداق كونكرېت مۇھاكى-
مىدە بىز مۇنداق قاراشنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولىمىز: مۇھا-
كىمە مەقسىتىنىڭ ئۆزىگە ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك، بەلكى
مۇھاكىمىنىڭ ئۆزى ئەمەلىي پائالىيەت ۋە ئىرادىنىڭ ئاكتىپلى-
قى ئۈچۈن ئاقلاشقا ئايلانغاندىلا ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. مۇھا-
كىملەر قارشىلىق كۈچلىرىنىڭ ئاجىز ھالقىلىرىنى كۆرسى-
تىپ بېرىدۇ، بۇ ھالقىلاردا ئىرادىنىڭ كۈچى ئەڭ ئۈنۈملۈك
ئىشقا سېلىنىدۇ. ئۇلار يەنە نۆۋەتتىكى ئىستراتېگىيەلىك ھە-
رىكەت پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلار سىياسىي قوزغى-
تىشنىڭ زەربىسىنى قانداق قانات يايدۇرۇش كېرەكلىكىنى، ئام-





ما ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان يولنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسى-
تىدۇ. ۋەزىيەتكە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەربىر ئا-
مىل ئىزچىل تەشكىللىنىپ ۋە توپلىنىپ كېلىۋاتقان ئاشۇ
كۈچلەردۇركى، كىشىلەر ۋەزىيەتنى ئۆزىگە پايدىلىق دەپ قارى-
غاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ كۈچلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ (مەۋجۇت
كۈچ كۈرەش قىزغىنلىقىغا ئايلانغاندا، ۋەزىيەت پايدىلىق بولى-
دۇ.) شۇڭا، تۈپ ۋەزىيە ئاشۇ كۈچنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە تە-
رەققىياتىغا رەتلىك ھەم ئۇزۇن ۋاقىت كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ
سۈپەتلىك، قەتئىي ۋە ئاڭلىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن
ئىبارەت. ھەربىي ئىشلار تارىخىدا ۋە باشقا چاغلاردا ھەربىي
كۈچنىڭ ھەمىشە تەييار تۇرىدىغان، چاقىرغان ھامان جەڭگە ئات-
لىنالايدىغان ئاكتىپلىقى بۇ نۇقتىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. چوڭ دۆ-
لەتنىڭ چوڭلۇقى شۇ يەردىكى، ئۇ ھەمىشە پايدىلىق خەلقئارا
ۋەزىيەتكە ئۇنۇملۇك ئارىلىشالايدۇ؛ ۋەزىيەت شۇنىڭ ئۈچۈن پاي-
دىلىقكى، ئۇلارغا نىسبەتەن راۋرۇس قول تىقالايدىغان پايدىلىق
ئىمكانىيەت مەۋجۇد.







## كىرىزىس دەۋرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدىكى قاراشلار

ئىجتىمائىي گۇرۇھلار مەلۇم مەزگىللەردە ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى پارتىيەسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئالاھىدە تەشكىلىي فورمىغا ئىگە ئەنئەنىۋى پارتىيە ۋە بۇ پارتىيەنى قۇرۇپ چىققان، پارتىيەگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، پاتىيەگە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئالاھىدە كىشىلەر ئۆز تەبىقىلىرى تەرىپىدىن بىزنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىمىز دەپ قارىمايدىغان ۋاقىتلار بولىدۇ. بۇنداق كىرىزىس يۈز بەرگەن ھامان، ۋەزىيەت ئىنتايىن نازۇك ۋە خەتەرلىك بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، قورال كۈچىگە تايىنىپ مەسىلىنى ھەل قىلىش، كارىسماتىك شەكىلدىكى (مۇقەددەس يوسۇندا) «خۇدا يولىدا خەيرلىك ئىش تۇتقۇچىلار» ۋەكىللىكىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنىڭ پائالىيىتى ئۈچۈن سەھنە ھازىرلاپ بەرگەن بولىدۇ.

«ۋەكىللەر بىلەن ۋەكىللەندۈرۈلگۈچىلەر» ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىق ۋەزىيىتى پارتىيە گۇرۇھلار ساھەسىدىن پۈتكۈل دۆلەت ئورگىنىغا قەدەر ئەكس ئېتىدۇ. ئۇلار بىيۇروكراتلار (ئەلىمى ۋە قەلىمى)نى، پۇل - مۇئامىلە ئورۇنلىرىنى، دىنى جەمئىيەتلەرنى، ئاۋامنىڭ پىكىر ئېقىملىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان ئور-



گانلارنىڭ ئىسپىي ھوقۇقىنى كۈچەيتىدۇ. بۇ ھال قانداق كېلىپ چىققان؟ جەريان دۆلەتلەرگە بېقىپ پەرقلىق بولسىمۇ، مەزمۇن ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇ مەزمۇن دەل ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى كىرىزىسىدۇر. كىرىزىسنىڭ يۈز بېرىشى بىر بولسا ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ مەلۇم چوڭ سىياسىي ئىشىنىڭ ۋەيران بولۇشىدىن بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمرانلار خەلقنىڭ ماقۇللۇقىنى زورلۇق كۈچ ئارقىلىق مەجبۇرىي قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن. يەنە بىر بولسا زور تۈركۈمدىكى ئاممىۋى (دېھقانلار ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيالىلىرى) سىياسىي جەھەتتىكى پاسسىپلىقتىن ئاكتىپلىققا ئۆزگىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئىشان ئانورگانىك گەۋدە سۈپىتىدە ئىنقىلابنى شەكىللەندۈرىدۇ. كىشىلەر ئېيتقان «نوپۇز كىرىزىسى» ئەمەلىيەتتە رەھبەرلىك ھوقۇقى كىرىزىسى بولۇپ، ئۇ دۆلەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك كىرىزىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كىرىزىس شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىر مەزگىللىك خەتەرلىك ۋەزىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، چۈنكى ھەرقايسى تەبىقىلەرنىڭ ئىشان بايقاش، ماس قەدەمدە تەشكىللىنىش جەھەتتىكى ئىقتىدارى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەنئەنىۋى ھۆكۈمرانلار چېنىققان كادىرلار قوشۇنىغا ئىگە بولغان بولىدۇ، ئۇلار خادىملىرى ۋە پىروگراممىلىرىنى دەرھال ئۆزگەرتىپ، بىقىندى تەبىقىلەر (سىنىپلار) بەس كېلەلمەيدىغان سۈرئەتتە بۇرۇن قولدىن بېرىپ قويغان ئىرسىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالالايدۇ. ھۆكۈمرانلار بەزى بەدەللەرنى تۆلەش ئارقىلىق، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى نامەلۇم كەلگۈسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ھالغا چۈشۈرىدۇ. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ھۆكۈمرانلار ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالىدۇ، قىسقا

ۋاقىتتا ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ، رەقىبلىرىنى باستۇرد-
دۇ، قارشى تەرەپنىڭ رەھبىرى ئەزالىرىنى پارچىلايدۇ، چۈنكى
ئۇلار ئاز ھەم مۇنتىزىم تەربىيە كۆرمىگەچكە، يىمىرىش ئاسان
بولىدۇ. نۇرغۇن پارتىيەلەرنىڭ ھاياتى كۈچى پۈتۈن سىنىپنىڭ
مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىرلىككە كەلگەن پارتىيەنىڭ
بايرىقى ئاستىغا جۈغلىنىدۇ. ئۆزگىرىشنىڭ رىتىمى شۇ قەدەر
تېزكى، تېنچ مەزگىللەرنى كۆزدە تۇتقاندا، تەسەۋۋۇرغا سىغماي-
دىغان بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئورگانىك نورماللىق بولۇپ ساند-
ىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەرقايسىسى ئىجتىمائىي گۇرۇھلار بىر-
لىككە كەلگەن رەھبەرلىكنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا بىر گەۋدىگە ئاي-
لىنىپ، رەھبەرلىكنىڭ بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، خە-
تەرنى يېڭىشكە ئىشىنىدىغان بولىدۇ.

بۇنداق ھادىسىلەر پارتىيەگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم بىر مە-
سىلىگە باغلىنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ پارتىيەنىڭ ئادەت كۈچلىرىگە،
قاتاللىقىغا، قالاقلىقىغا تاقابىل تۇرالىغۇدەك مادارى بارمۇ -
يوق دېگەن مەسىلە. پارتىيەنىڭ ۋەزىيەتكە ئەگىشىپ ۋۇجۇدقا
كېلىشى ۋە تەشكىلات بولۇپ شەكىللىنىشى ئۆز سىنىپىنىڭ
(تەبىقىسىنىڭ) تارىخىي تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان پەيىتلەردە ۋە-
زىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈندۇر. بىر پارتىيەنىڭ ھەر-
قانداق ئەھۋالدا يېڭى دەۋر ۋە يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشالىشى، دۆ-
لەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇرەككەپ كۈچ نىسبىتىنىڭ تەرەققى-
ياتىغا يېقىندىن ئەگىشىپ تەرەققىي قىلالىشى ناتايىن بولىدۇ.
پارتىيەنىڭ تەرەققىياتىنى تەھلىل قىلغاندا، بۇ پارتىيەگە تەۋە
ئىجتىمائىي گۇرۇھلار، ئاممىا، پارتىيە ئەمەلدارلىرى ۋە باش
ئىشتابتىن ئىبارەت بىرنەچچە تەرەپلەرنى پەرقلەندۈرۈپ تەھلىل
قىلىش كېرەك. بيۇروكراتلار (ئەمەلدارلار) ئەڭ خەتەرلىك ئادەت

كۆچى ۋە كونسېرۋاتىپ كۈچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر پارتىيە
ئاۋامدىن خالىي ھالدا ئۆز مەنپەئىتى بىلەن بولۇپ كېتىدىغان
مۇقىم نەرسىگە ئايلىنىپ قالسا، ئاخىرى قالاق ھالەتكە چۈشۈپ
قالىدۇ ـ دە، كەسكىن كرىزىس پەيتلىرىدە ئۆزىنىڭ ئىجتىما-
ئىي مەزمۇنىنى يوقۇتۇپ، قۇرۇق جازىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بىز
ناتسىزىمنىڭ كېڭىيىشى تۈپەيلى گېرمانىيەدىكى نۇرغۇن پارتى-
يەلەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆردۇق. فىرانسىيەدىكى پارتىيە-
لەرمۇ بىزنىڭ مۇشۇ خىل تەتقىقاتىمىزنىڭ گۆھەر زېمىنى:
فىرانسىيەدىكى پارتىيەلەر قالاقلىشىپ، فىرانسىيە تارىخىنىڭ
ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىكى تارىخىي ـ سىياسىي ۋەسىقىگە ئايلى-
لىنىپ قالدى، چۈنكى ئۇلار كونا گەپلەر بىلەن ئۆزىنى بېقىپ
كەلگەن ئىدى، گېرمانىيەدىكى پارتىيەلەرگە سېلىشتۇرغاندا
فىرانسىيەدىكى پارتىيەلەرنىڭ كرىزىسى تېخىمۇ ئاپەتلىك ئىدى.

يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى تەكشۈرگەندە، كىشىلەر ھەمىشە قە-
لىمى ۋە ئەلىمى بىيۇروكراتلارغا تېگىشلىك ئورۇن بېرىشنى
ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ. ئۇندىن باشقا، كىشىلەر مۇنداق ئە-
مەلىيەتنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويىدۇ: بۇنداق تەھلىللەر
ھەربىي ۋە بىيۇروكراتىك ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم
بولۇپلا قالماستىن، يەنە بەزى ئىجتىمائىي قاتلاملارنىمۇ ئۆز ئى-
چىگە ئېلىشى كېرەك. چۈنكى، ئالاھىدە بولغان ئۇنىۋېرسال دۆ-
لەت گەۋدىسىدە، بىيۇروكراتلار ئەنئەنە جەھەتتە ئاشۇ ئىجتىما-
ئىي قاتلاملاردىن تاللاپ چىقىلغان بولىدۇ. ئارمىيە ئوچۇق ـ
ئاشكارا ئارىلاشمىغان ئەھۋالدىمۇ سىياسىي پائالىيەت بەربىر
ھەربىي خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ چىقىشى مۇمكىن، ھۆكۈمەتمۇ
ھەربىي خاراكتېر ئالغان بولۇشى مۇمكىن. مۇئەييەن ۋەزىيەتتە،
ئارمىيەنى كۆز ـ كۆز قىلماسلىق، ئۇنى نېگىزلىك سىياسىي

ئىشلارغا ئارىلاشتۇرماسلىق ئاتالمىش مەنىدىكى ھەربىينى سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشتۇرماسلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، بەلكىم خاتا ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، شۇنداق قىلغاندا قارىماققا بىتەرەپ ھالەتنى ساقلاپ، گۇرۇھلار زىددىيىتىدىن ساقىت بولۇش ئاساسىدا، ئەمەلدارلار بىلەن ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىردەكلىكنى قوغداپ قالغىلى بولىدۇ. ئەمما، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دەل ئارمىيەنىڭ ئۆزى سەۋەبچى بولىدۇ ۋە ۋەزىيەتنى تېزگىنلەيدۇ. ئارمىيە ئاساسىي قانۇننى قايرىپ قويۇپ، سىياسىيغا قول تىقماسلىقى كېرەك دېگەن گەپلەر پۇت تېرەپ تۇرالمايدۇ، چۈنكى ئارمىيەنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاساسىي قانۇننى ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنغا ئالاقىدار ئورگانلىرىنى قوغداش. دېمەك، بىتەرەپلىك دېگىنىمىز قارشى تەرەپنى قوللاش مەنىسىگە ئىگە. مۇشۇ مەسىلىنى ئەستە تۇتقاندىلا، ئارمىيەنىڭ دۆلەتنى پارچىلىۋېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. باش ئىشتابنىڭ قارار چىقىرىش ھوقۇقىمۇ ئارمىيەنىڭ يىمىرىلىشى تۈپەيلىدىن قولدىن كەتمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ مۇتلەق قاراش ئەمەس. ئۇ تارىخ ۋە شارائىتقا قاراپ تۇرۇپ، تۇرلۇك مەنىگە ئىگە بولىدۇ.





## بيۇروكراتلار تەبىقىسى توغرىسىدا

1. سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي فورمىلارنىڭ تارىختىكى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئاخىرى «كەسپىي» تىپتىكى خادىملار شەكىللەندى، ئۇلار قەلەم ۋە ئەمەلگە دائىر باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ بىلىملىرى بىلەن تەربىيەلەنگەن ئىدى. بۇ ھال سىياسىي ئىلىم ۋە دۆلەتنىڭ قۇرۇلمىسىغا نىسبەتەن نېگىزلىك مەزمۇنغا ئىگە بولدى. بۇ مۇقەررەر ئىش بولدىمۇ ياكى نوقۇل لىبېرالىزىمچىلار ئېيتقاندەك ئاپتونومىيە[1](self - government)نىڭ چېكىنگەن شەكلىمۇ؟ ئەلۋەتتە، ئەمەلدارلار بارلىق جەمئىيەت ۋە دۆلەتكە نىسبەتەن قىيىن مەسىلە بولۇپ، ھەرقانداق جەمئىيەت ۋە دۆلەت بۇ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ھەل قىلىش شەكلىگە ئىگە. ئۇلار ئۆزلىرىگە خاس ئەمەلدار تاللاش تۈزۈملىرى ھەمدە لازىملىق ئەمەلدار تىپلىرىنى تەربىيەلەش تۈزۈملىرىگە ئىگە. بۇ ئامىللارنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر سېلىپ چىقىش ئىنتايىن مۇھىم. ئەمەلدارلار مەسىلىسى قىسمەن مەنىدە زىيالىلار

---

① ئاپتونومىيە (self - government) ئەڭ باشتا ئەنگلىيەدە پەيدا بولغان. ئۇ غەيرى ئانگلو ـ ساكسون ئەللىرىگە تارالغاندا ئۆزگىرىپ كەتكەن: يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت بيوگراتلىرى بىلەن بولغان كۈرەشتە ھاۋالە شەكلىدىكى بيوگراتلار ئورگىنى كېلىپ چىققان.

مەسىلىسى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ئەگەر بىز بارلىق يېڭى جەمئىيەت ۋە دۆلەت فورمىلىرىنى يېڭى تىپتىكى ئەمەلدارلارغا موھتاج دېسەك، يېڭى ھاكىمىيەت گۇرۇھى ھېچ بولمىغاندا بىر مەزگىل ئاشۇ ئەنئەنىۋى ھەم بېكىتىلىپ كەتكەن مەنپەئەتكە سەل قارىيالمايدۇ. بۇ دېگەنلىك شۇكى، يېڭى ھاكىمىيەت بۇرۇن مەۋجۇد بولغان ۋە قانۇن بېكىتكەن دىنىي، ھەربىي ئەمەلدارلار تۈزۈلمىسىگە ھەرگىز سەل قارىيالمايدۇ. جىسمانىي ئەمگەك ۋە ئەقلىي ئەمگەكنىڭ بىرلىشىشى، قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى بىلەن مەمۇرىي ھوقۇقنىڭ تېخىمۇ زىچ بىرىكىشى بىر ئىلھام مەنبەسى سۈپىتىدە ئەمەلدارلار ۋە زىيالىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا يېڭى ئۇسۇلنى تەمىن ئېتىشى مۇمكىن.

2. ئەمەلدارلار ۋە ئۇنىڭ «ئەڭ ياخشى» تەشكىللىنىش شەكلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئاتالمىش «ئورگانىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى» ۋە «دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى» ھەققىدىكى بەس ـ مۇنازىرىلەردۇر. بىز ئىقتىساد بىلەن سىياسىينىڭ رېئال مۇناسىۋىتىنى، ئۇلارنىڭ تەشكىلىي شەكلىنى، باغلىنىشىنى، فۇنكسىيەلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنى تەكشۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە دۆلەت ھاياتى (بىرلىككە كەلگەن دۆلەت شەكلى، فېدېراتسىيە، فېدېراتسىيەلىك دۆلەت بىرلەشمىسى، دۆلەتلەر فېدېراتسىيەسى ۋە فېدېراتسىيەلىك دۆلەت قاتارلىقلار)، دۆلەتلەر ئارا ھايات (بىرلەشمە، ئوخشىمىغان شەكىلدىكى خەلقئارا سىياسىي ئەندىزە)، سىياسىي كۇلتۇر ئۇيۇشمىلىرى (دىنىي جەمئىيەت، ساخاۋەت جەمئىيىتى، كاتولىك جەمئىيىتى) ھاياتى ھەمدە ئىقتىسادىي بىرلەشمە (كاتېل، توراس) ھاياتى قاتارلىقلار بار.





بۇرۇن (1914 ـ يىلىدىن ئىلگىرى) گېرمانىيەلىكلەرنىڭ ئېسىل كۈلتۈرەل ھايات ۋە مەلۇم خەلقئارا سىياسىي كۈچ جەھەتتىكى تىزگىن ئورنى توغرىسىدا مۇنازىرىلەر بولغان. ئۇنداقتا، زادى مۇشۇنداق تىزگىن ئورۇن مەۋجۇدمۇ؟ مەۋجۇد بولسا قەيەردە؟ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى: ① بۇ خىل ئۈستۈنلۈكنى ساقلاپ قالىدىغان ھېچقانداق ئورگاننىڭ، ئىنتىزامى رىشتە مەۋجۇد ئەمەس، شۇڭا بۇ خىل ئۈستۈنلۈك پەقەت ئابستراكت كۈلتۈر تەسىرى ۋە ئىشەنچىسىز ئابرۇيى جەھەتتىكى ھادىسىدۇر، خالاس. ② بۇنداق تەسىر ئەمەلىي پائالىيەتكە ئالاقىسىز، ئەكسىچە، ئەمەلىي پائالىيەتمۇ پارچە ـ پۇرات، قىسمەن بولۇپ، ئورتاق نىشانغا ئىگە ئەمەس. قانداق تۈزۈم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھېچقانداق مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. بەلكىم، ئاز ساندىكى زىيالىلار بۇنداق تەسىرنى ھېس قىلار، ئەمما ئۇلارنى خەلق ئاممىسىغا باغلاپ تۇرىدىغان رىشتە كەمچىل. بۇ شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن...



## جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە سىياسىي

جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ گۈللىنىشى سىياسىي بىلەن سىياسىي ماھارەتنىڭ 19 - ئەسىردىكى خارابلىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى ھەقىقىي مۇھىم نەرسە بەرىبىر سىياسىي ئىلىمدۇر. «سىياسەت» پارلامېنت سىياسىتى ياكى خۇسۇسىي گۇرۇھلار سىياسىتى دېگەن گەپكە باراۋەردۇر. كىشىلەر ئاساسىي قانۇن ۋە پارلامېنتتا ئەگىشىپ، «تەبىئىي تەدرىجىي تەرەققىيات» كېلىپ چىقتى، جەمئىيەت شەكىلسىز بىر ئاساسقا ئېرىشتى، دەپ ئىشەندى. شۇنداق قىلىپ، ئادەملەر تەبىئىي پەن مېتودلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتنى تەتقىق قىلالايدىغان بولدى. نەتىجىدە، دۆلەت ئۇقۇمىنىڭ نامراتلىقى كېلىپ چىقتى. ئەگەر سىياسىي دۆلەت ھەققىدىكى تەلىمات بولىدىغان بولسا، دۆلەتمۇ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئاقلايدىغان ۋە ساقلايدىغان، مەھكۇملارنىڭ ئۆزى خالاپ قوشۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرىدىغان ئەمەلىيەت ۋە نەزەرىيە پائالىيىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال گەۋدىسىدىن ئىبارەت بولىدىغان بولسا، جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى تۈپ مەسىلىمۇ سىياسىيدىن ئىبارەت بولۇپ چىقىدۇ. ئەگەر جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە بار دېيىلسە، ئۇ تامامەن قىممىتى يوق

نەرسىلەردۇر. بىز بۇخارىن تەكىتلىگەن مەسىلىنى كىشىلەرنىڭ سەمىگە سالىمىز. بۇ مەسىلە سىياسىينى ئەمەلىيەت پەلسەپىسى بىلەن بىللە قويغاندا، قانداق مۇناسىۋەت كېلىپ چىقىدۇ؟ ئىككىسى ئىككى خىل ئىشمۇ ياكى سىياسىي تېخىمۇ كەڭ دۇنيا قاراش ياكى تېخىمۇ ئۇزۇل - كېسىل مەنىگە ئىگە بولۇپ كەلتۈرۈپ چىقىرىلغانمۇ، ئۇ تەجرىبە ياكى ئەمەلىيەت ھەققىدىكى پىرىنسىپمۇ، بۇ يەردىكى پەلسەپە سىياسىيدىن كېلىپ چىققان ئاشۇ ئۇقۇم ۋە كاتېگورىيەلەردىن تۈزۈلگەن ئىلىمدىن ئىبارەتمۇ دېگەندەك بىر قاتار مەسىلىلەردۇر.

ئەگەر بىز ئادەمنى تارىخ تەرىپىدىن بەلگىلەندى، مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىساق، ئۇنداقتا، بىز جەمئىيەتشۇناسلىقنى ئادەملەرنى چەكلەپ تۇرىدىغان شارائىت ۋە قانۇنلارنى تەتقىق قىلىدۇ دېسەك بولامدۇ؟ بىز ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ۋە سۇبيېكتىپلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتەلمىگەن ئىكەنمىز، ئۇنداقتا، نوقۇل يۇقىرقىدەك قاراش خاتا بولىدۇ. «پەن» دېگەن زادى نېمە دېگەن مۇشكۇل مەسىلىنى ئالدىمىزغا قويۇپ باقايلى. پەن ئادەمنى ئۆزگەرتىپ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان قىلدى دېگەن نۇقتا بويىچە قارىغاندا، بۇ يەردىكى «پەن» «سىياسىي ھەرىكەت» ياكى سىياسىي ئىدىيەنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟ ھەممە نەرسە سىياسىي بولغان كونا ئىبارىلەرنى تەكرارلاشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يېڭى ئۇقۇم ئارقىلىق مۇنداق ئىككى سىياسىينى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرىشىمىز كېرەك: بىرى، پەلسەپە دەپ ئاتىلىپ كەلگەن پەن؛ يەنە بىرى، مۇنتىزىم مەنىدىكى سىياسىي ئىلىمنىڭ ئۆزىدۇر. ئەگەر پەن بۇرۇن بىلىنمىگەن رېئاللىقنى بايقاشتىن ئىبارەت بولسا، ئۇنداقتا، بىز بۇ رېئاللىقنى تەجرىبىدىن

ھالقىغان رېئاللىق دېسەك بولامدۇ؟ بىز بىلىنمىگەن ۋە تەجرىبىدىن ھالقىغان شەيئى مەۋجۇد دەپ قارىساق بولامدۇ؟ يارىتىلغان پەن ئۇقۇملىرى سىياسىي ئەمەسمۇ؟ بۇ يەنە بۇ ئۇقۇملار خالىغانچە كەلتۈرۈپ چىقىرىلغانمۇ ياكى ئەقلى ۋە مەنپەئەلىكمۇ دېگەن مەسىلىگە باغلىق. چۈنكى، ئۇ تۇرمۇش ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرىمىزنى كېڭەيتىدۇ ھەم تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.







## رەھبەرلىك ھوقۇقى ۋە ھوقۇقنى تارقاقلاشتۇرۇش

ھوقۇقنى تارقاقلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەر ھەممىدە ھوقۇقنى تارقاقلاشتۇرۇشقا ئەگىشىپ كېلىپ چىققان قانۇنىي نەزەرىيەلەرنىڭ ھەممىسى، ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتىكى پۇقرالار جەمئىيىتى بىلەن سىياسىي جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ مەھسۇلى. بۇ تارىخىي شارائىت مۇئەييەن تۇراقسىز سىنىپىي مۇۋازىنەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ مەلۇم تىپتىكى زىيالىلارنىڭ كونا ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ بوغۇشىغا ناھايىتى كۆپ ئۇچرىشىغا باغلىق بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا كىروچى ئېيتقان «دىنىي جەمئىيەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈلۈك توقۇنۇش» پەيدا بولىدۇ. بۇ يەردىكى «دىنىي جەمئىيەت»نى پۇقرالار جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق گەۋدىسىگە ۋەكىل قىلىشقا بولىدۇ. دۆلەت بولسا مۇئەييەن ئالاھىدە تەرەققىيات باسقۇچىدا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگەرمەي تۇرۇشىغا بولغان ئارزۇ - ئىستەكنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئۆزىلا دۆلەتكە ئايلىنالايدۇ، يۇقىرىدىكى توقۇنۇش، ئىلمانىي (دىنسىزلانغان) بولغان ياكى ئىلمانىيلىشىۋاتقان پۇقرالار جەمئىيىتى بىلەن دۆلەت - دىنىي جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدۇ (بۇ ۋاقىتتىكى دىنىي




جەمئىيەت دۆلەتنىڭ تەشكىلى قىسمىغا ئايلىنىپ بولغان بو-
لۇپ، مەلۇم ئىمتىيازلىق گۇرۇھلار كونترولىدىكى دىنىي جەم-
ئىيەتنىڭ تەركىبىگە ئايلىنىدۇ، دىنىي جەمئىيەت ۋەكىللىكىدى-
كى ئاشۇ پۇقرالار جەمئىيىتىنىڭ ياردىمىدە ئۆزىنىڭ مونوپوللى-
قىنى قوغدىماقچى بولىدۇ.)

سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي لىبېرالىزمغا نىسبەتەن ئېيت-
قاندا، ھوقۇقنى تارقاقلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى مۇنداق يەردە:
ھەرقانداق لىبېرال ئىدېئولوگىيە ئۆزىنىڭ كۈچى ۋە ئاجىزلىقى-
نى قوينىغا ئالغان ھالدا ھوقۇقنى تارقاقلاشتۇرۇش پىرىنسى-
پىدا خۇلاسىلىنىدۇ. شۇڭا، لىبېرالىزمنىڭ ئاجىزلىقى تېخىمۇ
ئاشكارىلىنىدۇ، يەنى بىيۇروكراتلار پەيدا بولۇپ، ھوقۇق يۇرگۇ-
زىدۇ - دە، ھامان بىركۈنى دەرىجە جەمئىيىتى (سىنىپ جەم-
ئىيەت) كېلىپ چىقىدۇ. نەتىجىدە، خەلقتە قايتا سايلام ئۆتكۈ-
زۈش تەلىپى پەيدا بولىدۇ، بۇ تەلەپ ئۆز نۆۋىتىدە رادىكاللىبېرا-
لىزىم تۈسىگە كىرىدۇ، لىبېرالىزىمنىڭ ئۆزىمۇ بەرباد بولىدۇ.

هوقۇق تارقاقلاشتۇرۇلغان شارائىتتىكى دۆلەتنىڭ بىرلىكى
مۇنداق بولىدۇ: پارلامېنت (دۆلەت مەجلىسى) پۇقرالار جەمئىيە-
تىگە بەكرەك تايىنىدۇ، ئەدلىيە ھوقۇقى ھۆكۈمەت بىلەن پارلا-
مېنت ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، قانۇننى ئىزچىللاشتۇرىدۇ (ھەتتا
ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرالايدۇ.) ئەلۋەتتە، بۇ ئۈچ ھوقۇقنىڭ
ھەممىسى سىياسىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنىڭ ئەزالىرى بولۇپ،
پەقەت قاتلىمى ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ تەرتىپى: ① پارلامېنت؛
② ئەدلىيە؛ ③ ھۆكۈمەت. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، سوتنىڭ
ئادالەتسىزلىكى ئاۋامدا ئىنتايىن ناچار بولغان تەسىراتنى پەيدا
قىلىدۇكى، رەھبەرلىك ھوقۇقى ئاپپاراتى بۇ جەھەتتە ناھايىتى
سەزگۈر بولۇپ، ساقچى ۋە مەمۇرىيەتنىڭ ئۆكتەملىك قىلمىش-
لىرىدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك بولىدۇ.





## قانۇن نۇقتىئىنەزىرى

قانۇن نۇقتىئىنەزىرى ئۆزۈل - كېسىل يېڭىلىنىشى كې-رەك. بىر پۈتۈنلۈك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇرۇن مەۋجۇد بول-غان تەلىماتلاردىن بۇنداق يېڭىلىققا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئەگەر دۆلەت مۇئەييەن مەدەنىيەت ۋە پۇقرانى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ساقلاپ، يېڭى ۋەزىيەت بەرپا قىلماقچى بولىدىكەن، بۇ جەھەتتە قانۇن مۇھىم قورالدۇر. پەقەت مۇشۇنداق قانۇنلا نىشانغا ماسلى-شالايدۇ، ئاكتىپ ئاقىۋەتكە ئۇنۇملۇك مەسئۇل بولالايدۇ.

قانۇن نۇقتىئىنەزىرى بارلىق تەجرىبىدىن ھالقىغان تەر-كىبلەر ۋە مۇتلەقلىقتىن ساقىت بولۇشى كېرەك، يەنى ئۇ بار-لىق ئەخلاقىي مەستانىلىقتىن قۇتۇلۇشى كېرەك. بىراق دۆلەت جازالاشنى مەقسەت قىلماي، خەۋپكە قارشى كۆرەش قىلىدىغان مەۋقەدە بولۇشى كېرەك. دۆلەتنى بىر مائارىپچى سۈپىتىدە كۆ-رۈش مۇۋاپىقتۇر، چۈنكى دۆلەتنىڭ نىشانى يېڭى بىر مەدەنىيەت-نى بەرپا قىلىشتۇر. دۆلەت تۈپ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئىقتى-سادقا قارىتا رول ئويناپ، ئىقتىساد ماشىنىسىنى قايتا تۈزىدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي بازىسىنى ئىسلاھ قىلىدۇ. ئەمما بىز بۇنىڭدىن ئۈستىقۇرۇلمىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسە بولىدۇ دېگەن خۇلاسىگە كېلەلمەيمىز. ئۈستىقۇرۇلما ساھەسىدە





دۆلەت ئوخشاشلا ھەقىقىيلەشتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش قورا-
لى بولىدۇ. بۇ پىلانلىق ھالدا خىزمەت قىلىدۇ، ئىلھاملاندۇرىدۇ،
كۈشكۈرتىدۇ ۋە جازالايدۇ. بىز مۇئەييەن تۇرمۇش شەكلىنى
ياراتقان ئىكەنمىز، جىنايەت ۋە سەۋەنلىكنى ئەخلاقىي مەنىدىكى
جازالاشنىمۇ قوبۇل قىلىشىمىز كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى
خەۋپ مەنىسىدە سوتلاش بىلەن كۇپايىلىنىپ قالساق بولمايدۇ.
قانۇن دېگىنىمىز دۆلەت تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان ئاكتىپ مە-
دەنىي پائالىيەتنىڭ ئىچىدىكى باستۇرۇش خاراكتېرلىك پاسسىپ
تەرەپتۇر. مەسىلەن، شەخس ۋە كوللېكتىپنى مۇكاپاتلاش قانۇنىي
تەرتىپ ئىچىگە كىرىشى كېرەك. جازالاشمۇ شۇنداق. (جازالاشمۇ
ئاۋام پىكىرلىرىنىڭ رولى ئارقىلىق يۇرگۈزۈلۈشى لازىم.)



كىتاب ئىسمى: ھۆكۈمدارلار دەستۇرى
ئاپتورى: نىكولو ماكياۋىللى [ئىتالىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇقادىر جالالىدىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: جاسارەت غوپۇر
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلنۇر ئابدۇراخمان
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى
پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 7 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830011
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 1230 × 880 م م 1/32
باسما تاۋىقى: 8.5
نەشرى: 2011 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2013 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-972-0
باھاسى: 30.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

خەتتات: ئەرشىدىن رىشت راشىد



جۇڭگو - چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش

ISBN 978-7-80744-972-0

9 787807 449720 >

定价: 30.00元